# مۇندەرىجە

ئۇستاز سەييىد قۇتۇپ ھەققىدە ........................................ 2
كىرىش سۆز ........................................ 3
قۇرئان يېتىشتۈرگەن بىر ئەۋلاد قەھرىمانلار ........................................ 12
قۇرئان ئوچۇق كۆرسەتكەن يولنىڭ ماھىيىتى ........................................ 22
ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ........................................ 53
ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش (كۆرەش قىلىش) ........................................ 65
لا الە الا اللە (بىر ئاللاھ دىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق) تۇرمۇش يولى ... 103
كائىناتنىڭ بۈيۈك قانۇنى ........................................ 122
ئىسلام- دەل مەدەنىيەت ........................................ 132
ئىسلام مەدەنىيەت قارىشى ........................................ 154
مۇسۇلماننىڭ تەۋەلىكى ۋە ئېتىقادى ........................................ 170
زور ئۆزگىرىش ........................................ 190
ئىمان - ئېتىقادنىڭ ئۈستۈنلىكى ........................................ 209
يول، بۇ يەردە ........................................ 222

# ئۇستاز سەييىد قۇتۇپ ھەققىدە

سەييىد قۇتۇپ 1906-يىلى مىسىرنىڭ جەنۇبىدىكى دىنىي ئېتىقاد قويۇق بولغان ئاسسىيوت ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان. ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى ياخشى، ئاتا-ئانىسى تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ قاھىرە تىل دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈردى. 1948-يىلى 8-ئايدىن 1950-يىلى 8-ئايغىچە ئامېرىكىدا ئوقۇپ، پىداگوگىكىنى تەتقىق قىلدى، ھەمدە غەرپنىڭ ماددى مەدەنىيلىكى، مەدەنىيەت ئىدىيىسى، ئەخلاقى، قىممەت قارىشى قاتارلىقلارنى بىۋاستە بېشىدىن كۆچۈردى ھەم ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى ئىنكار قىلىش پوزۇتسىيىسىدە بولدى. 1951-يىلى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىپ، ئۇيۇشما گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. 1954-يىلى قولغا ئېلىنىپ، 15 يىللىق ھۆكۈم كېسىلدى. كۆپ خىل ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللەرگە گىرىپتار بولغانلىقتىن، كۆپ ۋاقتىنى تۈرمىدىكى دوختۇرخانىدا ئۆتكۈزدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ نۇرغۇن ئىلمىي ماقالە ۋە ئەسەرلەرنى يېزىپ، تۇغقانلىرى ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىپ تۇردى. تۈرمىدا 10 يىل يېتىپ 1964-يىلى قويۇپ بېرىلدى. 1965-يىلى 8-ئايدا يەنە قولغا ئېلىنىپ، 1966-يىلى 8-ئايدا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، يەتتە كۈندىن كېيىن دارغا ئېسىلدى. سەييىد قۇتۇپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭ غايە يولىدا ئۆزىنى بېغىشلىغان «شەھىد» دەپ ئاتىدى. ئەسەرلىرى ۋە ئىدىيىسى تېخىمۇ تېز ۋە كەڭ تارقالدى. نۇرغۇن ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم نەشىر قىلىندى. «يول بەلگىسى»، «ئىسلام تەتقىقاتى»، « ئىسلامىيەت ۋە مەدەنىيلىك»، « ئىسلامىيەت بىلەن كاپىتالىزىمنىڭ كۈرىشى»، « ئىسلامىيەتنىڭ كەلگۈسى».« ئىسلامىيەت ۋە دۇنيا تىنىچلىقى»، «يەھۇدىلار بىلەن كۆرەش»، « ئىسلام جەمىيىتىدىكى ھەققانىيەت» قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

# كىرىش سۆز

ئىسلام «ئۇممىتىنىڭ» قايتا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بۈگۈنكى دۇنيا ئىنسانلىرى ھالاكەت گىردابىغا يېقىنلاپ قالدى، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ دەرھاللا ھالاك بولۇش تەھدىتىگە دۇچار بولغانلىقى ئەمەس، بۇ بىر كېسەللىك ئالامىتى، لېكىن كېسەل پەيدا قىلغۇچى يوق، ئەكسىچە ھالاكەت، «قىممەت قارىشى»نىڭ بەربات بولۇشىدىن كېلىپ چىققان. ئەسلىدە، ئىنسانىيەت تۇرمۇشى «قىممەت قارىشى»نىڭ ھامىيلىقى ۋە يېتەكچىلىكىدە ساغلام تەرەققىياتقا ۋە يۈكسىلىشكە ئېرىشەلەيتتى. بۇ نۇقتا، ئاللىقاچان قىممەت قارىشىنى يوقىتىپ قويغان ئىنسانىيەتنىڭ غەرب دۇنياسىدا ناھايىتى ئېنىق نامايان بولۇۋاتىدۇ. غەربچە دېموكراتىيە ۋەيران بولۇش گىردابىدا تۇرۇۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە «سوتسىيالىزم» نامى بىلەن شەرقنىڭ ھەربىي تۈزۈمى، بولۇپمۇ ئىقتىسادى تۈزۈمى ئىچىدىن ئاستا-ئاستا بىر نەرسىلەرنى ئىزدەشكە باشلىغان ۋاقىتتا، بۇ تۈزۈملەر ئىنسان قەلبىنىڭ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئەھمىيىتى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنى قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئىگە قىلالمىدى.

شەرق جەمئىيىتىنىڭ ئەسلى ئەھۋالىمۇ مۇشۇنداق. كوللېكتىۋىزملىق قاراش ۋە كوللېكتىۋىزم ئەمدىلا پەيدا بولۇشىغا، تۈمەنلىگەن قوللىغۇچىلىرىنى جەلب قىلدى، ھەمدە ئېتىقاد ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ماركسىزمنىڭ ۋەكىلى دەپ قارىلىپ، ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە يەنە بىر قېتىم ناھايىتى زور دەرىجىدە چېكىنىشكە باشلاپ، ئېتىقادى پرىنسىپ بىلەن چوڭقۇر پەرق قىلىدىغان «دۆلەت ۋە ئۇنىڭ تۈزۈمى» ئىچىگە قاپسىلىپ قالدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل نۇقتىئىنەزەر ئىنسانىيەتنىڭ تۇغما تەبىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئوخشىمىغان ئېھتىياجى بىلەن ئۆزئارا زىت كېلىدۇ، ئۇ پەقەت ئاللىقاچان چىرىپ كەتكەن ياكى تارىخ ئېقىنىدىكى ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا ئادەتلىنىپ كەتكەن مۇھىتتىلا تەرەققى قىلىدۇ. مۇشۇنداق مۇھىت بولغاندىمۇ،

ئۇنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان ماددىۋى مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادى ئاساسمۇ ئاستا-ئاستا يىمىرىلىدۇ. كوللىكتىۋىزملىق تۈزۈمدە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقى (هازىرقى مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى) نى مىسال قىلساق، چار پادىشاھ دەۋرىدە ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان بايلىقلار ئازلاپ كېتىپ، ئالتۇننى تۆكمە قىلىپ سېتىپ بۇغدايغا ۋە ئۇزۇقلۇق بويۇملىرىغا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، تۇرمۇشنى قامداشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئىنسان تەبىئىتى بىلەن زادىلا سىغىشالمايدىغان تۈزۈمنىڭ ۋە كوللىكتىپ دېھقانچىلىق تۈزۈمىنىڭ مەغلۇب بولغانلىقىدا.

ئىنسانىيەت بىر خىل يېڭى يېتەكچىلىككە مۇھتاج بولماي مۇمكىن ئەمەس! غەربلىكلەرنىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان رەھبەرلىكى ئاللىقاچان ئاخىرلىشاي دەپ قالدى، بۇ، غەربنىڭ ماددى مەدەنىيىتىنىڭ ۋەيران بولغانلىقى، ياكى غەربنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادى كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى غەرب تۈزۈمىنىڭ رولىنىڭ ئاللىقاچان ئاخىرلاشقانلىقى، ئۇنىڭ قىممەت «ئىسكىلاتى»دا داۋاملىق بازارغا سېلىشقا بولىدىغان «مال»نىڭ قالمىغانلىقىدا.

پەقەت بىر خىل يېڭى رەھبەرلىك بولغاندىلا، ئاندىن ئىنسانىيەت غەرب ئىلىم-پەن ساھەسى پەن-تېخنىكا ئىجادىيەتلىرىنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق بەرپا قىلغان ماددى مەدەنىيەتنى ساقلاپ قالالايدۇ ۋە تەرەققى قىلدۇرالايدۇ، ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ بىر خىل يېپيېڭى ۋە مۇكەممەل قىممەت قارىشى-ئىنسانىيەت ئىگە بولغان بارلىق بىلىملەرگە سېلىشتۇرغاندا-توغرا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكتىپچانلىقتا ۋە رېئاللىقتا ئىگە بولغان يول بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

پەقەت ئىسلاملا مۇشۇنداق قىممەت قارىشىغا ۋە مۇشۇنداق يولغا ئىگە.

ئىلىم-پەننىڭ قايتىدىن گۈللىنىشى ئاللىقاچان ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلدى. ئۇ 14-ئەسىردىن 16-ئەسىرگىچە بولغان قايتىدىن گۈللىنىش دەۋرىنى باشلىنىش قىلىپ، 18-، 19- ئەسىرلەرگە بارغاندا يۇقىرى پەللىگە يەتتى.

بۇ بىر نەچچە ئەسىردىن بويان، بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن مىللەتپەرۋەرلىك ۋە ئاتالمىش رايۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ يەنە باشقا يېڭى مەزمۇنى قالمىدى.

ئەڭ ئاخىرىدا، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە كۆللىكتىپ ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى جەزمەن گۇمران بولىدۇ.

ئىسلامنىڭ دەۋرى ئاللىقاچان يېتىپ كەلدى، ئەڭ زۇلمەتلىك ۋە

پاراكەندىچىلىك پەيتىدە، ئىسلام «ئۇممىتى»[1]نىڭ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش ۋاقتى كەلدى. ئىسلام بۇ زېمىندىكى پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيەتلىرىنى رەت قىلمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيەتلىرىنى ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسەك مەجبۇرىيىتى دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئاللاھ بۇ زېمىننى ئىدارە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىنسانىيەتكە تاپشۇرغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بەلگىلىك شارائىتتا، پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيەتلىرىنى ئاللاھقا چوقۇنۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ رېئاللىقتا مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتى دەپ قارايدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الأَرْضِ خَلِيفَةً﴾

**«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى.»** (سۈرە بەقەر **30** ـ ئايەت)

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾

**«جىنلارنى، ئىنسانلارنى ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.»** (سۈرە زارىيات **56** ـ ئايەت)

ئاللاھنىڭ ئىسلام «ئۇممىتى»نى ئەۋەتىشتىكى مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ دەۋرى ئاللىقاچان يېتىپ كەلدى.

﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّهِ﴾

**«(ئى مۇھەممەد! ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان، ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.»** (سۈرە ئال ئىمران **110** ـ ئايەت)

﴿وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِّتَكُونُواْ شُهَدَاء عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ

---

[1] ئىرق، تەن رەڭگى، رايون ۋە تىل ئايرىمىچىلىقىدىن ھالقىغان ئىسلامى ئېتىقادنى رىشتە قىلىپ تەشكىللەنگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنى كۆرسىتىدۇ.

عَلَيْكُمْ شَهِيدًا ﴾

**«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق...»** (سۈرە بەقەر 143 ـ ئايەت)

لېكىن ئىسلام جەمئىيىتى ـ يەنى «ئۈممىتى» تەلتۆكۈس ئۆز ئىپادىسىنى تاپمىسا بولمايدۇ، بولمىسا ئۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ، بولۇپمۇ بۈگۈنكى دۇنيادا ئەگەر كىشىلەر رېئال تۇرمۇشىدا بۇ خىل ئېتىقادنىڭ جانلىق ئىپادىسىنى كۆرەلمىسە، ئۇلار قۇرۇق سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئاڭلاپ ئىشەنمەيدۇ. شۇنداقلا ئىسلام «ئۈممىتى»نىڭ ئەمىلىي گەۋدىسى نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا ئاللىقاچان يوقالغان دەپ قارايدۇ. ئىسلام «ئۈممىتى» ـ ئىلگىرى ئىسلامى ھايات كەچۈرگەن مەلۇم جاي ئەمەس، ئەجدادلىرى تارىخنىڭ مەلۇم دەۋرىدە ئىسلامى تۈزۈم ئاستىدا ھايات كەچۈرگەن «مىللەتلەر» تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانىيەت ئىچىدىكى بىر ئورتاق گەۋدە بولۇپ، بۇ ئورتاق گەۋدىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئاڭ ـ پىكرى، سىياسىي تۈزۈمى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ ھەممىسى ئىسلام يولىنى مەنبە قىلىدۇ، مانا بۇ ئىسلام «ئۈممىتى»نىڭ ئۇقۇمى. ئاللاھنىڭ «شەرىئىتى»[②]، قانۇن ـ تۈزۈمى يەر شارىدا چۆرۈپ تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن، «ئىسلام ئۈممىتى» مۇ ئۇن ـ تىنسىز يوقۇلۇپ كەتتى.

ئىسلام «ئۈممىتى»نى چوقۇم قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئىسلام كۆپچىلىك ئۈمىد قىلغان بۇرچىنى ئادا قىلىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قايتىدىن رەھبەرلىك قىلالايدۇ.

ئەجدادلارنىڭ دەۋرىدىكى ئەخلەت ـ داشقاللار، ئاڭ ـ پىكىر جەھەتتىكى داشقاللار، مۇھىت ـ شارائىتنىڭ داشقاللىرى، سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئەخلەت ـ داشقاللىرى تەرىپىدىن كۆمۈۋېتىلگەن بۇ «ئۈممەت»نى چوقۇم قايتىدىن

[②] شەرىئەتنىڭ مەنىسى ـ ئىسلام قانۇنى دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئىسلامى ئېتىقاد ۋە تۇرمۇش تۈزۈلمىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراش، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادى تۈزۈم، قانۇن، قانۇن تۈزۈش، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ئەخلاق ئۆلچىمى، ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت، تەپەككۇر پائالىيىتى ۋە سەنئەت پائالىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

گۈللەندۈرۈش لازىم. گەرچە بۇ ئەخلەت-داشقاللار يەنىلا «ئىسلام دۇنياسى» نامى بىلەن جان تالىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ بارلىق ئەخلەت-داشقاللار بىلەن ئىسلامنىڭ ئەسلىدىنلا قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ئىسلام بىلەن قىلچە باغلىنىشى يوق!

قايتىدىن گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىش بىلەن رەھبەرلىكنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن ئۇزاق مۇساپىنىڭ بارلىقى ماڭا ئايان. ئىسلام «ئۈممىتى» ئالدىقاچان ئىنتايىن ئۇزاق ۋاقىت يوقاپ كەتتى، ئىنسانىيەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ناھايىتى بۇرۇنلا، باشقا ئىدىيە، مىللەت، ئېدىئولوگىيە (ئاڭ فورمىسى)، سىياسىي تۈزۈم تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىندى. غەربنىڭ ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ئەربابلار بۇ مۇددەتتە ناھايىتى زور «ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت»، «ھۆكۈمرانلىق تەرتىپى» ۋە «ماددى مەدەنىيەت» تۈزۈلمىسى بەرپا قىلدى. ئىنسانىيەت بۇ بىر زور ئۇستۇنلۇكتە تۇرۇپ، ھەم بىخەستەنلىك قىلمايدۇ، ھەم ئوڭايلىقچە ئۆزلىكىدىن ئورۇن بوشاتمايدۇ! بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندىكى ئاتالمىش «ئىسلام دۇنياسى» بۇ ساھەدە ھېچقانداق رول ئوينىيالمايدۇ !!!

ئەھۋال مانا مۇشۇنداق چاتاق بولسىمۇ، قايتىدىن گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش بىلەن رەھبەرلىكنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئوتتۇرىسىدا مانا مۇشۇنداق ئۇزاق مۇساپە بولسىمۇ، چوقۇم ئىسلامنى يەنە بىر قېتىم گۈللەندۈرۈش كېرەك. چۈنكى ئىسلامنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش- مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئېلىنغان، ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان بىرىنچى قەدەم ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭغا نىسبەتەن بىر روشەن تونۇش بولۇشى كېرەك. بىز چوقۇم- ئېنىق شەكىل بىلەن- ئىسلام «ئۈممىتى»نىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تولۇق رەھبەرلىك قىلالايدىغان سالاھىيىتى ۋە شەرتلىرىنى ئېنىق تەكشۈرۈپ چىقىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا قايتىدىن گۈللەندۈرۈشنىڭ بىرىنچى قەدىمىدە ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىمايمىز.

شۇنداق، بۇ «ئۈممەت» ھازىر پەن-تېخنىكا ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە مۆجىزىدەك نەتىجىلەرنى تەقدىم قىلىش شەرتلىرى ۋە ئاساسلىرىنى ھازىرلاپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆزىگە باش ئەگدۈرەلمەيدۇ (ھازىرچە بىزمۇ بۇنى تەلەپ قىلمايمىز). شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ رەھبەرلىكى بۇ

ئىنتايىن تار نۇقتىدىن ئىنسانىيەتكە تېڭىلىدۇ. غەرب ئىلىم-پەن ساھەسى بۇ رىقابەت مەيدانىدا ناھايىتى زور غەلىبىگە ئېرىشتى. قىسقا مۇددەتتە ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنداقتا، بىز باشقا بىر خىل «ئەڭگۈشتەر»گە، يەنى غەرب مەدەنىيىتىدە كەمچىل بولغان باشقا بىر خىل ئەۋزەللىككە مۇھتاج بولىمىز!

بۇ ھەرگىزمۇ ماددى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سەل قارىساق بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بۇ جەھەتتىمۇ كۆپچىلىك ھەممىمىز ئەقىل-پاراسەت ۋە كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم. لېكىن، ئۇنى بىز ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلىدىغان «ئەڭگۈشتەر» سۈپىتىدە مۇقىمدىۋالماسلىقىمىز، بەلكى ئۇنى «ئۇممەت»نىڭ ئەمەلىي گەۋدىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت قىلىشىمىز، بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دۇنيا قارىشى بويىچە ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ زېمىنىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەتلەردىن بىرى، دەپ قارىشىمىز كېرەك. ھەمدە ئۇنى (ماددى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى) مۇئەييەن شارائىتتىكى ئاللاھقا چوقۇنۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشىمىز لازىم.

ناھايىتى روشەنكى، ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىدىغان بۇ ئەڭگۈشتەر ھەرگىزمۇ پەن-تېخنىكا ئىجادىيىتى ئەمەس، بەلكى پەقەت بىر خىل ئېتىقاد ۋە تۇرمۇش يولىدىن ئىبارەت. پەقەت ئېتىقاد ۋە تۇرمۇش يولىلا، ھەم ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، ھەم پەن-تېخنىكا ئىجادىيەتلىرىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان دۇنيا قاراشنىڭ نازارەتچىلىكىدە، ئېتىقاد ۋە تۇرمۇش يولىنى ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئورتاق گەۋدىسى ئىچىدە نامايان قىلىپ- ئىسلام جەمئىيىتى شارائىتىدىلا، ئاندىن ئىنسانىيەت غەربنىڭ ماددى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئۇنۇملۇك قوغداپ قالالايدۇ.

بۇگۈنكى دۇنيا، تۇرمۇش تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ مۇھىم ئامىللىرى تايىنىدىغان پرىنسىپ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن بىر كەم-كۈتىسىز جاھىلىيەت دۇنياسىدۇر. بۇ ئەۋزەل تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى ۋە مىسلىسىز ماددى مەدەنىيەت ئۇنىڭ جاھالەتلىكلىكىنى قىلچىمۇ

يېنىكلىتەلمەيدۇ!

بۇ خىل جاھالەتپەرەسلىك ئاللاھنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش-بولۇپمۇ خوجايىنلىقىنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىكى- ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئۇ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىنسانغا تاپشۇرغان بولۇپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرغان. ئەلۋەتتە ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى جاھالەتپەرەسلىكتەك ئۇنداق ئىپتىدائىي ۋە گۆدەكلىك ھالىتىدە ئىپادىلەنمەيدۇ، بەلكى ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىنسانىيەتنىڭ ئاڭ-پىكىر، قىممەت قارىشى، قانۇن-تۈزۈم، سىياسىي تۈزۈلمە بەلگىلەش ھوقۇقى بولىدۇ دەۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن تۇرمۇش يولى بىلەن كارى بولمىدى. ئاللاھنىڭ ھوقۇقىغا بولغان بۇنداق تاجاۋۇزچىلىق ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىشتەك يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئومۇمەن، ئىنسانىيەتنىڭ كوللىكتىۋىزملىق تۈزۈم ئاستىدا دۇچار بولغان ھاقارەتلەر، شەخسنىڭ كاپىتال ۋە پۇل-مالنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۇچرىغان زىيانكەشلىكلەر، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ كاپىتالىزم تۈزۈمى ئاستىدا ئۇچرىغان ۋەھشىيانە ھالدا مۇستەملىكە قىلىش، شۇنداقلا ئاللاھ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ بۇلغىنىشى، ئاللاھنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشتىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىسلامى تۇرمۇش يولى بۇ جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىلىككە ئىگە، چۈنكى ئىنسانىيەت ئىسلامدىن باشقا بارلىق تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسىدە ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش نەرسىلەرگە (يەنى ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش ئىنسانلارغا، ياكى باشقا يارىتىلغان نەرسىلەرگە) چوقۇنىدۇ. ئەمما پەقەت ئىسلامى تۇرمۇش يولىلا، ئىنسانىيەتنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن ئازات قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەقەت ئاللاھقىلا چوقۇنۇش، ئاللاھنىلا ئۇلۇغلاش، ئاللاھقىلا بويسۇنۇش شان-شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ.

مانا بۇ تۆت كۈچا دوقمۇشى بولۇپ، بۇ يەردىن ھەر كىم ئۆزى خالىغان يولغا ماڭىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلىدىغان يېپيېڭى ئىسلامى دۇنيا قارىشىمىز- شۇنداقلا ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىنسانىيەتنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە جەۋھەرنى مانا بۇ بۈگۈنكى ئىنسانىيەتتە

بولمىغان، لېكىن پەقەت ئىسلامنىڭ ئالڭ ئىسكىلاتىدىلا مەخسۇس «ساقلانغان مال». چۈنكى ئۇ غەربنىڭ مەدەنىيەت مەھسۇلاتى ئەمەس، شۇنداقلا يەنە غەرب ئىلىم-پەن ساھەسىنىڭ ئىجادىيىتىمۇ ئەمەس. مەيلى غەرب بولسۇن ياكى شەرق بولسۇن ھېچقايسىسى بۇنى ھازىرلىيالمايدۇ.

شۈبھىسىزكى، بىز بىر خىل يېپيېڭى ۋە مۇكەممەل ئەڭگۈشتەرگە ئېگىمىز، ئىنسانىيەت ئۇنى ئۆزى تونۇيالمايدۇ ھەم ئۇنى ھەرگىزمۇ ئىجاد قىلالمايدۇ.

لېكىن، بۇ ئەڭگۈشتەر، خۇددى مەن سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك، چوقۇم رېئال تۇرمۇشتا نامايەن بولۇشى كېرەك. چوقۇم «ئۇممەت» نىڭ تۇرمۇشىدا ئەمىلىلەشىشى كېرەك. بۇ ئىسلامنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنى قوزغاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، قايتىدىن گۈللىنىشكە ئەگىشىپ كېلىدىغىنى-ۋاقتىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن بولۇشى، مۇساپىنىڭ قانچىلىك ئۇزاق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رەھبەرلىكنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى.

ئۇنداقتا، ئىسلامنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنى قانداق قىلىپ قوزغىغىلى بولىدۇ؟

ئالدى بىلەن، مۇستەھكەم ئېتىقادقا ئىگە ئاۋانگارتلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم. ئۇلار جاپا-مۇشەققەتلىك يوللاردا ئىلگىرىلەپ، بۇ جاھالەتپەرەسلىك قاپلىغان يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئالغا ئىگىرىلەش ئۈچۈن ئىزدىنىدۇ، بىر تەرەپتىن ئۇلار جاھالەتپەرەسلىك بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئەتراپىدىكى جاھالەتپەرەسلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدۇ.

بۇنداق ئىرادىگە كەلگەن ئاۋانگارتلار قوشۇنىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن چوقۇم يول بەلگىسى بولۇشى كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئۇز بۇرچىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ھەقىقىتىنى، كۆرەش قىلىشتىكى مەقسىتىنى، مۇشكۇل سەپەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى...... قاتارلىقلارنى ئېنىق تونۇۋېلىشى كېرەك. شۇنداقلا يەنە ئۆزلىرىنىڭ بۇ زېمىننى قاپلىغان جاھالەتپەرەسلىككە قارىتا توغرا مەيدانىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى، قانداق جايدا ئۈچرىشىش، قانداق جايدا ئايرىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىۋېلىشى لازىم. جاھالەتپەرەسلىككە قارىتا ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلىشى، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، جاھالەتپەرەسلىككە ئىسلامى

بۇرچىنى قانداق جاكارلاشنى، نېمىگە ئاساسلىنىپ جاكارلاشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم. ئۇندىن باشقا يەنە، بۇ بىر قاتار خىزمەتلەر جەريانىدا، قەيەردىن ئوزۇق ئېلىش، قانداق قىلىپ ئۆز ئىمكانىيىتىنى تولۇقلاش قاتارلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم.

بۇ يول بەلگىلىرىنى بەرپا قىلىشتا، پەقەت قۇرئاننىڭ ئاساسى يېتەكچىلىكىنى بىرىنچى مەنبە قىلىش، پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىن تاللانغان ئەڭ مۇنەۋۋەر ساھابىلەرنىڭ پاك قەلبىدىن ئىدىيە ۋە مەنىۋىيىتىنى قوبۇل قىلىش لازىم. ئاللاھ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ زېمىندا مۆجىزە يارىتىشىنى ئىرادە قىلىپ، تارىخنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ئۆزگەرتكەن.

مەن تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئىنتىزار بولغىلى ئۇزۇن بولغان بۇ ئاۋانگارتلار قوشۇنىنىڭ شەجەرىسى «يول بەلگىسى»نى يېزىپ چىقتىم. ئۇنىڭدىكى كۆپ قىسىم مەزمۇنلار «قۇرئان تەپسىرى ـ ‹قۇرئان سايىسى ئاستىدا›» دېگەن كىتابىمدىن ئېلىندى، بۇنىڭغا قارىتا مۇۋاپىق قوشۇلدى ۋە ئېلىۋېتىلدى. بۇ مەزكۇر كىتابتىكى تۆت بابنى تەشكىل قىلدى. كىرىش سۆز قىسمىدىن باشقا قالغان سەككىز بابنى ئوخشىمىغان مەزگىللەردە، قۇرئان نامايان قىلىنغان ئىسلامى تۇرمۇش يولىغا قارىتا ھەمىشە پىكىر يۈرگۈزۈپ ۋە ئەسلەپ، شۇنىڭ بىلەن ئىلھامغا ئىگە بولدۇم. گەرچە ھەر قايسى بابلارنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ مۇساپىدە كەم بولسا بولمايدىغان يول بەلگىلىرى ھېسابلىنىدۇ. خۇددى بارلىق يوللاردا يول بەلگىلىرى بولغانغا ئوخشاش! ئۇ مۇشۇ يول بەلگىلىرىنى بويلاپ ئىلگىرىلىگەن بىرىنچى ئەۋلاد قەھرىمانلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى يىغىنچاقلايدۇ.

ھەر قېتىم ئاللاھ مېنى مۇشۇ يول بەلگىلىرىگە باشلىغان ۋاقتىدا، مەن ھامان ئىرادىلىك زاتلارنىڭ ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد مۇشۇ يول بەلگىلىرىگە باشلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمەن!

مۇۋەپپەقىيەتنىڭ شان ـ شەرىپى ھەممىسى ئاللاھقا خاس!

# قۇرئان يېتىشتۇرگەن بىر ئەۋلاد قەھرىمانلار

## (ئىقتىدارلىق كىشىلەر)

پۈتۈن دۇنيادىكى ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرى قانداق دەۋر، قانداق جايدا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئىسلام تارقىلىشقا باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئاشۇ تارىخى ئەھۋاللار توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك. چۈنكى ئاشۇ تارىخىي ئەھۋاللار ئىسلامنىڭ تارقىلىش يولى ۋە يېتەكچىلىك پىرىنسىپىغا نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىرى بار.

ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ھەقىقەتەن بىر ئەۋلاد مۇنەۋۋەر كىشىلەرنى-ساھابىلارنى يېتىشتۈردى. ئۇلار پەقەت ئىسلام تارىخىدىلا كەمدىن-كەم ئۇچراپ قالماستىن، ئىنسانىيەت تارىخىدىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇنىڭدىن كېيىن، تارىختا ئۇلارغا ئوخشاش بىر ئەۋلاد كىشىلەر يەنە قايتا بارلىققا كەلمىدى، دەرھەقىقەت، تارىخ ئېقىنىدا ئۇلارغا ئوخشاش شۇنداق ئىقتىدارلىق كىشىلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قانداق بىر جايدا ئەزەلدىن ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەندەك ئۇنداق زور ساندا بولمىدى.

بۇ ھەقىقەتەن ھەققانىي تارىخى پاكىت بولۇپ، چوڭقۇر مەناغا ئىگە، بىزنىڭ قايتا-قايتا پىكىر قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، بەلكىم بىز ئۇنىڭ سىر-ھېكمىتىنى ئاچالىشىمىز مۇمكىن.

ئىسلامنى تارقىتىشقا تايىنىدىغان قۇرئان ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ[3] ئەمىلىيەتچىل يېتەكچىلىكى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ ھەممىسى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇ پىرىنسىپلىق يېتەكچىلىك، خۇددى ساھابىلارغا ھەمراھ بولغاندەك بىزگىمۇ ھەمراھ بولۇۋاتىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى پەقەت ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئالەمدىن ئۆتكەن، لېكىن ئىسلامنىڭ بىرىنچى ئەۋلادلىرىدەك قەھرىمانلار قايتا مەيدانغا كېلىپ باقمىدى. ئەجەبا بۇنداق بولۇشتىكى سىر ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ

---

[3] سۈننەت- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلىرى، سۈكۈت قىلغان (كۆڭلىدە ئېتىراپ قىلغان) ئىشلىرى، تۇرمۇش يولى ۋە ئەمىلىيەتچىل يېتەكچىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

دەرگاھىغا قايتقانلىقىدىمۇ؟
ئەگەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ مول مېۋە بېرىشىنىڭ زۆرۈر شەرتى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئاللاھ ھەرگىزمۇ ئىسلامنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يۈزلەندۈرمىگەن، ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىپە (بۇرچ) قىلمىغان، ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىگىچە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بارلىقىنى ئىسلامغا تاپشۇرمىغان بولاتتى.
لېكىن، ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ۋەز-نەسىھەت بولغان قۇرئاننى جەزمەن قوغدايدىغانلىقىنى ئاللىقاچان جاكارلىدى، ئىسلامنىڭ تارقىلىشىنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن يەنىلا مول مېۋە بېرىدىغانلىقىنى ئاللاھ ئەلۋەتتە بىلىدۇ. شۇڭا 23 يىللىق بۇرچنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كەتتى. ئەمما ئىسلامنى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە قالدۇرۇپ قويدۇ. شۇڭا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتقانلىقى بۇ ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، ھەم بۇ بىر ئاقىلانە مۇلاھىزىمۇ ئەمەس.
ئۇنداقتا، بىز باشقا سەۋەبلەرنى ئىزدىشىمىز كېرەك. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئۇزۇق ئالغان مەنبىئىگە قاراپ باقايلى. بەلكىم بۇ مەنبەدە ئاللىقاچان بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان بولۇشى مۇمكىن، بىز يەنە ئۇلارنى تەربىيىلىگەن ئاشۇ تۇرمۇش يولىنى يەنە تەتقىق قىلىپ باقايلى، بەلكىم بۇ تۇرمۇش يولىدا ئۆزگىرىش بولغان بولۇشى مۇمكىن.
پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرى ئوزۇقلۇق ئالغان بىردىنبىر مەنبە (بۇلاق)-دەل قۇرئان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى ۋە يېتەكچىلىكىگە كەلسەك، ئۇ پەقەت ئاشۇ مەنبەنىڭ (بۇلاقنىڭ) نۇرغۇن ئېقىنلىرى ئىچىدىكى بىر ئېقىن. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى توغرۇلۇق سورالغاندا، ئۇ زات: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى-دەل قۇرئان» دېگەن.
ئۇنداقتا، قۇرئان دەل ئۇلارنىڭ قەلبىنى ياشارتقان بۇلاق، ئۇلار قۇرئاننى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆلچىمى قىلغان، قۇرئان ئۇنۇپېرستېتىدا تەربىيىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئەينى ۋاقىتتا ئىنسانىيەت مەرىپەت، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن، يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقاتقا ئىگە بولمىغانلىقتىن ئەمەس، ھەرگىزمۇ بۇ سەۋەبتىن ئەمەس! ئەينى ۋاقىتتا رىمنىڭ

مەرىپەت ۋە مەدەنىيىتى، كىتابلىرى ۋە تۈزۈمى بار بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ياۋرۇپا يەنىلا ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئاساس قىلىپ تۇرمۇش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە يۇنانىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ لوگىكا، پەلسەپە ۋە سەنئىتى، بۈگۈنگە قەدەر يەنىلا غەرب ئىدىيىسىنىڭ مەنبەئى بولىۋاتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا پارسلارنىڭ مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ سەنئىتى ۋە شېئىرلىرى، رىۋايەتلەر ۋە ھېكايىلىرى، ئېتىقادى ۋە دىنىي ئەقىدىلىرى، سىياسىيسى ۋە تۈزۈمى بار ئىدى. يەنە يىراق شەرقتىكى جۇڭگو مەدەنىيىتى، جەنۇبى ئاسىيادىكى ھىندى مەدەنىيىتى قاتارلىقلار بىر-بىرىدىن قېلىشمايتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى رىم ۋە پارس مەدەنىيىتى شىمالدىن جەنۇبقىچە، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى قورشاپ تۇراتتى. بولۇپمۇ يەھۇدى دىنى مۇخلىسلىرى ۋە خىرىستىئان دىنى مۇخلىسلىرى يېرىم ئارالنىڭ مەركىزى رايۇنلىرىدا ياشايتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بىرىنچى ئەۋلاد قەھرىمانلار پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە زېھنى-قۇۋۋىتىنى پەقەت ئاللاھنىڭ كىتاۋى- قۇرئانغىلا قاراتقان، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادا ئىلىم-مەرىپەتنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقى ياكى مەدەنىيەتنىڭ كەمچىللىكىدىن ئەمەس، بەلكى، بىر خىل بۇرۇنلا تۈزۈلگەن ستراتىگىيە ۋە بىر خىل پىلانلاشتىن بولغان، بۇ نۇقتىنى ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا بىر ۋاراق «تەۋرات»نى كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى ئاچچىقلانغانلىقى ھەققىدىكى ۋەقە ئارقىلىق دەلىللەشكە بولىدۇ. ئۇز ۋاقتىدا پەيغەمبىرىمىز: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاراڭلاردا ھايات بولغان تەقدىردىمۇ، پەقەت ماڭا ئەگىشەتتى.» (جابىردىن رىۋايەت قىلىنغان)

دەرھەقىقەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ساھابىلار روھى ئوزۇق ئالىدىغان مەنبەنى مەقسەتلىك ھالدا ئاللاھنىڭ كىتابى دائىرىسى ئىچىدىلا چەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئاللاھنىڭ كىتابىنى سىڭدۈرۈپ، پەقەت ئاللاھنىڭ كىتابىنىلا ئۇلار ئەمەل قىلىدىغان توغرا يولنىڭ يېتەكچى پىرىنسىپى قىلغان. مانا بۇ پەيغەمبىرىمىز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشقا بىر مەنبەدىن بىر نەرسىلەرنى ئىزدىمەكچى بولغاندا شۇنچە ئاچچىقلاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەۋلاد قەلبى پاك، ئەقلى-ھوشى جايىدا،

ئىدىيىسى ساغلام، روھى ھالىتى ساپ، ۋۇجۇدى پاك بولغان ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئۇلار مۇقەددەس قۇرئان كەرىمدە كۆرسىتىلگەن تۇرمۇش يولىدىن باشقا بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەسىرلىرىنى چۆرۈپ تاشلىۋەتكەن.

قۇرئان روھى سىڭدۈرۈلگەن ئۇ بىر ئەۋلاد ئىقتىدارلىق كىشىلەر، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن تۆھپىلەرنى ياراتتى. بىراق، كېيىن نېمە ئىش يۈز بەردى؟ بۇ بۇلاق بۇلغىنىپ كەتتى! كېيىنكى ھەر قايسى دەۋرلەردىكى كىشىلەر مەنبۇى ئۇزۇق ئالىدىغان بۇ بۇلاققا (مەنبەگە) يۇنان پەلسەپىسى ۋە لوگىكىسى، پارسلارنىڭ ئەپسانە-ھېكايىلىرى ۋە ئىدىيىۋى ئېڭى، يەھۇدى دىنىنىڭ ئىسرائىلىيىچە ئەپسانىلىرى، خىرىستىئان دىنىنىڭ ئىلاھىيەت نەزەرىيىسى ۋە باشقا ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئەخلەت-داشقاللىرى سىڭىپ كىردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى «قۇرئان تەپسىرى ۋە ئىسلامنىڭ ‹ئاللاھنى تونۇش ئىلمى›»گە سىڭىپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شەرىئەت ۋە ئەقىدە ئىلمى ئىچىگىمۇ سىڭىپ كىردى. بىرىنچى ئەۋلاد قەھرىمانلاردىن كېيىنكى ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بۇلغىنىپ كەتكەن بۇلاقتىن ئۇزۇق ئېلىپ تەربىيىلەندى. شۇڭا، ئاشۇ پارلاق بىر ئەۋلاد قايتا بارلىققا كەلمىدى.

شۈبھىسىزكى، بىرىنچى مەنبە (بۇلاق)نىڭ بۇلغىنىشى كېيىنكى ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن تەڭداشسىز بىر ئەۋلاد قەھرىمانلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى روشەن پەرقنىڭ بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب.

بۇنىڭدىن سىرت، مەنبە (بۇلاق)نىڭ بۇلغىنىشىدىن باشقا يەنە بىر تۈپ سەۋەبمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ ئاشۇ بىر ئەۋلاد تەڭداشسىز قەھرىمانلارنىڭ قۇرئان ۋەھيىسىنى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىچە بولغانلىقىدا.

دەرھەقىقەت، بىرىنچى ئەۋلاد دانىشمەنلەرنىڭ قۇرئاننى ئۆزلەشتۈرۈشى ھەرگىزمۇ «ئوقۇپ قويۇش» ياكى «بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك» ئاتىلىشنى مەقسەت قىلمايتتى، قۇرئاندىن زوقلىنىش ۋە ھوزۇر ئېلىشنىمۇ مەقسەت قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ قۇرئاننى قوبۇل قىلىشى پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى، ياكى ئۆزلىرىنىڭ بىلىم خەزىنىسىدە بەزى ئەقىدە ۋە شەرىئەت جەھەتتىكى بىلىملىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ

شەخسىي ئىشلىرى ۋە ئۆزلىرى ھايات كەچۈرۈۋاتقان پۈتكۈل ئورتاق گەۋدىنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدىكى بۇيرۇقلارنى ئاللاھ تەرەپتىن قوبۇل قىلىش ئىدى. ھەمدە ئۆزى ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان ئورتاق گەۋدىنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى كۆرسەتمىلەرنى ئاللاھ تەرەپتىن قوبۇل قىلىش ئىدى. خۇددى جەڭگاھتىكى جەڭچى ھەر كۈنى ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ دەرھال ئەمىلىلەشتۈرگەنگە ئوخشاش، ئاڭلىغان ھامان دەرھال ئەمىلىي ئىشلىرىدا ئىزچىللاشتۇراتتى! چۈنكى ئۇ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمنى كۆپەيتىۋاتىمەن، زىممەمگە يۈكلەنگەن خىلمۇ-خىل مەسئۇلىيەتلەرنى قوبۇل قىلىۋاتىمەن، دەپ قارايتتى. شۇڭا ئىبنى مەسئۇدنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار ھەر كۈنى پەقەت ئون ئايەتنى قوبۇل قىلىش بىلەن قانائەتلىنەتتى، ھەمدە ئېسىدە تۇتۇۋالاتتى، ئەمىلىيىتىدە كۆرسىتەتتى.

بۇ خىل روھ، دەل بۇ خىل ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋەھيىنى قوبۇل قىلىش روھى- ئۇلار ئۈچۈن قۇرئاندىن زوقلىنىش ئۈپۈقىنى ۋە بىلىم خەزىنىسىنى ئېچىپ بەردى. ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش، ئوقۇش ھېسسىياتى بىلەن قۇرئانغا ئىنتىلگەن بولسا، بۇ دەرۋازا ئۇلار ئۈچۈن ئېچىلمىغان بولاتتى. بۇ خىل روھ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇردى، ئۇلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇردى. ھەمدە ئۇنى ئۇلارنىڭ قەلبى ۋە تۇرمۇشىغا سىڭدۇرۇپ، بىر خىل جانلىق تۇرمۇش يولىغا تۇتاشتۇردى. بىر خىل تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ۋە قەلەم بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز تەسىرلىك، جانلىق مەدەنىيەتنى، ئۇلۇغۋار تۆھپىگە ئايلاندۇرۇپ، ھايات مۇساپىسىنى ئۆزگەرتتى.

بۇ قۇرئان ئۆزىنىڭ خەزىنىسىنى، مۇشۇ خىل روھ بىلەن ئۇنى قارشى ئالىدىغان كىشىلەرگە- ئىگە بولغان بىلىملىرىنى پەقەت ئەمىلىيىتىدە ئىشلىتىدىغان كىشىلەرگە ئىنئام قىلىدۇ. بۇ قۇرئان ئەقىل-پاراسەت قامۇسى سۈپىتىدە نازىل قىلىنمىغان، ئەدەبىيات ۋە سەنئىتىدىن زوقلىنىش سۈپىتىدىمۇ نازىل قىلىنمىغان، ھېكايەت ۋە تارىخى كىتابلار سۈپىتىدىمۇ نازىل قىلىنمىغان، ئەگەر قۇرئان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېگەندە- پەقەت بىر خىل تۇرمۇش يولى، پۈتۈنلەي بىر خىل ئىلاھى تۇرمۇشى يولى سۈپىتىدە نازىل قىلىنغان. ئاللاھ بۇ تۇرمۇش يولىنى بىر بۆلەك، بىر بۆلەكتىن نازىل قىلغان.

﴿وَقُرْآناً فَرَقْنَاهُ لِتَقْرَأَهُ عَلَى النَّاسِ عَلَى مُكْثٍ وَنَزَّلْنَاهُ تَنْزِيلاً﴾

**«قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجى نازىل قىلدۇق.»** (سۈرە بەنى ئىسرائىل 106 ـ ئايەت)

قۇرئان بىر قېتىمدىلا نازىل بولمىغان، ئۇ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىشىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ، ئاڭ ـ پىكىرنىڭ تەدرىجى ئۆسۈشىگە، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشنىڭ تەدرىجى شەكىللىنىشى، مۇسۇلمانلار ئورتاق گەۋدىسى رېئال تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەرگە ئاساسەن تەدرىجى نازىل قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا ھەر بىر ئايەت ياكى بىر نەچچە ئايەتلەر كەلگۈسىدىكى ئەھۋاللار، مەخسۇس ۋەقەلەر ئۈچۈن نازىل بولغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سۆز قىلىپ، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋاللىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا قارىتا يېتەكچىلىك پىرىنسىپى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىدۇ، بارلىق ئىشلىرىدا ئۇلارنى ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ـ ئاللاھ بىلەن رىشتە باغلىتىدۇ. ئۇلارغا ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى نامايەندىلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەڭ ئالىي بېھىشنىڭ بوسۇغىسىدا، ئاللاھنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمى ئاستىدا، ئاللاھنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ قۇدرىتىنىڭ سايىسى ئاستىدا ياشاۋاتقان ھالەتتە ھېس قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاشۇ توغرا ھەم مۇقەددەس تۇرمۇش يولى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى تەرتىپكە سالىدۇ.

دەرھەقىقەت، ئاشۇ بىر ئەۋلاد ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان يېتەكچىلىك پىرىنسىپى ـ ۋەھيىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ۋە ئىشلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىدى. لېكىن كېيىنكى ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مۇسۇلمانلار قوبۇل قىلغان ۋەھيىنى تەتقىقات ۋە زوقلىنىش ئۈچۈن ئىشلەتتى. شۈبھىسىزكى، مانا بۇ كېيىنكى ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ئاشۇ بىر ئەۋلاد ساھابىلار ئوتتۇرىسىدا پەرقنىڭ بولۇشىدىكى ئىككىنچى توپ سەۋەب.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە دىققەت قىلىشقا ۋە بايان قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئۈچىنچى سەۋەبمۇ بار: ئۇ ۋاقىتلاردا، ناۋادا بىرەر كىم ئىسلامغا ئېتىقاد قىلسا

شۇ ھامان جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ بارلىق ئىشلىرى بىلەن ئۇزۇل-كېسىل ئادا-جۇدا بولۇپ، ئىسلامى تۇرمۇشى بىردىنلا ئۇنى بىر يېڭى دەۋرگە باشلاپ كىرگەندەك ھېس قىلىپ، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن بارلىق ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام بىلەن قەتئىي سىغىشالمايدىغان ئىپلاسلىق دەپ قاراپ، يۇقىرى دەرىجىدىكى ھوشيارلىق بىلەن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن گۇمانلىق نەزەر سالاتتى، بۇ خىل پوزىتسىيە بىلەن ئۇ ئىسلامنىڭ يېپيېڭى قىبلىنامىسىگە ئەمەل قىلاتتى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ نەپسى-خاھىشى ئۆزى ئۇستىدىن غالىب كەلگەندە، ئەنئەنىۋى ناچار ئادەتلەر ئۇنى ئۆزىگە تارتقاندا، ھەر قېتىم ئۇ ئىسلامى بۇرچىنى ئادا قىلالمىغان ۋاقىتتا، دەرھال ئۆزىنى خاتالاشقان، گۇناھكار ھېس قىلىپ، قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى يۇيۇپ، پاكلاپ، ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنىڭ قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بىردەك بولۇشى ئۈچۈن قايتىدىن تىرىشىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن تونۇپ يېتىدۇ.

ئۇنىڭ جاھىلىيەت دەۋردىكى ئەھۋالى بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى قىياپىتى ئوتتۇرىسىدا غايەت زور ئىدىيىۋى ھاڭ پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇزۇل-كېسىل چەك-چېگرانى ئايرىيدۇ. گەرچە ئۇلار يەنىلا مۇشرىكلار بىلەن سودا-سېتىق ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا باردى-كەلدى قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاشۇ نادانلىق ۋە جاھالەتلىك مۇھىتتىن ئايرىلىپ، ئىسلامى مۇھىتقا قايتىپ كېلىدۇ. چۈنكى ئىدىيىۋى جەھەتتىكى ئادا-جۇدا بولۇش بىر ئىش، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى باردى-كەلدى قىلىش باشقا بىر ئىش. ئۇ جاھالەتپەرەسلىك مۇھىتىدىن- ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى تونۇشى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىدىن- ئۇزۇل-كېسىل قۇتۇلۇپ چىقىدۇ، دەل بۇ خىل قۇتۇلۇش مۇشرىكلىك ئېتىقادىدىن يالغۇز ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىشقا (تەۋھىد ئېتىقادىغا)، جاھالەتپەرەسلىك دۇنيا قارىشىدىن ئىسلامى دۇنيا قاراشقا (ھاياتلىق ۋە مەۋجۇتلۇق ھەققىدىكى دۇنيا قاراشقا) كېلىشكە سەۋەب بولۇپ، يېپيېڭى ئىسلامى جەمئىيەتكە بولغان تارتىش كۈچىنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېپيېڭى رەھبەرلىككە بويسۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ساداقىتى، ئىتائەت قىلىشى، ئەگىشىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ جەمئىيەتكە، بۇ رەھبەرلىككە

تاپشۇرىدۇ.

تۆت يولنىڭ دوقمۇشى دەل بۇ يەردە، يېڭى مۇساپە مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۇنىڭغا تاڭغان بارلىق ئەنئەنىۋى كۈچلەرنىڭ ئېغىر بېسىمى، بارلىق ئاڭ-پىكىر ۋە قىممەت قارىشىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن-ئازادە ھەم خوشال-خۇراملىق بىلەن يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىدۇ. گەرچە ئۇ زىيانكەشلىك ۋە بېسىمغا دۇچار بولسىمۇ، لېكىن، جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئاڭ-پىكرى ۋە ئەنئەنىۋى كۈچلىرى ئۇنىڭغا قارىتا ئامالسىز قالىدۇ.

بۈگۈن بىز، ئىسلام ئەمدىلا بىخلىنىش بىلەن دۈچ كەلگەن ئاشۇ خىل جاھالەتپەرەسلىك بىلەن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان جاھالەتلىك ھالەتتىكى تۇرمۇشتا ياشاۋاتىمىز، ياكى ئۇ ۋاقىتتىكىدىنمۇ زۇلمەتلىك بولغان جاھالەتپەرەسلىك ئىچىدە ياشاۋاتىمىز، ئەتراپىمىزنىڭ ھەممىسى جاھالەتپەرەسلىك- كىشىلەرنىڭ ئاڭ-پىكرى ۋە دۇنيا قارىشى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، مەدەنىيەت مەنبەئى، قانۇن-تۈزۈمى- ھەتتا بىز «ئىسلام مەدەنىيىتى»، «ئىسلام ماتېرىيالى»، «ئىسلام پەلسەپىسى»، «ئىسلام ئىدىيىسى» دەپ قارىغان زور قىسىم نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ خىل جاھالەتپەرەسلىكنىڭ ساختا بويۇملىرى!!!

شۇڭلاشقا، ئىسلام قىممەت قارىشى قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن توغرىلانمايدىكەن، ئىسلام دۇنيا قارىشى كاللىمىزدا ئېنىق چۈشىنىشكە (تونۇشقا) ئىگە بولالمايدۇ، شۇڭا ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يېتىشتۈرۈلگەندەك ئاشۇ بىر ئەۋلاد قابىل كىشىلەر بىزنىڭ ئارىمىزدا قايتىدىن كۆپلەپ مەيدانغا كەلمەيدۇ.

ئۇنداقتا ئىسلامى ھەرىكەت يولىدا، ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋە ئۇنى ۋۇجۇد چىقىرىش مەزگىلىدە، بىز تايىنىپ ياشايدىغان جاھالەتپەرەسلىكنىڭ بارلىق تەسىرلىرىنى چوقۇم تەلتۆكۈس چىقىرىپ تاشلىشىمىز لازىم. ئالدى بىلەن چوقۇم پاك بۇلاققا- ئاشۇ قەھرىمانلار ئوزۇق ئالغان بۇلاققا قايتىشىمىز لازىم. بۇ بۇلاقنى ئاللاھ ئۆزى قوغدايدۇ، بۇ بۇلاق ھەم بۇلغانمىغان، ھەم باشقا نەرسىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتمىگەن. بىز بۇ بۇلاققا قايتىپ كېلىپ ئۇنى دۇنيا قارىشىمىزغا سىڭدۈرۈپ، كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئىنسانىيەت مەۋجۇدلۇقىنىڭ ھەقىقىتى (بۇ ئىككى خىل مەۋجۇتلۇق

ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق مۇناسىۋەتلەر شۇنداقلا ئۇلار بىلەن ھەقىقەتنىڭ مۇكەممەل مەۋجۇتلۇقى)نىڭ ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋىتىنى ئايرىپ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلىك تۇرمۇش نۇقتىئىنەزىرىمىز، قىممەت قارىشىمىز، ئەخلاق ئۆلچىمى قارىشىمىز، شۇنداقلا سىياسىي، ئىقتىسادى، قانۇن، تۈزۈم ۋە تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەر خىل يېتەكچىلىك پىرىنسىپلىرىغا سىڭدۈرۈشىمىز لازىم.

بىز بۇ بۇلاقىقا قايتقان ۋاقتىمىزدا، ۋەھيىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى تەتقىقات ۋە زوقلىنىش ئۈچۈن قىزىقىشنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى ئۇنى ئەمەلىيىتىمىزدە ۋە ئىشلىرىمىزدا كۆرسىتەلەيدىغان روھنى ھازىرلىشىمىز زۆرۈر. بىز قايتىپ كېلىپ، بۇ بۇلاقنىڭ بىزنى زادى نېمىگە ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز، ئاندىن كېيىن ئەمەلدە كۆرسىتىشىمىز كېرەك. قايتىش يولىدا، ئىلاھى كىتابنىڭ ئاجايىب سەنئىتىنى، ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان نەپسلىكىنى، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەنزىرىنى كۆرەلەيمىز. ئۇندىن باشقا يەنە قۇرئاننىڭ تەڭداشسىز ئۇسلوبىنكى روھ پەلسەپىسى، شۇنداقلا باشقا بارلىق تەتقىقاتچى ۋە زوقلانغۇچىلار ئىنتىلىدىغان بارلىق نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىمىز. لېكىن بىز بۇلارنى ۋەھيىنى قوبۇل قىلىش ۋاقتىدىكى ئەڭ مۇھىم نىشانىمىز قىلماسلىقىمىز لازىم. بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانىمىز قۇرئاننىڭ بىزنى نېمە ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدىغانلىقىنى، قۇرئان بىزدىن تونۇشنى مەقسەت قىلغان ئومۇملۇق قارىشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، قۇرئان بىزدىن كۈتكەن ئاللاھقا بولغان ھېسسىياتىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ئەخلاق ئۆلچىمى، سىياسىي تۈزۈم، رېئال تۇرمۇش تۈزۈلمىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ئايدىڭ بولۇشى كېرەك.

بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز چوقۇم جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئېغىر بېسىمىدىن قۇتۇلۇشىمىز، بولۇپمۇ ئىدىيىمىزدىكى جاھالەتپەرەسلىك دۇنيا قاراش، جاھالەتلىك ئۆرپ-ئادەت، جاھالەتلىك يېتەكچىلىكتىن قۇتۇلۇشىمىز لازىم. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ھەرگىزمۇ جاھالەتپەرەسلىكنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن مۇرەسسە قىلىش ئەمەس، ئۇنىڭغا باش ئېگىشمۇ ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ ئۇنداق نادان ۋە جاھالەتلىك خاراكتېرى، بىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇرەسسە قىلدۇرمايدۇ، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز: ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىش، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ خىل جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت.

بىزنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ۋەزىپىمىز بۇ خىل ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلىپ، جاھالەتپەرەسلىكنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇمۇرۇپ تاشلاش، بۇ خىل ھالەت ئىسلامى تۇرمۇش يولى، ئىسلام دۇنيا قارىشى بىلەن ھەرگىز سىغىشالمايدۇ. ئۇ زوراۋانلىق ۋە بېسىمغا تايىنىپ بىزنىڭ ئىسلامى يول بويىچە ياشايدىغان ھوقۇقىمىزنى ۋە ئەركىنلىكىمىزنى تارتىۋالدى.

بىزنىڭ مۇساپىمىزدىكى بىرىنچى باسقۇچ، ئۆزىمىزنى بۇ خىل جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەت، شۇنداقلا ئۇنىڭ قىممەت قارىشى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ سىرتىغا قويۇش، بىز ئۇنىڭ بىلەن يېرىم يولدا ئۇچرىشىپ مۇرەسسە قىلىش ئۇچۇن، ئۆزىمىزنىڭ قىممەت قارىشى ۋە دۇنيا قارىشىمىزنى قىلچىلىك ئۆزگەرتىشىمىزگە بولمايدۇ. بىز ئۇلار بىلەن باشقا-باشقا دۇنيا، قەتئىي ئادا-جۇدا، چۈنكى ھەر قېتىم ئۇلار بىلەن ئورتاق ھالدا بىر قەدەم ئالىدىكەنمىز، بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش يولىمىزنى يۇقۇتۇپ قويىمىز، يولدىن ئازىمىز.

بىز نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولىمىز، بۇ يولدا ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەيمىز، قۇربانلارنى بېرىمىز. بىز پەقەت تۇنجى ئەۋلاد قەھرىمانلارنىڭ يولى- ئاللاھ ئۇلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىلاھى تۇرمۇش يولى، ئۇلار ئارقىلىق جاھالەتپەرەسلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان يولدىن ماڭماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇنداقتا بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى قىلىدىغان ئىككىنچى خىل تاللىشىمىز بولمايدۇ.

تۇرمۇش يولىمىزنىڭ يېتەكچىلىك پىرىنسىپى، مەۋقەنىڭ ئالاھىدىلىكى، يولنىڭ ماھىيىتىگە نىسبەتەن دائىم سەگەكلىكنى ساقلاش، ھەقىقەتەن ئەڭ ياخشى تاللاشتۇر. بىز پەقەت مۇشۇ يولدا ماڭغان ۋاقتىمىزدىلا، ئاندىن ئاشۇ بىر ئەۋلاد مەشھۇر، تەڭداشسىز قەھرىمانلارغا ئوخشاش، جاھالەتپەرەسلىكنىڭ پاتقىقىدىن قۇتۇلالايمىز.

# قۇرئان ئوچۇق كۆرسەتكەن يولنىڭ ماھىيىتى

قۇرئاننىڭ مەككىدىكى 13 يىلدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان ئايەتلىرىدە، پەقەت بىرلا تېما چۈشەندۈرۈلگەن، گەرچە بايان قىلىش ئۇسۇلى ئاساسەن قايتىلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تېمىمۇ ئۆزگەرتىلمىگەن بولۇپ، قۇرئاننىڭ ئەدەبىي ئىستىلى ھەر بىر قېتىم بايان قىلىنغاندا يېڭى شەكىل ئاتا قىلدى، ھەتتا ئۇ ھەر قېتىمدا ئۇ تېمىنى خۇددى بىرىنچى قېتىم چۈشەندۈرۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بەردى.

قۇرئان ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە قىيىن، شۇنداقلا ئەڭ چوڭ مەسىلىنى، يەنى بۇ دىندىكى ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە - ئېتىقاد مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپى، ئىلاھ ۋە ئىلاھى ھۆكۈمرانلىق، ئىنساننىڭ ماھىيىتى ۋە ئىنسانىي قەدىر - قىممەت، شۇنداقلا بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە نامايان بولىدۇ.

قۇرئان ئىنسانىيەتكە ئىمان - ئېتىقادنىڭ ھەقىقىتىنى جاكارلايدۇ: ئىنسان ئۇقۇمى بارلىق ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۇقۇم دائىرىسىدە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەبلەر ۋە باشقا ھەرقانداق دەۋردىكى ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش؛ خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئەرەبلەر بىلەن باشقا مىللەتلەر، شۇنداقلا باشقا ھەرقانداق دەۋردىكى ئەرەبلەر بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دائىرىدە بولغانغا ئوخشاش.

ئېتىقاد مەسىلىسى، ھەقىقەتەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىسى بولۇپ، ھەر قانداق دەۋردە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ كائىناتتىكى مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى مەسىلىسى، ئىنسانىيەت ۋە كائىنات، ئىنسانىيەت ۋە باشقا جانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى؛ ئەڭ ئاخىرىدا يەنە ئىنسانىيەت ۋە كائىنات، شۇنداقلا ئۇنىڭ بارلىق ھاياتلىق ھادىسىسى (بىئولوگىيىلىك ھادىسىلەر) بىلەن ياراتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى؛ بۇ مەسىلە بىردىنلا يوقاپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ «مەۋجۇتلۇق» بىلەن ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت.

قۇرئاننىڭ مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلىرى ئىنسانىيەتكە

«مەۋجۇتلۇق»نىڭ سىر-ھېكمىتىنى يېشىپ بەردى. ئىنساننى چۆرىدىگەن ھالدا كائىناتنىڭ سىر-ھېكمىتىنى چۈشەندۈرگەن ۋاقىتدا، ئىنسانغا: «ئۆزىڭىز كىم؟»، «نەدىن كەلدىڭىز؟»، «نېمە ئۈچۈن كەلدىڭىز؟»، «ھاياتلىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن نەگە بارىسىز؟»، «سىلەرنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، بۇ دۇنياغا كەلتۈرگەن كىم؟»، «سىلەرنى ئۆلتۈرىدىغان كىم؟ ئاقىۋىتىڭلار قانداق بولىدۇ؟» دېگەن سۇئاللارنى قويىدۇ. يەنە ئىنسانغا: «سىلەر كۆرۈۋاتقان ۋە ھېس قىلىۋاتقان كائىنات ھادىسىسى زادى نېمە؟»، «سىلەرنى ھاياجانغا سالغان، لېكىن سىلەر كۆرمەيۋاتقان، پۈتكۈل كائىناتنى نازارەت قىلىۋاتقان سىرلىق كۈچ زادى نېمە؟»، «ئاجايىپ-غارايىباتلار بىلەن تولغان سىرلىق كائىناتنى ياراتقان كىم؟»، «ئۇنى لايىھىلىگەن كىم؟»، «ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرگەن كىم؟»، «سىلەر كۆرۈۋاتقانغا ئوخشاش كېچە-كۈندۈزنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كىم؟»، بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىنسانغا: «كائىنات ۋە ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېرەك؟»، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنسانغا: «ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مانا بۇ ئىنسانىيەتنىڭ «مەۋجۇتلۇقى»دىكى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلە، بۇ كەڭرى ئالەمدە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ مەسىلە باشتىن-ئاخىر ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئەگىشىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

توپتوغرا 13 يىل ۋاقىت، پەقەت بۇ ئەڭ مۇھىم مەسىلە- ئىمان-ئېتىقاد مەسىلىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىندى. ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدا، ئىمان-ئېتىقاد بەرپا بولغاندىن كېيىن، پەقەت مۇشۇ ئىمان-ئېتىقاد ئاساسىدا باشقا ھەر خىل ئېھتىياجلار ۋە تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى مەسىلىسىدىن جۇزئى (قىسمەن) خۇلاسە چىقىرىلىدۇ.

قۇرئاننىڭ مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلىرى بۇ ئاساسى تېمىدىن ھالقىغان ھالدا، تۇرمۇش تۈزۈمىگە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلار ئۈستىدىن جۇزئى خۇلاسە چىقارمىغان. ئۇنىڭ ئاساسى سەۋەبى: ئىمان-ئېتىقاد ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈلگەن، ئىمان ئاللاھ ئۆزى تاللىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مۇستەھكەم يىلتىز تارتقاندىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى

ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئاللاھ ئىسلامنى ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنى ئىرادە قىلىپ، ئىسلامنىڭ ئەمىلىي تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇلار ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇردى.

مۇقەددەس دىنىنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى ۋە ئىسلامى تۈزۈمنى رېئال تۇرمۇشىدا نامايان قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلار، بۇ زور تارىخى ھادىسە ئۈستىدە قايتا-قايتا پىكىر قىلىشى ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشى كېرەك! مانا بۇ دەل توپتوغرا 13 يىلدا، قۇرئاننىڭ مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلىرىدە نېمە ئۈچۈن ئىمان-ئېتىقادنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىنغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىمان-ئېتىقاد بەرپا قىلىشتىن ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە ئىسلامى جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن مۇكەممەل قانۇن تۈزۈشكە ئۆتۈش ئۈچۈن ئالدىرىمىغانلىقىدىكى سىر.

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ھەقىقەتەن ئىمان-ئېتىقادنى ئىسلامى بۇرچنى ئادا قىلىشقا باشلىغان بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا دۇچ كېلىدىغان مەسىلە قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۆز پەيغەمبىرىنى ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان بىرىنچى قەدىمىدىلا «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمىنى تەشۋىق قىلىشقا بۇيرۇپ، كىشىلەرگە كىمنىڭ ھەقىقىي ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىپ، ئىنسانلارنى ياراتقۇچىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە چوقۇنماسلىقىقا يېتەكلەيدۇ. تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە ئىنسانلارنىڭ چەكلىك ئەقىل-پاراستىدىن قارىغاندا، بۇ ھەرگىزمۇ ئەرەبلەرنىڭ قەلبىنى ئاچىدىغان ئەڭ ئاسان ئۇسۇل ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئەرەب تىلىدىكى «خوجايىن» ۋە «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەننىڭ مەنىسىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى[4]، ئۇلار يەنە «ئاللاھنى بىر بىلىش نەزەرىيىسى» (تەۋھىد)نىڭ ئىلاھلىقنىڭ ئاللاھقىلا خاس ئىكەنلىكىنى، روھانى-راھىپلار، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھوقۇق-ئىمتىيازلىرىنى تارتىۋېلىپ ئاللاھقا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنەتتى، ئاللاھ قەلبكە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى، ئىدىيىۋى-ھېسسىيات، رېئال تۇرمۇش، پۇل-مال، قانۇنى ھۆكۈم، روھ ۋە تەنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىسى. ئۇلار «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمىنىڭ ئىلاھلىقنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى بولغان سىياسى ھوقۇقنى

[4] ئۇلار «ئىلاھ» نىڭ دەل «ئەڭ ئالى ھۆكۈمران» ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى.

تارتىپ ئالىدىغان بىر مەيدان ئىنقىلاپ ئىكەنلىكىنى، بۇ خىل تارتىپ ئېلىشنى ئاساس قىلىپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىدىغان بىر مەيدان ئىنقىلاپ ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا يەنە ئۆزلىرىنىڭ نەپسى-خاھىشى بويىچە قانۇن تۈزىدىغان ھەر خىل سىياسىي ھۆكۈمرانلىققا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر مەيدان ئىنقىلاپ ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىغان، ئەرەبلەر «بىر ئاللادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمىنىڭ مەنىسىنى بىلمەي قالمايدۇ (ئۇلار ئەلۋەتتە ئۆز تىلىنى پىششىق بىلىدۇ). بۇ خىل تەشۋىقاتنى ئۇلارغا نىسبەتەن ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئەرەبلەر ئەلۋەتتە چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىسلامغا ياكى بۇ بىر مەيدان ئىنقىلاپقا ئاشۇنداق ئۆچمەنلىك پوزىتسىيىسى تۇتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىيەتكە كۆپچىلىككە مەلۇملۇق بولغان بىر قاتار ئۇرۇشلارنى قوزغىغان.

بۇ، نېمە ئۈچۈن ئىسلامنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ئىسلامنى تارقىلىشى بىلەنلا شۇنچە نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولۇشقا ئىرادە قىلىدۇ؟

ئاللاھ بۇ دىن بىلەن ئۆزىنىڭ ئەلچىسىنى ئەۋەتتى، لېكىن ئىنتايىن باي بولغان ئەرەب زېمىنى ئەينى ۋاقىتتا ئەرەبلەرنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن زومىگەرلىك بىلەن تارتىۋېلىنغان ئىدى!

شىمال تەرەپتىكى ئىككى دەريا ۋادىسى رىم ئىمپېرىيىسىگە بويسۇنغان بولۇپ، رىملىقلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئەرەب بەگلىرىنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. جەنۇبتىكى يەمەن پارسلارغا بويسۇنغان بولۇپ، پارسلار تەيىنلىگەن ئەرەب بەگلىرىنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ قولىدا پەقەت ھىجاز، تىھامە ۋە نەجد، شۇنداقلا چوڭ قۇملۇققا تارقاق ھالدا جايلاشقان بىر نەچچە پارچە مۇنبەت يېشىللىقلار بار ئىدى.

بەلكىم بەزىلەر: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى ئىقتىدارلىق ئىدى — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جامائەت بىردەك ئېتىراپ قىلغان سەممىي زات بولۇپ، ئۇنىڭ قان سىستېمىسى قۇرەيش قەبىلىسىدىكى ئەڭ ئېسىل جەمەت - بەنى ھاشىم جەمەتىگە مەنسۇپ

ئىدى. ئۇ ئاللاھ تاپشۇرغان مۇقەددەس بۇرچنى قوبۇل قىلىشتىن 15 يىل ئىلگىرى «ھەجەر ئەسۋەد ۋەقەسى»دە قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرى ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش چوڭ ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھۆكمىگە ئىتائەت قىلغان، ئۇنداقتا ئۇنىڭ چوقۇم، ئەرەبلەرنىڭ مىللەتچىلىك ھېسسىياتىنى قوزغىتىپ، قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭ-تالاڭ بىلەن بۆلۈنۈپ كەتكەن ئەرەبلەرنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتپەرۋەرلىكنى يېتەكچى قىلىپ، شىمالدىكى رىم ئىمپېرىيىسى ۋە جەنۇبتىكى پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىدىكى ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئازات قىلىپ، ئەرەب مىللەتپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مىللەتلەرنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىقتىدارى بار ئىدى، دېيىشى مۇمكىن.

يەنە بەزىلەر بەلكىم: ئەگەر ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇشۇنداق سەپەرۋەر قىلغان بولسا، ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى چوقۇم ئاۋاز قوشقان، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ 13 يىل خالىغانچە زىيانكەشلىك قىلىشىغا دۇچار بولمىغان بولاتتى، دەپ مۇنازىرە قىلىشى مۇمكىن.

يەنە بەزىلەر بەلكىم: ئەرەبلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ داھىيىسى ۋە باش قوماندانى قىلىپ، ھوقۇق ۋە شان-شەرەپنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان، ھەمدە كىشىلەر ئۇنىڭ نوپۇزى ئالدىدا تىز پۈككەندىن كېيىن، ئۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، بۇ خىل نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئاللاھنى بىر بىلىش (تەۋھىد) نەزىرىيىسىنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇرچىنى ئادا قىلالايتتى، دەپ ۋالاقلىشى مۇمكىن. ئەمما مەدھىيىگە لايىق، ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك، ھەممىنى تولۇق بىلگۈچى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەلچىسىنى بۇ خىل يولغا يېتەكلىمىدى. بەلكى ئۇنى «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمىنى تەشۋىق قىلىش يولىغا يېتەكلەپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئاز سانلىق كىشىلەرنى بۇنداق ئازاب-ئوقۇبەت، جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشكە تەۋسىيە قىلدى.

نېمە ئۈچۈن؟ ھەقىقەتەن، ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشنى خالىمايدۇ، لېكىن مەدھىيىگە لايىق ئۇلۇغ ئاللاھ بۇنىڭ توغرا يول ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. ئىسلامى يول ھەرگىزمۇ زېمىننى رىملىقلار ياكى پارسلارنىڭ ۋەھشىيانە

ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىن تارتىۋېلىپ، ئەرەب زالىملىرىنىڭ ياۋۇزلارچە ھۆكۈمرانلىقىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئەمەس؛ چۈنكى قايسى ئىرق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ياۋۇزلارچە ھۆكۈمرانلىق دېگەن بەربىر ياۋۇزلارچە ھۆكۈمرانلىق، بۇ زېمىن ئاللاھنىڭ، ئۇنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش كېرەك، بۇ زېمىندا پەقەت «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن بايراق لەپىلدىگەن ۋاقتىدا، ئاندىن بۇ زېمىن ئاللاھقا تاپشۇرۇلغان ھېسابلىنىدۇ. ئىسلامى يول ھەرگىزمۇ كىشىلەرنى رىملىقلار ياكى پارسلارنىڭ ۋەھشىيانە قول قىلىشىدىن ئازات قىلىپ، ئەرەبلەرنىڭ ۋەھشىيانە قول قىلىشىغا تۇتۇپ بېرىش ئەمەس. قايسى ئىرقتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋەھشىيلىك دېگەن ھامان ۋەھشىيلىك! ئىنسانلار پەقەت ئاللاھنىڭلا قۇلى بولۇپ، ئۇلار پەقەت «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن بايراقنى ئېگىز كۆتۈرگەن ۋاقتىدا، ئاندىن ئۇلار ئاللاھنىڭ سادىق قۇللىرى بولالايدۇ، «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن بۇ كەلىمە ـ خۇددى ئوقۇمۇشلۇق ئەرەبلەر ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك ـ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھقىلا خاس، قانۇن ـ تۈزۈش ھوقۇقى ئاللاھقىلا مەنسۇپ، ھېچكىمنىڭ ھەر قانداق ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئىسلام ئېتىراپ قىلغان تەۋەلىك پەقەتلا ئېتىقاد، ئېتىقادتىن ئىبارەت بۇ تەۋەلىكتە، ئەرەبلەر، رىملىقلار، پارسلار، باشقا ھەرقانداق ئىرقتىكىلەر، باشقا ھەر قانداق تەن رەڭگى ئوخشىمايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بايرىقى ئاستىدا باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئوخشاش مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەيدۇ.

ئاللاھ مۇشۇ دىن بىلەن ئۆزىنىڭ ئەلچىسىنى ئەۋەتتى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب جەمئىيىتى ئىجتىمائىي ئادالەت ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ تەقسىملىنىشىدىن قارىغاندا، دۇنيادىكى ئەڭ چىرىك جەمئىيەت بولۇپ، ئاز ساندىكى كىشىلەر پۇل ـ مال ۋە سودا ـ سېتىقنى مونوپول قىلىۋېلىپ، جازانىخورلۇق قىلمىشلىرى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتەتتى، لېكىن زور كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئاچارچىلىق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ياشايتتى، بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بايلار شان ـ شەرەپ بىلەن مەرتىۋىلەرنى زورلۇق بىلەن ئىگەللىۋالغان بولۇپ، كەڭ پۇقرالار مال ـ مۈلكى ۋە ئىپتىخارىنى يوقاتقان ئىدى!

بەلكىم بەزىلەر: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقەتەن ئىجتىمائىي ئادالەت تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بىر مەيدان ئۇرۇش قوزغاپ، ھەمدە بۇ ئۇرۇشنىڭ مەقسىتىنى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى دەپ چۈشەندۈرۈپ، بايلارنىڭ مال-مۈلكىنى كەمبەغەللەرنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بېرەلەيدىغان قابىلىيىتى بار ئىدى، دېيىشى مۇمكىن.

يەنە بەزىلەر بەلكىم: ئەگەر ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇنداق چاقىرىق قىلغان بولسا، ئەرەب جەمئىيىتى چوقۇم ئىككى قوتۇپقا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولاتتى. زور كۆپ سانلىق كىشىلەر پۇل-مال، شان-شەرەپ ۋە ئورۇن-مەرتىۋىنى دەپ بۇ بىر مەيدان يېڭى ئىنقىلاپقا قاتناشقان بولاتتى، ئىنتايىن ئاز سانلىق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بىر سەپ بولۇپ ئۇيۇشاتتى. بۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ بىرلىشىپ «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمىگە قارشى چىقىشىغا قارىغاندا كۆپ ئاسان ئەمەسمۇ؟ دەپ مۇلاھىزە قىلىشلىرى مۇمكىن.

لېكىن، ئەمىلىيەتتە ئۇ چاغدا پەقەت ئاز سانلىق مۇئمىنلەرلا ئىمان-ئېتىقادىنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتكەن بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەستىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرەپتە تۇرغان.

يەنە بەزىلەر بەلكىم: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن ئالدى بىلەن زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇندۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىنتايىن ئاز ساندىكى جاھىل ئۇنسۇرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى تىكلىگەندىن كېيىن، مۇۋاپىق پەيتتە،ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە نوپۇزىغا تايىنىپ «ئاللاھنى بىر بىلىش» ئېتىقادىنى بەرپا قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا تاپشۇرغان بۇرچىنى ئادا قىلمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ نوپۇزى ئاستىغا باش ئەگدۈرۈپ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھنىڭ نوپۇزى ئاستىدا باش ئەگدۈرمەيدۇ؟ دەپ ۋالاقلىشى مۇمكىن.

لېكىن مەدھىيىگە لايىق، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ، ئۆزىنىڭ ئەلچىسىنى بۇ خىل يولدا مېڭىشقا يېتەكلىمىدى!

ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك، مەدھىيىگە لايىق ئۇلۇغ ئاللاھ، ھەقىقەتەن بۇ يولنىڭ توغرا يول ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئىجتىمائىي ئادالەتنىڭ ھەممىنى

ئاللاھقىلا تاپشۇرىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىقادى تونۇش (ئېدىئولوگىيە) ئاستىدا ئاندىن كېيىن جەمئىيەتتە ئۇرغۇپ چىقىپ ۋە ئومۇملىشىپ، ئۆزلىكىدىن ۋە خۇشاللىق بىلەن ئاللاھنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەت ۋە ئۆزئارا مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىش ھەققىدىكى ھۆكمىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تەلىم بەرگۈچى ۋە قوبۇل قىلغۇچىنىڭ روھى ھالىتىدە بىر خىل پەقەت باراۋەرلىك ئاساسىدا ئاللاھنىڭ تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش تونۇشى شەكىللىنىپ، ئۆزلىگىدىن دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ياخشى ئىشلار ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىگە بولۇش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبى نەپسانىيەتچىلىك ۋە ھەسەتخورلۇقتا تولماسلىقى ئۈچۈن تاياق ـ توقماق، نەيزە ـ قىلىچ بىلەن، تەھدىت ۋە ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھاجەتسىز، خۇددى «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمىنى ئاساس قىلماي ئىنقىلاپ ئېلىپ بارغان باشقا تۈزۈملەردە يۈز بەرگەنگە ئوخشاش، كىشىلەر قەلبىنىڭ پاسكىنىلىشىشى ۋە روھى چۈشكۈنلۈكلەر كېلىپ چىقمايدۇ!

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ۋاقىتتا، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەخلاق سەۋىيىسى ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئاللىقاچان ئەڭ ناچار ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن گۈزەل ئەخلاقلارمۇ بۇزۇۋېتىلگەن ئىدى.

ئادەم ئادەمنى خارلاش، بۇزەك قىلىش يامراپ كەتكەن بولۇپ، شائىر زۇھەر ئىبنى ئەبۇ سۇلەيم رۇمنىڭ ئۈچلۈك شېئىرىدىكى بايانلار بىزگە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

«كىمكى قوراللار بىلەن ئۆز ۋەتىنىنى قوغدىمايدىكەن، ھالاك بولىدۇ. كىمكى باشقىلارنى ئەزمەيدىكەن، ئۆزى باشقىلارنىڭ ئېزىشىگە دۇچار بولىدۇ.»

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئېقىپ يۈرگەن بۇ بىر جۈملە ماقال ـ تەمسىلمۇ بۇ ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

«قېرىندىشىڭ بىلەن بىرلىكتە گۇناھ قىلغىنىڭ، قېرىندىشىڭنىڭ باشقىلارنىڭ گۇناھىغا دۇچار بولۇشىدىن ساقلىنىشىغا ياردەم بەرگىنىڭ.»

ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناش جەمئىيەتتە ئومۇملاشقان ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنەتتى، جاھىلىيەت

دەۋرىدىكى ناخشا-قوشاقلارنىڭ كۆپچىلىكىدە بۇ يامان ئادەتلەر تەسۋىرلەنگەن ئىدى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى داڭلىق شائىر، «ئەسلەش»نىڭ ئاپتورى- ئىبنى ئابدۇنىڭ شېئىرلىرىدا بۇ خىل ئىجتىمائىي رېئاللىق ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن.

پاھىشىۋازلىق ۋە ئۇنىڭ خىلمۇ-خىل شەكلى ئۇ جەمئىيەتنىڭ بەلگىسىگە ئايلانغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللار قەدىمقى زامان ۋە ھازىرقى زامان جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ئىدى. بۇ ئىشلار ھەققىدە «مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى» ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن:

«جاھىلىيەت دەۋرىدىكى نىكاھلىنىش تۆت خىل بولۇپ: بىرىنچى خىلى، بۈگۈنكى كۈندىكى كىشىلەرنىڭ نىكاھلىنىشىغا ئوخشايتتى، ئالدى بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ چاي ئىچۈرۈلەتتى، ئەگەر ئىككى تەرەپ قوشۇلسا توي قىلاتتى. ئىككىنچى خىل شەكلى بولسا، ئايالى ھەيزدىن توختىغان ۋاقىتتا، ئېرى ئايالىغا، پالانى، پالانىنىڭ قېشىدا قونۇپ كەل، دەپ قويۇپ ئايالىدىن يىراقلىشاتتى، ھەتتا ئايالىغا قاراپمۇ قويمايتتى. ئايالى بىللە قونۇشقا بۇيرۇلغان ئاشۇ ئەرلەر بىلەن تاكى ھامىلدار بولغۇچە بىللە تۇراتتى، ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن، ئەگەر ئۇنىڭ ئېرى خالىسا، ئۇ ئايال بىلەن بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرەتتى، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق پەقەت بىر ئەقىللىق، ساغلام ئەۋلادقا ئىگە بولۇش مەقسەت قىلىناتتى! بۇ ئاتالمىش ‹ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش› ئىدى. ئۈچىنچى خىل شەكلى بولسا: قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر توپ ئادەم بىر ئايالنىڭ ئالدىدا جەم بولۇپ، ئۇ ئايال بىلەن بىر-بىرلەپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەتتى، شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئايال ھامىلدار بولاتتى، تۇغۇپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ ئايال ئاشۇ كىشىلەرنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتەتتى، ھېچكىممۇ كەلمەسلىككە جۈرئەت قىلالمايتتى، ئۇلار ھەممىسى كېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئايال: سىلەر ھەممىڭلار ئارىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىلىسىلەر، مەن ھازىر تۇغۇپ بولدۇم، دەپ جاكارلايتتى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۇلار ئارىسىدىن بىر ئادەمنى تاللاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا: ‹ھەي! بۇ سېنىڭ بالاڭ› دەيتتى. ئاندىن كېيىن ئاشۇ ئەر كىشىنىڭ فامىلىسى بويىچە بالىغا ئىسىم قوياتتى، ئۇ ئەر كىشى بۇ ئايالنىڭ بۇنداق قىلىشىنى ھەرگىز رەت قىلالمايتتى، شۇنداقلا بالىنى ئېلىپ كېتەتتى. تۆتىنچى خىل شەكلى بولسا: پاھىشە ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇسىغا بايراق

ئېسىپ قويۇپ بەلگە بېرەتتى. ئەرلەردىن كىم خالىسا، ئۇ ئايالالار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەتتى، ئۇ ئايالالار ھېچكىمنى رەت قىلمايتتى، ئۇ ئايالالارنىڭ ئارىسىدىن بىرەرسى ھامىلدار بولۇپ، بوۋاقنى تۇغقاندىن كېيىن، بۇ ئايال بىلەن بىللە بولغان ئۇ كىشىلەر يەنە جەم بولاتتى، ئۇلار مەخسۇس بوۋاقلارنىڭ قان سىستېمىسىنى ئايرىيدىغان كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ كېلەتتى. ئۇ ئادەم كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا، بوۋاقنى تىلى بىلەن يالايتتى، ئاندىن كېيىن، بالا پالاننىڭ قانداشلىقىغا مەنسۇپ دەپ ئېلان قىلاتتى، ھېچكىمنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايتتى».

بەلكىم بەزىلەر: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەينى ۋاقىتتا، بىر مەيدان جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ھەرىكىتىنى ئېلان قىلىپ، ئەخلاقنى تۈزۈپ، جەمئىيەتنى تازىلاپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى پاكلاش ئىقتىدارى بار ئىدى، دېيىشى مۇمكىن.

يەنە بەزىلەر: خۇددى ھەر قانداق بىر شارائىتتا ئەخلاقنى ياخشىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان ئادەمگە ئوخشاش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەرنى بايقىغان. ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسى پاك بولۇپ، ئاشۇ ئېپلاسلىقلاردىن قاتتىق يىرگىنەتتى. ئۇلار مەردۇ-مەردانە، جاسارەتلىك، ئادالەتپەرۋەر كىشىلەر بولۇپ، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تازىلاش چاقىرىقىغا چوقۇم ئاۋاز قوشاتتى، دەپ مۇلاھىزە قىلىشلىرى مۇمكىن.

بەلكىم يەنە بەزىلەر: ئەگەر ئالالاھنىڭ ئەلچىسى مۇشۇنداق ئىشلارنى ئېلىپ بارغان بولسا، ئالىي پەزىلەتلىك، روھى دۇنياسى پاك بولغان ئاشۇ كىشىلەر، چوقۇم قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان بولاتتى. ھەممە ئۇلارنىڭ قەلبى ئاستا-ئاستا ئىسلامغا مايىل بولۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلامنى تارقىتىش بۇرچىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولاتتى. بۇنداقتا «بىر ئالالاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن بۇ كەلىمە تەشۋىق قىلىنىشى بىلەنلا بىر مەيدان شىددەتلىك قارشىلىققا دۇچ كەلمىگەن بولاتتى، دەپ ۋالاقلىشى مۇمكىن.

ئەمما، ھەمدىگە لايىق ئۇلۇغ ئالالاھ، ھەقىقەتەن بۇ يولنىڭ توغرا يول ئەمەسلىكىنى، ئىمان-ئېتىقادنى ئاساس قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، بولمىسا ئەخلاقى-پەزىلەتنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆز ئىزىغا چۈشمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا، ئىمان-ئېتىقاد بىلەن قىممەت ئۆلچىمىنى بەلگىلەپ، قىممەت قارىشى

تىكلەش لازىم. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىمان ـ ئېتىقادنى قىممەت قارىشى ۋە قىممەت ئۆلچىمىنى بەلگىلەشتىكى ئىمتىياز قىلىپ، مۇشۇ ئىمتىياز ئارقىلىق تەمىناتنى كونترول قىلىپ، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشتا ئادىل بولۇپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك. چۈنكى ئىمان ـ ئېتىقاد ئارقىلىق تىكلەنگەن ئىمتىياز بەرپا قىلىنىشتىن ئىلگىرى قىممەت قارىشى داۋالغۇپ تۇرىدۇ. داۋالغۇپ تۇرغان بۇ خىل قىممەت قارىشى ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان ئەخلاق ئۆلچىمى پۈت تېرەپ تۇرالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ھەم مىزانى يوق، ھەم ئىمتىيازى يوق، ھەم جازا تەدبىرى يوق.

جاپا مۇشەققەتلىك كۈرەش ئارقىلىق، ئىمان ـ ئېتىقاد يىلتىز تارتقان ۋاقىتتا، ئىمان ـ ئېتىقاد تايىنىدىغان ئىمتىياز كۈچەيتىلگەندە: كىشىلەر ئۆز ئىگىسىنى ھەقىقىي تونۇپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پەقەت بىردىنبىر ئاللاھقىلا چوقۇنغان ۋاقىتتا، ئىنسانىيەت ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىن ئازات بولۇپ، نەپسى ـ خاھىشىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان ۋاقىتتا: «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمە كىشىلەر قەلبىدە مۇستەھكەملەنگەندە، ئاللاھ بۇ ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئارقىلىق يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاجايىب نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. زېمىن رىملىقلار، پارسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى. لېكىن بۇ ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى زېمىننى تازىلاپ، ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش ئۈچۈن بولدى. زېمىن ياۋۇزلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى. بۇ ياۋۇزلار رىملىقلار بولسۇن، پارسلار بولسۇن ياكى ئەرەبلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى بىر قېلىپتىن چىققاندەكلا بىر ـ بىرىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ.

پۈتكۈل جەمئىيەت ئادالەتسىزلىكتىن قۇتۇلغانلىقتىن پاكىزلاندى. ئىسلامى تۈزۈم بەرپا قىلىنىپ، ھەممە ئىشقا ئاللاھنىڭ ئادالىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىندى. ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەندى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئىجتىمائىي ئادالەت تۇغى ئېگىز كۆتۈرۈلدى، «بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمىنى ئىسلام بايرىقى قىلدى، باشقا ھەر قانداق ناملارنى قىلچە كېرەك قىلمىدى.

روھ ۋە ئەخلاق پاكلاندى، قەلب ۋە روھ بارلىق رەزىللىكلەردىن يىراقلاشتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بۇنى يۈكلىشى ۋە ئاللاھنىڭ قانۇنى

بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلمىدى، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەمەلگە ئاشتى (پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى قايتا-قايتا تەربىيە بېرىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرگە جازا بېرىلدى). چۈنكى ئىمان-ئېتىقاد ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى نازارەت قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. كىشىلەرنىڭ بارلىق ئىزدىنىشلىرى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ۋە نېئمىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولدى، ھاياتلىقتا پەقەت ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە جازاسىدىن قورقۇپ ياشىدى، شۇنداق، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قورقۇش، نازارەت قىلىش ۋە جىنايى جازانىڭ ئورنىنى ئىگەللىدى.

ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش تۈزۈمى، ئەخلاق ئۆلچىمىدە ئىلگىرىلەش بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان يۇقىرى دەرىجىگە يەتتى، بۇ دەرىجىگە ئىسلامدىن باشقا تۈزۈملەردە، كېيىنكى ئىنسانلار يەنە قايتا يېتەلمىدى.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورۇنلىنىشىدا دۆلەت، سىياسىي تۈزۈلمە، قانۇن-تۈزۈم شەكلىدە بۇ دىننى بەرپا قىلغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئالدى بىلەن ئىسلامى ئېتىقاد مۇستەھكەملەندى، ھەمدە ئەخلاق، چوقۇنۇش ئۇسۇلى، ئىش-ھەرىكىتى ۋە تۇرمۇشىدا بۇ ئېتىقادنى ئەمىلىيەتتىن ئۆتكۈزدى. ئاللاھ ئىسلامنى بەرپا قىلىش شەرتى بىلەن ئۇلارغا بىر ۋەدە بەردى. ئۇ ۋەدە شانلىق نەتىجە ۋە ھوقۇق ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنىڭ قولىدىكى دىنمۇ ئەمەس. بۇ ۋەدە پانى دۇنيانىڭ تۇرمۇشى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، ئۇ دەل- جەننەت. مانا بۇ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان نېئمەت. بۇ نېئمەت مۇشەققەتلىك جىھاد، قاتتىق سىناق، دىننى تەشۋىق قىلىش يولىدىكى جاپالار بەدىلىگە، پۈتۈن دۇنيادا ھەر قانداق زامان ۋە ماكاندىكى زالىملار يامان كۆرىدىغان سوۋغا- «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمە ئارقىلىق جاھالەتپەرەسلىك بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ!

شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنى سىنىغان ۋاقتىدا، ئۇلار ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، ھەر قانداق ئوي-پىكىرنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلىدى. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىنئام (بۇ ئىنئامنىڭ شەكلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەنى ئىسلامنىڭ تارقىلىشى جەھەتلەردە نەتىجىلەرگە ئېرىشىشۇن، ياكى ئۇلارنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە، بۇ زېمىندا ئاللاھنىڭ دىنى بەرپا بولسۇن- بۇلارنىڭ

ھېچقايسىسى ئۇلار ئارزۇ قىلىدىغان ئىنئام ئەمەس) ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسى ئەجدادلىرى ۋە قەۋمىنىڭ قان سىستېمىسى ئارقىلىق پەخىرلەنمىگەنىدە، ئۇلار ۋەتەن ۋە زېمىنى ئارقىلىق ئۆزىنى يەنە چوڭ چاغلىمىغاندا، ئۇلار يەنە يېقىن تۇغقانلىرى ۋە ئائىلىسى بىلەن ئۆزىنى چوڭ تۇتمىغان ۋاقىتتا، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بىر ئۇلۇغ، شەرەپلىك ھەم ئېغىر ۋەزىپىنى (ھاۋالىنى) ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان سەمىمىي سادىق مۇخلىسلاردىن بولۇپ تاۋلىنىپ چىققانلىقىنى بىلىدۇ، ئۇ ھاۋالە (ۋەزىپە) دەل پۈتۈن دۇنيادا «ئاللاھنى بىر بىلىش» ئېتىقادىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئېتىقاد ۋە قەلب، ئىدىيە ۋە ھەرىكەت، روھ ۋە مال ـ دۇنيا، تۇزۇم ۋە ھوقۇق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ ھەممىنى بىردىنبىر ئاللاھقا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. دېمەك، بۇ ساداقەتمەن مۇخلىسلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ھوقۇقتا ئىنتايىن ساداقەتمەنلىك كۆرسەتكەن. بۇ خىل ھوقۇقتا تايىنىپ ئىسلام قانۇنىنى بەرپا قىلىپ ۋە ئۇنى يۈرگۈزۈپ، ھەممىنى ئاللاھنىڭ ئادالەتلىك ھۆكمى ئارقىلىق ئۆلچىگەن. بۇنداق قىلىش ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن، ياكى ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى، مىللىتى، قەبىلىسى ئۈچۈن ئەمەس، ياكى ئاللاھ ئاتا قىلغان ھوقۇقتا تايىنىپ ئازراق مەنپەئەتكە ئىگە بولۇۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان ھوقۇق (ئىمتىياز) ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا تەئەللۇق بولۇپ، پەقەت ئاللاھنىڭ دىنى ۋە ئىسلام قانۇنىغا مەنسۇپ، چۈنكى ئۇلار ھوقۇق (ئىمتىياز)نىڭ پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا كېلىدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ بۇ ھوقۇقى (ئىمتىيازىنىڭ) ئۇلارغا تاپشۇرۇلغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ.

بۇنى باشلىنىش قىلىشتىن باشقا ئۇسۇل بىلەن، بۇ ئىلاھى تۇرمۇش يولى بۇنداق يۈكسەك پەللىگە يېتەلمەيدۇ. ئىسلامنى تارقىتىشتا پەقەت «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق مەنانى ئارىلاشتۇرماسلىق كېرەك. ئىسلامنىڭ تارقىلىشى پەقەت ئاشۇنداق قارىماققا جاپالىق ۋە ئەگرى ـ توقاي، لېكىن ئەمەلىيەتتە بەخت ـ سائادەتلىك ۋە داغدام يولنى ئالغا ئىلگىرىلەش يولى قىلغاندا، ئاندىن تۇسالغۇسىز ھالدا غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام تارقىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى «مىللەتپەرۋەرلىك چاقىرىقى» قىلىپ ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ،

ئەخلاقنى ياخشىلاشنى ئۇنىڭ تەشەببۇسى قىلىپ، «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمىدىن باشقا بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىرىپ، چاقىرىق قىلغان بولسا، ئىسلامى تۇرمۇش يولى ۋۇجۇتقا چىقمىغان، شۇنىڭ بىلەن ھەممىنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ بولۇشىدىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت ئەمەلگە ئاشمىغان بولاتتى.

مانا بۇ دەل قۇرئاننىڭ مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بارلىق ئىشلار ـ ئىدىيە ۋە قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن ئېتىقادنى بەرپا قىلىپ، قارىماققا جاپالىقتەك تۇيۇلغان بۇ يولنى تاللاپ، باشقا يوللارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىپ، ھەمدە بۇ داغدام يولدا قەتئىي تەۋرەنمەستىن مېڭىش.

مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ باشتىن ـ ئاخىرى ئىمان ـ ئېتىقاد مەسىلىسىنى كۆچەپ چۈشەندۈرۈپ، بۇ بىر ئېتىقاد ئۈستىگە بەرپا قىلىنىدىغان قانۇن ـ تۈزۈم ھەققىدە ئىزدەنمىگەنلىكىنى، ھەمدە ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن قانۇنلار بىلەن مەشغۇل بولمىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ بىر پاكىت ھەققەتەن ئىسلامنى تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنىڭ سەگەكلىك بىلەن ئويلىنىپ بېقىشىغا ئەرزىيدىغان بىر چوڭ مەسىلە.

شۈبھىسىزكى، مانا بۇ دەل بۇ دىننىڭ ماھىيەتلىك بىر تەلپىي، چۈنكى ئىسلام بىردىن ـ بىر ئىلاھلىق ۋە ئىلاھى ھۆكۈمرانلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق تۈزۈمى ۋە قانۇنلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ ئۇلۇغ مەنبەدىن بارلىققا كەلگەن. خۇددى ئېگىز ھەم تۈز ئۆسكەن، يوپۇرماقلىرى باراقسان، ئېگىزلىكتە بۇلۇتلارغار تاقاشقان ناھايىتى چوڭ بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇنىداقتا ئۇنىڭ چوقۇم مۇنبەت تۇپراققا چوڭقۇرلاپ كىرگەن، ئەتراپقا كېڭەيگەن يىلتىزى بولۇپ، ئۇنىڭ غايەت زور جىسمى ۋە ئېگىزلىكى بىلەن ئوخشاش. ئىسلاممۇ دەل مۇشۇنداق بولۇپ، ئۇنىڭ تۈزۈمى تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىنسانىيەتنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا چېتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىغا بولغان يېتەكچىلىكىدە، پەقەت بۇ دۇنيا ھاياتىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئاخىرەت ھاياتىمۇ بار. كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ماددى دۇنيا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە سىرلىق روھى دۇنيامۇ بار. پەقەت ماددى ھادىسىلەرنىلا

ئاساس قىلغان ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرلا ئەمەس، بەلكى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى سىرلامۇ بار. مەنبىئى چوڭقۇر، زور ۋە ئۇلۇغۋار، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرمۇش تۈزۈلمىسى-ياراتقۇچىنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ئۇنىڭ بىپايان ھەم چوڭقۇرلىقىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. مانا بۇ ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ تۇرمۇش يولى ئۆز قۇرۇلمىسىنى مۇستەھكەملەش ھەمدە كېڭەيتىش بىلەن چەكلەنگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىمان-ئېتىقادنى بەرپا قىلىش ۋە مۇستەھكەملەش، ئىمان-ئېتىقادنىڭ ئومۇميۈزلۈكلۈكى ۋە ئالاھىدە تەرىپى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ روھى دۇنياسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ساغلام تەرەققى قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت بولۇپ، بارلىق كاپالەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كاپالەت، كۆككە تاقاشقان دەرەخ ۋە چوڭقۇر يىلتىز ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ماسلىشىش.

ھەر دائىم «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن ئېتىقاد، چوڭقۇر مەناسى بىلەن كىشىلەر قەلبىدە مۇستەھكەملەنگەن ۋاقىتتا، بۇنىڭغا ئەگىشىپلا كېلىدىغىنى دەل بۇ خىل ئېتىقادى تۈزۈمنى بەرپا قىلىشنى نامايان قىلىش بولۇپ، بۇ خىل ئېتىقادنى قوبۇل قىلغان قەلب ئۇنىڭ ئىنسان قەلبىنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغان بىردىن بىر تۈزۈم ئىكەنلىكىنى رازىمەنلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ، ھەتتا بۇ خىل تۈزۈمنىڭ تەپسىلىي كۆرسەتمىلىرى ۋە قانۇن تۈزۈش ئاساسلىرى ئۇلارغا كۆرسىتىلىشتىن ئىلگىرىلا، ئۇلار ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇنىدۇ. چۈنكى، بويسۇنۇش دەل ئىماننىڭ ئالدىنقى شەرتى، بۇ بويسۇنۇشنى باشلىنىش قىلغاچقا، مۇئمىنلەر ئىسلامنىڭ خىلمۇ-خىل قانۇن-تۈزۈملىرىنى ئۆزلىكىدىن ھەم خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئېلان قىلىنغان بۇيرۇقلارنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئىجرا قىلغان، ھەر قانداق بىر نۇقتىغا نىسبەتەن ھەرگىزمۇ ئاڭلىماسلىققا سېلىش پۈزىتسىيىسىدە بولمىغان، شۇنداق قىلىپ، ھاراقكەشلىك يىلتىزىدىن تۈگىتىلدى، جازانىخورلۇق تەلتۆكۈس يۇقىتىلدى، قىمارۋازلىق سۈپۈرۈپ تاشلاندى، ھەمدە جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ باشقا بارلىق ئەنئەنىۋى ناچار ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسى پاك پاكىزە تازىلاندى. بۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە، پەقەت قۇرئاننىڭ بىر نەچچە ئايىتى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەچچە ھەدىسىگىلا تايىنىلدى. ئەمما، بۈگۈنكى

كۆندىكى دىندىن خالىي بارلىق ھاكىمىيەتلەر غايەت زور كۈچ سەرپ قىلىپ، قانۇنى بۇيرۇقلار، جازالاش تۈزۈمى، ھەتتا ساقچى ۋە ئارمىيىنى ئىشقا سېلىپ، تۈگىمەس ئېلان ـ تەشۋىقاتلارنى قىلىپ، پەقەت بەزى خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى يۈزەكى جازالاش مەقسىتىگە يېتەلىدى، لېكىن، پۈتكۈل جەمئىيەت يەنىلا گۇناھ ـ مەئسىيەت ۋە رەزىللىك پاتقىقى ئىچىدە ئىڭراۋاتىدۇ!

ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ يەنە بىر تەرىپىمۇ بۇ پاك يولدا نامايان بولىدۇ. ئۇ ئاكتىپچان، ئەمەلىيەتچىل ھەرىكەتچان ئالاھىدىلىككە ئىگە يول. ئۇنىڭ نازىل بولۇشىدىكى مەقسەت ـ جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىپ، رېئال تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ، ئىسلامى مىزان ئارقىلىق بارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ھەقىقەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، جاھالەتلىك قىلمىشلارغا قارىتا قىلچە رەھىم قىلماي زەربە بېرىپ، ھەتتا ئۇنى يىلتىزىدىن قۇمۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئىسلام پەقەت كونكرېت ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا قانۇن تۈزۈپ بېرىدۇ. ھەمدە ئاللاھنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئېتىراپ قىلىدىغان جەمئىيەتتە بۇ قانۇن ـ تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

ئىسلام ھەرگىزمۇ باشقا خىلمۇ ـ خىل پەرەزلەر بىلەن ھەمنەپەس بولىدىغان نەزەرىيە ئەمەس! ئۇ بىر يول، بىر ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلگەن يول. شۇڭا، ئۇ ئالدى بىلەن «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن ئىمان كەلىمىسىنى ئېتىراپ قىلغان ئىسلامى جەمئىيەت قۇرۇلۇپ، قەلبىدىن تارتىپ ئەمەلىي ھەرىكىتىگىچە بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ ئاللاھقىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھدىن باشقا ھەر قانداق ئىنسانى ھۆكۈمرانلىقنى قەتئىي رەت قىلىشنى، بۇ خىل پىرىنسىپنى ئاساس قىلمىغان ھەر قانداق قانۇن ـ تۈزۈمنى قوبۇل قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىشى زۆرۈر.

بۇ جەمئىيەت بەرپا بولغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشى بىر خىل تۈزۈمگە مۇھتاج بولۇپ، بىر خىل قانۇن ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ. پەقەت مۇشۇ ۋاقىتتا، بۇ دىن، بۇ تۈزۈم ۋە قانۇنغا پۈتۈنلەي بويسۇنىدىغان مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۇچۇن ئۆزىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈم ۋە قانۇن ـ نىزاملىرىنى بەرپا قىلىشقا كىرىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق تۈزۈم ۋە قانۇنلارنى قوبۇل قىلىشنى ئاللىقاچان رەت قىلغان بولىدۇ.

مۇئمىنلەردە، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بۇ خىل ئېتىقاد بولۇشى زۆرۈر. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ تۇزۇمى ۋە قانۇنلىرىنىڭ جەمئىيەتتە ئەمەلىيلىششى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. تۈزۈمنىڭ ئابرويى، قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى بولغاندا، جەمئىيەت تېنچ بولۇپ، كىشىلەر ئۆزئارا چىقىشىپ ئۆتىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇسۇلمانلار مەككىدىكى ۋاقتىدا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭمۇ، جەمئىيەتنىڭمۇ ئىگىسى ئەمەس بولۇپ، ھوقۇق ئۇلارنىڭ قولىدا ئەمەس ئىدى. ئۇلار تېخى كۇپپارلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن مۇستەسنا ھالدا، ئاللاھنىڭ قانۇنى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى تەشكىللىيەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ مەزگىللەردە، ئاللاھ ئۇلارغا سىياسىي تۈزۈلمە ۋە قانۇن-تۈزۈم توغرىسىدىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلمىغان، پەقەت ئۇلارغا ئىمان-ئېتىقاد ھەققىدە ئايەتلەرنى نازىل قىلغان بولۇپ، بۇ خىل ئېتىقاد كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، ئۇلارپلا بۇ خىل ئېتىقادنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىنى ىبخلاندۇرىدىغان ئايەتلەر نازىل بولغان، تاكى ئۇلار مەدىنىدە ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇرغان ۋاقىتتا، سىياسىي تۈزۈلمە، قانۇن-تۈزۈم ھەققىدىكى ئايەتلەر نازىل بولۇپ، ئۇلارغا ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ رېئال مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ بېرىپ، دۆلەت مەمۇرى ۋاستىلەر ئارقىلىق قەتئىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ھەرگىزمۇ مەككىدە سىياسىي تۈزۈم ۋە قانۇنلارنى چۈشۈرۈپ، ئۇلارغا ئالدىنئالا «زاپاس ساقلىتىپ»، مەدىنىدە دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ «زاپاس ساقلانغان» قانۇن-تۈزۈملەرنى ئېلىپ چىقىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەمەس! بۇ ھەرگىزمۇ بۇ دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەمەس! ئۇ بۇنىڭدىن ئەمەلىيەتچىل، تېخىمۇ قەتئىي، ئەستايىدىل! ئىسلام ھەرگىزمۇ خىلمۇ-خىل شەكىلدىكى ساختا قىيىن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاندىن كېيىن بۇ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى پەرەز قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت ئىسلامى قانۇنلارغا بويسۇنۇپ ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ھەر قانداق شەكىللەردىكى قانۇنلارنى ئۇزۇل-كېسىل رەت قىلىدۇ. رېئال مەسىلىلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، شەكلى، مۇھىتى ۋە شارائىتىغا ئاساسەن بىۋاستە قانۇن بەلگىلەپ بېرىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، بەزى كىشىلەر ئىسلامنى بىر خىل ئەندىزە قىلىپ، ھەر خىل نەزەرىيىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ھەممىدە مۇشۇلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، خىلمۇ-خىل سىياسىي ئەندىزىلەرنى پەيدا قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە ھەر خىل قانۇنلارنى تۈزۈپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، بۈگۈنكى دۇنيادا ئىسلامى تۇرمۇش تۈزۈلمىسى ھەقىقەتەن جەمئىيەتكە نىسبەتەن بىردىنبىر ئىدەر قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ تونۇپ، شۇنىڭ بىلەن، بارلىق ئىنسانىي قانۇنلارنى رەت قىلىپ، مەمۇرى ھوقۇقلارنى بۇ تۇرمۇش تۈزۈمىنى ئەمىلىلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان جەمئىيەت تېخى يوق! ئەمىلىيەتتە بۇ ئادەملەر ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ دىنىنىڭ ماھىيەتلىك ئىلاھىدىلىكىنى ھەرگىز چۈشەنمەيدۇ. شۇنداقلا يەنە ھاياتىدىكى ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ مەقسەت-نىشانى بويىچە قانداق ئېلىپ بېرىشنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ.

بۇ ئادەملەر، ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك ئىلاھىدىلىكىنى، ئۇنىڭ تەرەققىيات يولى ۋە تەرەققىيات تەرتىپىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئىنسانلار ئۆزلىرى بەرپا قىلىۋالغان يول ۋە دىندىن خالى نەزەرىيىلەر بىلەن ماسلاشتۇرۇشنى ئويلايدۇ. ئۇلار باشقىدىن بىر ئۇدۇل يول ئېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىراڭغۇ روھى ھالىتى بىلەن ماسلاشتۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن بۇ خىل ئالدىراڭغۇلۇق، دەل ئىنسان تۈزگەن قانۇن-تۈزۈم ئالدىدا نامايان قىلىنغان مەغلۇبىيەتچىلىك كەيپىياتىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلىشىدىن ئىبارەت. بۇ ئادەملەر، بىر دۆۋە ئابستراكىت قاراش ۋە نەزەرىيە ئەندىزىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان كەلگۈسىگە يۈزلىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بۇنداق ئەمەس. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە، بۇ دىن ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ئۆرغۈپ چىققان بىر خىل ئېتىقاد بولۇپ، بۇ خىل ئېتىقاد دەل ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى باشقۇرىدۇ. تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىشىلەردىن ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن باشقا ھەر قانداق ھۆكۈمرانلىققا بويسۇنماسلىقنى، ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن باشقا ھەر قانداق قانۇن-تۈزۈمنى قوبۇل قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق ئېتىقادنى ھازىرلىغان كىشىلەر جەمئىيەتنى ئەمىلي كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ۋاقىتتا، ئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلار ئۈچۈن ئەمىلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، رېئال تۇرمۇشنى تەشكىللەيدىغان قانۇن تۈزۈپ بېرىدۇ.

مانا بۇ، ئاللاھ بۇ دىن ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن قەدەم باسقۇچ بولۇپ،

كىشىلەرنىڭ قانداق ئويلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى قەتئىي ئىرادە بولۇپ، قىلچىلىك ئۆزگەرمەيدۇ!

ئىسلامنى تارقاتقۇچىلارمۇ، باشقىلارنى بۇ دىننى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشكە چاقىرىق قىلغان ۋاقىتتا، ئالدى بىلەن كىشىلەرنى ئىسلامنىڭ ئاساسى ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشىنىشى كېرەك (گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان ئاتىۋالسىمۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىمۇ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرسىمۇ). كىشىلەر ئالدى بىلەن ئىسلامنىڭ «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن ئېتىقاد ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئۈستىگە بەرپا قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك. يەنى، ئىنسانلار بارلىق ئىشلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ ئاللاھقىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغان ھەمدە ئۇنى ياۋۇزلۇقنىڭ ئاساسى قىلىۋالغان ئاشۇ كىشىلەرنى قوغلاپ چىقىرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشىنىشى كېرەك. بۇ خىل ئېتىقاد كىشىلەرنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا مۇستەھكەم ئورۇنلىشىشى كېرەك، ھەمدە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلىشى كېرەك.

مانا بۇ دەل ئىسلام ئەڭ دەسلەپ تەشۋىق قىلغان ئاساس. شۇنداقلا بۇ، كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرىشتىكى يول بەلگىسى بولۇشى كېرەك. مانا بۇ دەل مەككىدىكى 13 يىلدا قۇرئان ئايەتلىرى كۈچەپ تەشۋىق قىلغان نۇقتىلار. پەقەت مۇشۇنداق پاك ئېتىقادقا ئىگە بىر توپ ئادەم بۇ دىنغا كىرگەن ۋاقىتتا، ئاندىن كېيىن بىز ئۇنى «ئىسلامى جەمئىيەت» دەپ ئاتىيالايمىز. پەقەت مۇشۇنداق ئىسلام جەمئىيىتى بولغاندا ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئىسلام تۈزۈمىنى كونكرت ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ماس كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۆزلىرىنىڭ بارلىق تۇرمۇشىنى ئىمان ـ ئېتىقادنىڭ بۇ ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇشنى تامامەن خالايدۇ، ھەمدە تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك ئىشلىرىدا پەقەت ئاللاھنىڭلا ھۆكمىگە بويسۇنىدۇ.

مۇشۇنداق بىر جەمئىيەت ھەقىقەتەن بارلىققا كېلىپ، ئىسلام تۈزۈمىنىڭ ئاساسى روھىنى نامايان قىلىشقا باشلىغان ۋاقىتتا، بۇ جەمئىيەت ئىسلامى تۈزۈمنىڭ ئومۇمى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاندىن كېيىن بۇ جەمئىيەتنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا زۆرۈر بولغان ھەر خىل قانۇن ۋە تۈزۈملەرنى بەلگىلەشكە

باشلايدۇ. مانا بۇ ئاكتىپچان، ئەمىلىيەتچىل ئىسلامى يولنىڭ توغرا بولغان قەدەم باسقۇچى ۋە تەرتىپى.

بەزى قەلبىدىن سادىق، لېكىن بىزنىڭ بۇ دىنى ئېتىقادىمىزنىڭ ماھىيەتلىك ئاللاھدىلىكىنى چۈشىنەلمىگەن «ئەربابلار» ئالدىراقسانلىق يولىغا مېڭىپ قالدى، ئۇلار مانا بۇنىڭ ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن كۆرسىتىپ بەرگەن تەرەپ-تەرەپكە تۇتىشىدىغان داغدام يول ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتمەيدۇ (پەقەت ئاللاھلا ئىنسانىيەتنىڭ ھەر خىل تۇغما تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى تولۇق بىلىدۇ). ئۇلار، ئەگەر بىز ئىسلامنىڭ ئاساسى روھى ۋە تۇرلۇك ئەمر-پەرمانلىرىنى كىشىلەرگە گەۋدىلەندۈرىدىغان بولساق، ئۇنداقتا ئىسلامنىڭ تارقىلىش يولى تېخىمۇ تۇسالغۇسىز بولغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر تەبىئىيلا بۇ دىننى قوبۇل قىلغان ھەم بۇ دىننى قىزغىن سۆيگەن بولاتتى، دېيىشىدۇ!

ئەمىلىيەتتە، بۇ ئالدىراقسانلىقتىن پەيدا بولغان قۇرۇق خىيال! بۇ خىل خىيال خۇددى بىز ئالدىنقى قىسىملاردا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، پەيغەمبىرىمىزگە نادانلارچە تەكلىپ بەرگەنگە ئوخشايدۇ. يەنى- ئىسلامنىڭ تارقىلىش يولىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز باشلىنىشتىلا مىللەتپەرۋەرلىك بايرىقىنى، ياكى ئىجتىمائىي ئىسلاھات بايرىقىنى، ياكى ئەخلاقنى ياخشىلاش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشى كېرەكتى........ دېگەنگە ئوخشاش!

ئىنساننىڭ قەلبى ئالدى بىلەن ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، ھەممە جەھەتتىن ئاللاھقا بويسۇنىدىغانلىقىنى جاكارلىشى كېرەك. باشلىنىشتىنلا ئاللاھنىڭ تۈزۈملىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ، ھەمدە ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن باشقا ھەر قانداق قانۇننى رەت قىلىش زۆرۈر. ھەتتا ئۇ خىل تۈزۈملەر ئادەمنى ناھايىتى جەلب قىلغان ھالەتتىمۇ، ئۇنى قەتئىي رەت قىلىش زۆرۈر.

ئىسلامغا بولغان ئىنتىلىش- ئاللاھقا بولغان مۇتلەق بويسۇنۇش ۋە باشقا ھەر قانداق شەكىلدىكى قۇللۇقتىن ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان تەشنالىقتىن كېلىشى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق تەرەپلىرىنىڭ باشقا تۈزۈملەردىن ئەۋزەل بولغانلىقى سەۋەبلىك بولماسلىقى

كېرەك.

شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ تۈزۈمى ئەسلىدىنلا ئەڭ ئەۋزەل، چۈنكى ئۇنى ئاللاھ تۈزگەن، ئىنسانلار (ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقلار)نىڭ تۈزۈمى ئاللاھنىڭ تۈزۈمى بىلەن ھەرگىز تەڭداش بولالمايدۇ. لېكىن، بۇ نۇقتا ھەرگىزمۇ ئىسلامنى تەشۋىق قىلىشتىكى «ئاساس» ئەمەس. ئۇنىڭ ئاساسى ئاللاھنىڭ تۈزۈمىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن قوبۇل قىلىپ، باشقا ھەر قانداق تۈزۈملەرنى قەتئىي رەت قىلىش، مانا بۇ ئىسلامنىڭ ھەقىقىي مەنىسى! ئىسلامنىڭ بۇنىڭدىن سىرىت يەنە باشقا مەنىسى يوق! كىم ئىسلامنى ھەقىقىي قىزغىن سۆيىدىكەن، ئۇنىڭ ئىدىيە مەسىلىسى دەل بۇ يەردە ھەل بولىدۇ! ئۇ ھەرگىزمۇ بىرسىنىڭ ئۇنىڭغا ئىسلامنىڭ ماھىيىتىدىكى مۇكەممەللىكىنى ۋە ئەۋزەللىكىنى نامايەن قىلىپ، مۇشۇ ئارقىلىق ئىسلامنى چىرايلىق كۆرسىتىشكە مۇھتاج بولمايدۇ. بۇمۇ دەل ئېتىقادنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرىدىن بىرى.

ئەمدى بىز قۇرئاننىڭ مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلىرىنىڭ 13 يىلدا ئىمان-ئېتىقاد مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ باقايلى. قۇرئان ئىمان-ئېتىقاد مەسىلىسىنى ھەرگىزمۇ بىر خىل نەزەرىيە ياكى تېئولوگىيە (ئىلاھىيەت) تەتقىقاتى شەكلىدە نامايەن قىلمايدۇ، ياكى ئاتالمىش «ئىسلامنىڭ ئىلاھىي تونۇش ئىلمى» تەتقىق قىلغانغا ئوخشاش، پەلسەپىۋىلىك دىئالېكتىكا ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلمايدۇ!

ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئومۇمى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قۇرئان ئىنسان تۇغما تەبىئىتىگە بىۋاسىتە سۆز قىلىپ، بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئاللاھ ئىنسان ۋۇجۇدىغا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەر خىل شەيئىلەرگە ئورۇنلاشتۇرغان ھەققە تەۋسىيە قىلىدىغان روشەن دەلىللەرگە ئاغدۇرىدۇ. قۇرئان ئىنسان تەبىئىتىنى ھەر خىل خۇراپاتلىق پاتقىقىدىن ئازاد قىلىپ، ئىنسان ئەقلىنى بوغىدىغان، ئەقىل-ئىقتىدارىنى ۋەيران قىلىدىغان كويزا-كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئىنساننىڭ تۇغما قابىلىيىتىنىڭ كۆزنىكىنى ئېچىپ، ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ھەر خىل ۋەھىيلەرنى قوبۇل قىلىپ، ھەمدە بۇ ۋەھىيلەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئاللاھقا يۈزلىنىدۇ.

مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قۇرئان ئىسلامنىڭ بۇ خىل ئېتىقادىنى ئاساس قىلىپ، رېئال تۇرمۇشتا ئىنساننىڭ تۇغما قابىلىيىتىنى بوغىدىغان ھەر

خىل سەپسەتە ۋە ئەنئەنىلەر بىلەن بىر مەيدان كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا بۇ خىل ئالاھىدە مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن، بىر خىل نەزەرىيە شەكلىدە ئىسلامنى نامايەن قىلىش ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا قۇرئان تىغمۇ-تىغ تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ، ئىنساننىڭ ئىدىيىسى ۋە قەلبىنى قاپلاپ تۇرغان ھەر خىل پەردىلەرنى يىرتىپ تاشلاپ، رېئال تۇرمۇشتىكى ھەر خىل تۇسالغۇلارنى ۋەيران قىلىشنى قارار قىلىدۇ. ئوخشاشلا، فورمال لوگىكىنى (لوگىكا ئىلمىدىكى ئاتالغۇ) ئاساس قىلغان خىيالىي پەلسەپە («ئىسلامنىڭ ئىلاھىي تونۇش ئىلمى» يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىردىن بويان ئەمەل قىلىپ كەلگەن دىنى ئەقىدىلەر)مۇ ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتا، قۇرئان پۈتكۈل ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، رېئاللىقتىن ئىبارەت بۇ بىپايان ھايات قاينىمىدا، ئىنسانىيلىكنىڭ بارلىق تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە قارىتا نۇتۇق سۆزلەشنى قانات يايدۇرىدۇ. شۇڭا، تېئولوگىيە (ئىلاھىيەت) تەتقىقاتىمۇ بىر خىل ئەقلىغە ئۇيغۇن ئۇسۇل ئەمەس. چۈنكى، گەرچە ئىسلام ھەقىقەتەن بىر خىل ئېتىقاد بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم پىلانى ئۇنى ئەمىلىيەتتە نامايەن قىلىش، ئۇنى ئەمىلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، ھەرگىزمۇ ئۇنى مەدرىسە پەلسەپىسى (بىر خىل پەلسەپە ئاتالغۇسى) تەتقىقات ئورنىغا ئوخشاش جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ بولۇڭىدا تۈگۈلگەن ھالەتتە تاشلاپ قويۇش ئەمەس!

قۇرئان بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئىمان-ئېتىقادنى بەرپا قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىمان-ئېتىقاد ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەسىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان جاھالەتپەرەسلىككە قارىتا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمنى قانات يايدۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ خىل جاھالەتپەرەسلىكنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق، تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى بۇلغىشىنى ۋە تەسىرلىرىنى تىرىشىپ چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئىسلامى ئېتىقاد دەل مۇشۇنداق جاپالىق شارائىتتا بەرپا بولىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆلۈك ھالدىكى نەزەرىيە ئەندىزىسى ياكى چاۋالچاق تېئولوگىيە (ئىلاھىيەت) تەتقىقاتى، ياكى تولىمۇ ئۇزۇن پەلسەپىۋىلىك مۇنازىرە ئارقىلىق ئىشقا ئاشمايدۇ. بەلكى ئۇ بىر مەيدان ئاكتىپ تەشكىللىك، مول ھاياتى كۈچكە ئىگە ئىجتىمائىي ھەرىكەت بولۇپ،

مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى دەل مۇشۇ ھەرىكەتنىڭ كونكرېت تەشكىللىنىش شەكلى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئېتىقاد قارىشى، ئېتىقاد قارىشىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە گەۋدىلىنىشى، شۇنداقلا، قارىمۇ-قارشى ئەھۋال ئاستىدا جاھالەتپەرەسلىككە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش جەريانىدىكى يېتىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىل ئىدىيىنى يېتەكچى قىلىدۇ. بۇ خىل يېتىلىش بىلەن ئىمان-ئېتىقاد بىناسىنىڭ بەرپا بولۇشى بىر-بىرىگە تامامەن ماس كېلىدۇ. بۇ خىل يېتىلىش ئىسلامى ئېتىقادنىڭ ئىجتىمائىي ئەمىلىيەتتىكى ھەقىقىي تەسۋىرى، شۇنداقلا بۇ يەنە ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلىدىغان بىردىنبىر يول.

ئىسلامنى تەشۋىق قىلغۇچىلار بۇ دىنىنىڭ ماھىيىتى، شۇنداقلا ئىسلامى ھەرىكەت يولىنى خۇددى بىز تەھلىل قىلغانغا ئوخشاش چۈشىنىشى كېرەك. ئۇ بولسىمۇ: ئۇلار چوقۇم مەككىدە 13 يىل داۋاملاشقان باسقۇچنى يەنى ئىمان-ئېتىقاد بەرپا قىلىش باسقۇچىنى بىلىشى، ئىسلامى ھەرىكەت ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ئەمىلىي گەۋدىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئىسلامى جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش باسقۇچىدىن ھەرگىزمۇ ئايرىلمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىر ئوقۇتۇش ۋە ئىسلام نەزەرىيەلىرىنى ئۆگىنىش باسقۇچى ئەمەس ئىكەنلىكىنى، بەلكى ئىسلامى ئېتىقاد، ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە ئەمىلىي گەۋدىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئاساسى قۇرۇلۇش باسقۇچى ئىكەنلىكىنى، قانداق ۋاقىتتا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، پەقەت ئىسلامنىڭ بىناسىنى قايتا قۇرۇشنى ئويلايدىكەنمىز، ئۇنداقتا چوقۇم مۇشۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلىشى لازىم.

بۇنداقتا، ئىمان-ئېتىقاد بەرپا قىلىش باسقۇچىنى ئۇزۇنغا سوزۇپ، ئىمان-ئېتىقاد بەرپا قىلىش قەدەم باسقۇچىنى تەرتىپ بويىچە تەدرىجى ئېلىپ بېرىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر ھەم مۇستەھكەم ئورۇنلاش كېرەك. شۇڭا، بۇ باسقۇچ ئىمان-ئېتىقادقا نىسبەتەن نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان باسقۇچ بولماسلىقى كېرەك. بەلكى بىر ئەمىلىلەشتۈرۈش باسقۇچى بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئىسلامى ئېتىقادنى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەرنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن ھاياتى كۈچكە ئىگە ئىجتىمائىي تەشكىلاتنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى ۋە سىرتقى ھالىتىنىڭ يېتىلىشى ۋە تەرەققى قىلىشى، ئەسلىدىنلا ئىسلامى ئېتىقادنىڭ يېتىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ

خىل ئېتىقاد ئەمەلىيەتتە نامايەن بولۇشى، جاھالەتپەرەسلىككە قارىتا جەڭ ئېلان قىلىش كۈرىشىدە نامايەن بولۇشى كېرەك. ھاياتى كۈچكە ئىگە بۇ خىل ئېتىقاد، ئۇنى ئوراپ تۇرغان ھەر خىل رەزىل كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەشكە ئەگىشىپ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

خاتا! ئىسلامنىڭ قارىشىدا، ئىمان-ئېتىقادنى بىر خىل پەقەت نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتىكى ئابستراكت نەزەرىيە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ دەپ قاراش، نېمە دېگەن ئېغىر خاتالىق-ھە! بۇ بىر كىرزىس! قەتئىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ پەقەت خاتالىقلا ئەمەس، بەلكى بىر مەيدان كىرزىس!

قۇرئاننىڭ مەككىدىكى ئايەتلىرى بىر قېتىمدىلا نازىل بولماستىن، بەلكى توپتوغرا 13 يىلدا نازىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مەقسەت ئىمان-ئېتىقاد قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇستەھكەملەش، ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا، قۇرئاننى بىر قېتىمدىلا پۈتۈنلەي نازىل قىلغان، ئاندىن كېيىن ساھابىلار 13 يىل (ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك، ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق) ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تاكى ئۆزلىرى «ئىسلام نەزەرىيىسى»نى پىششىق بىلگەنگە قەدەر قۇرئاننى تەتقىق قىلغان بولاتتى!

لېكىن، ئاللاھ بۇنداق قىلىشنى خالىمىدى! بەلكى ئۆزگىچە بىر خىل ئۇسۇلنى تاللىدى. ئۇ بولسىمۇ بىرلا ۋاقىتتا بىر خىل جەمئىيەت، بىر مەيدان ھەرىكەت، بىر ئېتىقاد ئۈچۈن ئاساس سېلىش. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولسا، ئېتىقاد ئارقىلىق جەمئىيەت ۋە ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش، ھەمدە جەمئىيەت ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق ئىمان-ئېتىقادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىمان-ئېتىقادنى ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ ئاكتىپ ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ھەمدە ئاكتىپ، ھەرىكەتچان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئىمان-ئېتىقادنى نامايەن قىلىدىغان سۈزۈك ئەينەككە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. «تاغ يۆتكىلىدۇ، ئادەمنىڭ خۇي-پەيلى ئۆزگەرمەيدۇ» ياكى «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي ئۆلگەندە چىقار» دېگەن گەپ بار. ھەمدىگە لايىق ئۇلۇغ ئاللاھ، ئىدىيىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە يېڭى جەمئىيەتنىڭ بەرپا بولۇشىنىڭ بىر كېچىدىلا يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، شۇڭا ئىمان-ئېتىقادنىڭ قۇرۇلۇشى تاكى ئىمان-ئېتىقاد قۇرۇلمىسىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگىچە بولغان ۋاقىتتا، يەنى بۇ خىل ئېتىقادنى نامايان قىلىدىغان رېئال جەمئىيەت

شەكىللەنگەن كۈنگىچە، ئىدىيىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە يېڭى جەمئىيەتنىڭ بەرپا بولۇشىدا ئۆزئارا ماسلىشىش ئۈچۈن چوقۇم بىر مەزگىللىك ۋاقىتقا مۇھتاج بولىدۇ.

خۇددى «قۇرئان»نىڭ مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلىرىدە كۆرسىتىلگەندەك، بۇ دەل ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ دىنىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، بىز چوقۇم بۇ ئالاھىدىلىكنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ھەمدە ئىنسانلار ئوتتۇرىغا قويغان ھەر خىل نەزەرىيە ئەندىزىلىرى ئالدىدا، مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ ئالدىراقسان كەيپىياتىغا ماسلىشىپ، ئىسلامنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇپ باقماسلىقىمىز لازىم. دەسلەپتە، قۇرئان دەل بۇ ئالاھىدىلىك ئارقىلىق «ئىسلام ئۈممىتى»نى بەرپا قىلغان، ئوخشاشلا، كەلگۈسىدە «ئىسلام ئۈممىتى»نى قايتىدىن قۇرۇشنى ئويلايدىكەنمىز، ئۇنداقتا ئاللاھ بىرىنچى ئىسلام «ئۈممىتى»نى بەرپا قىلغان چاغدىكى بويىچە بۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ئارقىلىق ئىسلامنىڭ بىناسىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

بىز بۇ خىل ئۇرۇنۇپ بېقىش خاتالىقىنى تونۇپلا قالماستىن- (بۇ خىل ئۇرۇنۇپ بېقىش بىر خىل «ئىسلام نەزەرىيىسى» ئارقىلىق دىندىن خالى ھەر خىل ئىنسانى نەزەرىيىلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۇ خىل بىر قارارغا كېلىش ئۆزلۈكسىز يېتىلىۋاتقان ئەمىلىيەت جەريانىدا، بىر مەيدان ھەرىكەت قوزغايدىغان كوللىكتىپ ئىچىدە نامايەن بولىدىغان جانلىق ئىسلامى ئېتىقادنى بىر خىل ئابىستراكىت نەزەرىيىگە ئايلاندۇرۇپ تەتقىقات ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، شۇنىڭ بىلەن ئىسلامنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ)- بەلكى بىز يەنە بۇ خىل ئۇرۇنۇپ بېقىش كەلتۈرۈپ چىقارغان كىرزىسنىمۇ تونۇپ يېتىشىمىز لازىم.!

ئىسلامى ئېتىقاد- كىشىلەرنىڭ جانلىق قەلبىدە، بىر تەشكىل ئىچىدە، بىر ئورگانىك توپلام (كوللىكتىپ) ئارىسىدا نامايان بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن جاھالەتپەرەسلىككە قارشى بىر مەيدان ھەرىكەتنىڭ قوزغىلىشىنى، بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۆئمىنلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ساقلىنىپ قالغان جاھالەتپەرەسلىكنىڭ قالدۇقلىرىنى تەلتۆكۈس چىقىرىپ تاشلاشنى ئۈمىد قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى، جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، جاھالەتپەرەسلىك ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ

چىرىتىشقا ئۇچرىغان. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئىسلامى ئېتىقادنىڭ داۋالايدىغىنى پەقەت كىشىلەرنىڭ قەلبى ۋە تەپەككۇرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل تۇرمۇشى، يەنى، ئۇ نامايەن قىلىدىغان كۆرۈنۈش بىر خىل ئابستراكت نەزەرىيىدىن تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر. ئەلۋەتتە، ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ تېمىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر خىل ئابستراكت نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ ئۆزىدىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

ئىسلام، ئىلاھ ۋە ئىلاھى ھۆكۈمرانلىق، كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ھاياتلىق ۋە ئىنسانىنىڭ ئىدىيىسى توغرىسىدا، ئومۇمىيۈزلۈك، ھەمدە مۇكەممەل، ئىنتايىن ئەمەلىيەتچىل ۋە ئىجابى چۈشەنچىگە ئىگە. شۇڭا، بۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، ئىسلام ئۇنى بىر خىل مەدەنىيەت قارىشى دائىرىسىدە چەكلەپ قويۇشنى يامان كۆرىدۇ، چۈنكى بۇ نۇقتا ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئاخىرقى مەقسىتىگە زىت كېلىدۇ، ئىسلام ئىدىيىسى كوللېكتىپ ئىچىدە، جانلىق تەشكىل ئارىسىدا، ئەمەلىي ھەرىكەتتە گەۋدىلىنىشى كېرەك. ئۇنىڭ تەرەققىيات تەرتىپى ئادەملەر توپى، تەشكىل ۋە ھەرىكەتنى ئاساس قىلىپ، تاكى ئۇ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت ماس قەدەمدە پىشىپ يېتىلگىچە شۇنداق بولۇشى لازىم. ئۇ ھەرگىزمۇ ئەمەلىي ھەرىكەتتىن ئايرىۋېتىلگەن نەزەرىيە ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ئېتىقاد ئۇسۇلىنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى.

ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ۋە تەرەققىيات تەرتىپىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نەزەرىيىنىڭ تەرەققىياتى ئەمەلىيەتنىڭ پىشىپ-يېتىلىشىدىن ھالقىپ كېتىپ، رېئاللىقتا گەۋدىلەنمىگەن. بۇ، چوڭ خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى كىرزىس يولىغا قاراپ ماڭغان!

مەدھىيىگە لايىق ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقُرْآناً فَرَقْنَاهُ لِتَقْرَأَهُ عَلَى النَّاسِ عَلَى مُكْثٍ وَنَزَّلْنَاهُ تَنْزِيلاً﴾

**«قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە-دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجى نازىل قىلدۇق.»** (سۈرە بەنى ئىسرائىل 106-ئايەت)

بۇ ئايەتتىن، قۇرئاننىڭ مۇددەتكە بۆلۈپ نازىل قىلىنغانلىقىنى، دانىمۇ-دانە نازىل بولغانلىقىنى، ئۇنىڭدىكى مەقسەتنىڭ بىر خىل ئابستراكت

نەزەرىيىلەر ئىچىدىن پۈرقۈپ چىقىش ئەمەس، بەلكى بىر جانلىق ئورگانىك تەشكىل ئىچىدە، ئىسلامنىڭ ئىمان-ئېتىقاد بىناسىنى بەرپا قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مۇئمىنلەر ئىسلامنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلاھى دىنى ئىكەنلىكىنى ئەستايىدىل چۈشىنىشى كېرەك. ئۇنداقتا، ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي ئەمىلىيەتتىكى يولىمۇ ئەسلىدىنلا ئىلاھى يول بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. شۇڭا، ئىسلامنىڭ ماھىيتى بىلەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەمىلىيەتتىكى يولىنى ھەرگىزمۇ ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

ئۇلار يەنە، ئىسلامنىڭ نازىل بولۇشىدىكى مەقسەتنىڭ پەقەت كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قارىشىنى ئۆزگەرتىشلا ئەمەس، بەلكى بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئىمان-ئېتىقاد قۇرۇلمىسىنى، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ كونكرت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش بولۇپ، ئۇنىڭ نازىل بولۇشىدىكى مەقسەت- ئىمان-ئېتىقادنى بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر «ئۇممەت»نى بەرپا قىلىش، بۇ خىل پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ بەرپا بولۇشى ئىمان-ئېتىقاد قارىشىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي رىئاللىقنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن ماس قەدەمدە بولۇپ، بۇ ئومۇمى پىلان، ئالاھىدە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، ئالاھىدە ئېتىقاد قارىشى، ئالاھىدە جەمئىيەت قۇرۇش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش كېرەك.

ئەگەر بىز ئىسلامنىڭ ئەمىلىي يولىنى ئالدىنقى قىسىملاردا بايان قىلغىنىمىزدەك چۈشىنىدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىز يەنە، بۇ يولنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك بولماستىن بەلكى ئىزچىللىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مۇئەييەن مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى، بىرىنچى ئىسلام جەمئىيتى بەرپا بولغان ۋاقىتتىكى مۇھىت شارائىتنى ئالدىنقى شەرت قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قانداق دەۋر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىسلامنى بەرپا قىلىشنىڭ مۇقەررەر يول ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك.

ئىسلامنىڭ بۇرچى ئىنسانىيەتنىڭ ئېتىقادى ۋە تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئىنسانىيەتنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد ۋە تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىش، چۈنكى ئىسلامى يول بولسا ئىلاھى يول بولۇپ، ئۇ ماھىيەت جەھەتتە ئىنسانلار

ئوتتۇرىغا قويغان بارلىق غۇۋا ھەم تار، ئەگرى-بۈگرى يوللار بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

ئىلاھى پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن باشقا يول بىلەن، بىز ھەرگىزمۇ ئىلاھى ئىدىيىۋى ئاڭ ۋە تۇرمۇشقا يۈزلىنەلمەيمىز. بۇ خىل يولدا ئاللاھ مۇشۇنى ئاساس قىلىپ كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ھەمدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قارىشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى تۈزىتىدۇ.

بىز ئىسلامدىن دېدۇكسىيە ئۇسۇلى (مەنتىقىي يول بىلەن ئومۇمىيلىقتىن جۈزئىي خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلى) ئارقىلىق تەتقىقات ئۈچۈن كىشىلەرنى بىر يۈرۈش نەزەرىيە بىلەن تەمىنلىمەكچى بولغان ۋاقتىمىزدا، ئىسلامنىڭ يېتىلىش يولىنىڭ ماھىيىتىگە ئاللىقاچان خىلاپلىق قىلغان بولىمىز. شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ماھىيىتىگىمۇ خىلاپلىق قىلغان بولىمىز. ئەگەر بىز ئىسلامنى ئىنسانىيلىك بىلەن پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئالدىدا بويسۇندۇرماقچى بولساق، ئۇنداقتا ئۇنى خۇددى ئاللاھنىڭ ئۇسۇلى ئىنسانلارنىڭ ئۇسۇلىدىن تېخىمۇ تۆۋەن دەرىجىدە تۇرىدۇ، دېگەنلىك بولمامدۇ! (ئاللاھ پاناھ بەرسۇن). خۇددى بىز ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزدە، ئاللاھنىڭ ئۇسۇلىدىن ئىنسانىۋى ئۇسۇل قاتارىغا «تەدرىجى تەرەققى قىلدۇق» دېگەنلىكىمىز ئەمەسمۇ! (ئاللاھ پاناھ بەرسۇن)

بۇ خىل ئۇرۇنۇپ بېقىش ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، مەغلۇب بولۇش، ئورنىنى تولدۇرغۇسىز زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

ئىسلام يولىنىڭ بۇرچى بىز (ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرى)گە بىر خىل ئۆزگىچە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئاتا قىلىدۇ. بىز چوقۇم ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن، پۈتكۈل يەر شارىنى قاپلىغان جاھالەتپەرەسلىك پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز زۆرۈر، چۈنكى جاھالەتپەرەسلىكنىڭ ئەخلەتلىرى بىزنىڭ ئەقلىمىزنى بوغۇپ قويىدى، مەدەنىيىتىمىزنى بۇلغىدى. ئەگەر بىز ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىگە خىلاپ بولغان، سىرتتىن كەلگەن، بۈگۈنكى دۇنيادا مودا بولغان جاھالەتپەرەسلەرچە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن بۇ دىنغا مۇئامىلە قىلىدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىز ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتكە تاپشۇرغان بۇرچىنى ئاللىقاچان گۇمران قىلغان بولىمىز، بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز ئۆزىمىزمۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقتا جاھالەتپەرەسلەرچە

پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ بىزنى چەكلىشىدىن قۇتۇلۇش ھوقۇقىمىزدىن ۋاز كېچىپ، ئىدىيىمىز ۋە مەنىۋىيىتىمىزدىكى جاھالەتپەرەسلىكنىڭ قالدۇقلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى كەتكۈزۈپ قويدۇق. بۇ خىل ئاقىۋەت ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان بەكمۇ ئېغىر بولىدۇ.

ئىسلامنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، ئىدىيە ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلىنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلىكى ھەرگىزمۇ ئىسلامى ئېتىقاد قاراش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن قېلىشمايدۇ، ئۇلارنى ئايرىۋېتىشكە ھەرگىزمۇ بولمايدۇ. گەرچە، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىسلامى ئېتىقاد ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلىش باشقىلارنى ئىنتايىن جەلب قىلىسىمۇ، لېكىن بىز: بۇ خىل تەشۋىقاتنىڭ ئىسلامنى بۇ زېمىندا ھەرگىزمۇ بىر مەيدان ئەمەلىي ھەرىكەت قوزغاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بىز يەنە: ئىسلامنى بۇ خىل تەشۋىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ھەقىقەتەن ئىسلام ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاشۇ كىشىلەردىن باشقا، ھەر قانداق كىشىگە ھەرگىزمۇ مەنپەئەت ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىغا سەل قارىماسلىقىمىز لازىم، بۇ خىل تەشۋىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوينايدىغان رولى كۆپ دېگەندىمۇ پەقەت ئاشۇ ھەرىكەتنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئاشقان نەتىجىسىگە بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغىيالايدۇ.

مەن يەنە شۇنى قايتا تەكىتلەيمەنكى، ئىسلامى ئېتىقاد قاراش تېزلىكتە بىر ھەرىكەتچان كوللېكتىپ ئىچىدە گەۋدىلىنىشى كېرەك، بۇ ھەرىكەتچان كوللېكتىپ ئىسلام ئېتىقاد قارىشىنىڭ مۇكەممەل نامايەندىسى ۋە ھەقىقىي تەسۋىرى بولۇشى كېرەك.

يەنە شۇنى تەكىتلىمەكچىمەنكى، مانا بۇ ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك يولى بولۇپ، ئۇ ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ توغرا، ئەڭ ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە، ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتىگە ئەڭ ماس كېلىدىغان يول. بۇنى باشقا ھەر خىل ئىنسانىي نەزەرىيە ئەندىزىلىرى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇ نۇقتا تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. ئۇلار ئاشۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن بىر مەيدان ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنى ئىسلامنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرىگە ئايلاندۇرۇپ، ئاشۇ خىل نەزەرىيە چۈشەنچىلىرىنى قەدەممۇ-قەدەم نامايان قىلىشتىن

ئىلگىرى، ئىسلامنى كىشىلەرگە بىر خىل ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، مۇكەممەل ھالدىكى «خىيالىي دۇنيا»، بىر خىل ئۈلۈك نەزەرىيە ئەندىزىسى قىلىپ كۆرسىتىپ قويىدۇ.

ئەگەر بۇ نەزەرىيە تۈپتىن توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئىسلامى ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسى ئامىللىرى ۋە بۇ خىل تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشكىللەيدىغان قانۇن ـ نىزاملارنىڭ گەۋدىلىنىشىدىن قارىغاندا، بۇ تېخىمۇ توغرا ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ.

ئەتراپىمىزدىكى جاھالەتپەرەسلەر (ئۇلار خۇددى ئىسلامنى تەشۋىق قىلغۇچىلار ئىچىدىكى بىر قىسىم قىزىققان كىشىلەرگە روھى بېسىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسلامى بۇرچىنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئالدىراقسانلىق كېسىلى قوزغالغانغا ئوخشاش)، بەزى ۋاقىتلاردا غەرەزلىك ھالدا ئۇلارنى پاراكەندە قىلىپ، ئۇلاردىن: «سىلەر تەشۋىق قىلىۋاتقان ئۇ خىل تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ تەپسىلىي پىرىنسىپلىرى قەيەردە؟»، «سىلەر ئۇ پرىنسىپلارنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن، قانچىلىك تەتقىقات خىزمىتى قىلدىڭلار؟ قانچىلىك تەتقىقات ماقالىسى تەييارلىدىڭلار؟ سىلەر ھازىرقى زامان پرىنسىپلىرى بويىچە قانۇن تۈزدۈڭلارمۇ ـ يوق؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورايدۇ. بۇ خىل روھى ھالەت، خۇددى بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە ئىسلام «شەرىئىتى»نى يۈرگۈزۈشتە كەمچىل بولغىنى پەقەتلا قانۇن، ماددىلىرى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىق تەتقىقات ماقالىلىرىدەك، گويا كىشىلەر ئاللىقاچان پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەرتىۋىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام «شەرىئىتى» بويىچە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشلىرىنى ئىدارە قىلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قانۇنشۇناسلىقنى پىششىق بىلىدىغان كىشىلەر (مۇجتەھىدلەر)نى تاپالماي، ھازىرقى زامان پرىنسىپى بويىچە قانۇن ـ نىزاملارنى يەكۈنلەپ چىققاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇ بىر خىل مەسخىرە قىلىش خاراكتېرىدىكى ئادەم ئەخمەق قىلىش بولۇپ، ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا، ھەمدە بۇ دىنغا ھۆرمەت قىلىدىغان ھەر بىر ئادەم ئۇنداق بىمەنىلىكنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلىشى كېرەك!

جاھالەتپەرەسلىك پەقەت مۇشۇ خىل پاراكەندىچىلىك ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ «شەرىئىتى»نى رەت قىلىش ئۈچۈن مەلۇم خىل باھانە ئىزدەپ، پەقەت داۋاملىق تۈردە ئادەمنىڭ ئادەمنى قۇل قىلىشىنى ئويلايدۇ.

مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئېزىقتۇرۇپ، ئىسلام يولىدىن چەتنىتىشنى ئويلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى بىر مەيدان ھەرىكەت شەكلىدە ئىمان ـ ئېتىقادنى بەرپا قىلىدىغان باسقۇچىدىن ۋاز كەچكۈزۈپ، ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرىنى ئىلاھى يولنىڭ ماھىيىتىدىن چەتنىتىۋېتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئەكس ئېتىشى بولۇپ، ئىسلامى تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئەمەلىي تۇرمۇشتا مۇئەييەنلىشىپ، تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھەر خىل قانۇنلارنى تۈزۈپ، ئىسلام تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ.

ئىسلامنى تەشۋىق قىلغۇچىلار بۇ خىل پاراكەندىچىلىككە قارىتا پەرۋا قىلماي، ئىسلام ھەرىكىتىگە قارىتا ئىسلامنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە قۇرۇق بوھتانلارنى چاپلايدىغان بۇنداق قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلارغا ئېتىۋار قىلماسلىقى لازىم. ئۇلار يەنە ئاشۇ كوپپارلارنىڭ «ھاماقەت»لەرنى زاڭلىق قىلىش ئويۇننى قايتا تەكرارلىماسلىقى لازىم!

ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى پاراكەندىچىلىك سالغۇچىلارنىڭ سۈيقەستىنى ئېچىپ تاشلاش ۋە ئۇنى بىتچىت قىلىش بولۇپ، ئۇلار، پەقەت ئاللاھ نىڭلا شەرىئىتىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى جاكارلىمىغان ھەمدە باشقا ھەر قانداق ھۆكۈمرانلىقتىكى جەمئىيەتنى ئىنكار قىلمىغان. «ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنى تەرەققى قىلدۇرۇش» نامىنى قالقان قىلىۋېلىپ، مەسخىرە قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ئېلىپ بارغان بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي رەت قىلىش لازىم. ئۇ خىلدىكى ئادەملەر پەقەت ئۇلارنىڭ ئەستايىدىل خىزمەت قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، «مۇئەللەق راۋاق» قۇرۇشنى (قۇرۇق خىيال، بىھۇدە ئىشلارنى قىلىشنى) ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ رەزىل سۈيقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ!

ئۇلار (ئىسلامنى تەشۋىق قىلغۇچىلار) ئىسلامنىڭ ھەرىكەت يولى بويىچە ھەرىكەتلىنىشى كېرەك، بۇ دەل ئىسلامنىڭ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ سىرى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭمۇ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ مەنبەئى!

ئىسلامنىڭ يولى ئۇنىڭ ماھىيىتىگە باراۋەر، ئىككىسىنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. سىرتتىن كەلگەن ھەر قانداق ئىنسانىي يوللار ئۆزلىرىنىڭ دىنىدىن خالىي تۈزۈملىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېچىلغان بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئىسلامى تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. ئۇ بىزنىڭ نىشانىمىزنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇشتا «ياردەم بەرگۈسى بولسىمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ!». شۇڭا، بۇ يولدا قەتئىي تۇرغانلىق، ھەر قانداق بىر مەيدان ئىسلام ھەرىكىتىدە، خۇددى ئۇنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادىدا قەتئىي تۇرغانغا، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئەمەل قىلغانغا ئوخشاش، كەم بولسا بولمايدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يِهْدِي﴾

«بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ...» (سۈرە بەنى ئىسرائىل 9 ـ ئايەت)

# ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشلىغان ئىسلامنى تارقىتىش ھەرىكىتى، پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ ئېقىنىدىكى ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر رەھبەرلىك قىلغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىسلامنى تارقىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ھالقىسى. ئۇنىڭ نىشانى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ: كىشىلەرگە يەككە ـ يېگانە ئاللاھنى ـ ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي پەرۋەردىگارىنى تونۇتۇپ، كىشىلەرنى بىردىنبىر ھۆكۈمرانغا چوقۇنۇشقا دەۋەت قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئادەمگە چوقۇنۇشى ۋە ئادەمنىڭ بارلىق يارىتىلغان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشىنى چۆرۈپ تاشلاشتىن ئىبارەت. پۈتكۈل ئىنسانىيەت (ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەلۇم مۇددەت ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە ئىلاھىي پرىنسىپلارنى قەتئىي ئىنكار قىلمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ خاتالىقى ھەقىقىي ئىگىسىنى توغرا تونۇيالمىغانلىقىدا. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئېتىقاد ۋە چوقۇنۇش قائىدە ـ يوسۇنلىرى شەكلىدە ياكى ھۆكۈمرانلىق ۋە قارىغۇلارچە ئەگىشىشنى ئاساس قىلغان شەكىللەر ئارقىلىق ئاللاھقا نۇرغۇن مەئبۇدلارنى شېرىك قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامنىڭ ئاللاھنى بىر بىلىش (تەۋھىد) نەزەرىيىسى بىلەن زىت بولۇپ، ئىنسانى ئازغۇنلۇققا باشلاپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان قىلمىشلاردۇر. ھەر بىر پەيغەمبەر كىشىلەرگە مۇشۇ پرىنسىپنى ئۆگەتكەن، لېكىن زاماننىڭ

ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئاستا-ئاستا كىشىلەر ئۇنى يەنە چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، پەيغەمبەرلەر ئۇلارنى قۇتۇلدۇرغان جاھالەتپەرەسلىك ھالىتىگە قايتىدىن قايتىۋېلىپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان رەزىل قىلمىشلارنى يەنە قىلىشقا باشلىغان. بۇ خىل قىلمىشلار ئېتىقاد ۋە چۈقۇنۇش قىلمىشلىرىدا ئىپادىلەندى، ياكى ھۆكۈمرانلىق ۋە قارىغۇلارچە ئەگىشىشتە ئىپادىلەندى، ياكى ئىككى خىل شەكىل بىرلىشىپ كەتتى.

مانا بۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ ئېقىمىدىكى ئىسلامنى تارقىتىش ھەرىكىتىنىڭ ماھىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ نىشانى- ئىنسانىيەتنى ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق «ئىسلاملاشتۇرۇش» بولۇپ، ئىنسانىيەتنى ئادەمنىڭ ئادەمگە چوقۇنۇشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ (ئازات قىلىپ) چىقىپ، ئادەمنى پەقەت ئاللاھقىلا چوقۇنۇشقا باشلاش؛ ئىنسانىيەتنى ئادەمنىڭ ئادەمگە قۇل بولۇشى (ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى، قانۇن-تۈزۈم، قىممەت قارىشى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلەر)دىن ئازات قىلىپ، تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ئىشلىرىدا، پەقەت ئاللاھ نىڭلا ھۆكۈمرانلىقى ۋە شەرىئىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان مۇتلەق بويسۇنۇشقا مايىل قىلىشتىن ئىبارەت.

مانا بۇ دەل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، شۇنداقلا تارىختىكى پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئىسلامنىڭ ھەقىقىي مەنىسى.

ئىسلامنىڭ كېلىشى، خۇددى ئىنسانىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇنىيەت ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنغىنىغا ئوخشاش، ئىنسانىيەتنى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا مۇتلەق بويسۇنۇشقا قايتىپ كېلىشكە ئۈندەيدۇ. شۇڭا، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىنى تەشكىللەش، تەرتىپكە سېلىش ھوقۇقى، ئەلۋەتتە پۈتكۈل كائىناتنى باشقۇرۇۋاتقان ئاشۇ ھوقۇقداردا بولۇشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا، ئىنسانىيەت پۈتكۈل كائىناتنى نورمال ھەرىكەتلەندۈرىۋاتقان كۈچ-قۇدرەت ئىگىسى لايىھىلىگەن ئوربىتىدىن چەتنەپ، پۈتكۈل كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىگە قارىمۇ-قارشى بولغان تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىنتىلمەيدۇ. ئەمىلىيەتتە، ئىنساننىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاغرىق-سىلاق ۋە ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ياراتقان كائىنات قانۇنىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلارنىڭ

ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمۇ بۇ قانۇنىيەتنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ، ئوخشاشلا، ئىنساننىڭ ئىختىيارى تاللاش ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ، بۇ قانۇنىيەتنىڭ كونتروللىقىدا بولىدۇ. شۇڭا، ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىنى تەرتىپكە سېلىش، تەشكىللەش، ھەرگىزمۇ ئۇلار ئىختىيارىچە تاللايدىغان ئىش ئەمەس، ئىنسانىيەت، ئاللاھ ياراتقان ھەمدە كونترول قىلىۋاتقان بۇ چەكسىز كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەت ئىسلامنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەركىن تاللىشى قىلىپ، شەرىئەت قانۇنلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەر تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلىشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا، ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ئىككى تەرىپى- تۇغما تەبىئىتى ۋە ئەركىن تاللىشى- تەڭشىلىشكە ئېرىشەلەيدۇ، ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقى مۇكەممەل ماسلىشىدۇ.

ئەمما جاھالەتپەرەسلىك- ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقى سەۋەبلىك، كائىنات سىستېمىسىنىڭ بۇ قانۇنىيىتىدىن چەتنەپ، ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئىككى تەرىپى- تۇغما تەبىئىتى ۋە ئەركىن تاللىشى- ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇ دەل پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى ئاللاھقا بويسۇنۇشقا چاقىرغان ئىسلامنى تارقىتىش ھەرىكىتى جەريانىدا دۇچار بولغان جاھالەتپەرەسلىك، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى دەۋەت قىلغان ۋاقىتتا دۇچ كەلگەن جاھالەتپەرەسلىك. بۇ خىل جاھالەتپەرەسلىك ھەرگىزمۇ بىر خىل ئابستراكىت نەزەرىيىدە ئىپادىلەنمەيدۇ. ھەتتا بەزى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ھېچقانداق نەزەرىيىسى بولمايدۇ! ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھامان بىر ھەرىكەتچان كوللېكتىپ ئىچىدە نامايان بولۇپ، بىر جەمئىيەتتە ئىزچىللىشىدۇ. بۇ جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇش- ئۇنىڭ ئاڭ-پىكرى، قىممەت قارىشى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادىتى، كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىسى ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا زىچ ھەمكارلىشىدۇ، ئۆز ئارا ماسلىشىپ، ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ساداقەتمەن بولۇشقا قەسەم قىلىپ، ئورگانىك ھالدا ھەمكارلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەت ئاڭلىق ھالدا ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە ھەرىكەتلىنىپ، جاھالەتپەرەسلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە قۇرۇلمىسىغا زىيان يەتكۈزىدىغان شەيئىلەرنىڭ ھەر قانداق شەكىلدە پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى

ئالىدۇ ۋە ئۇنى يۇقىتىدۇ.

جاھالەتپەرەسلىك بىر خىل ئابىستراكىت نەزەرىيىدە ئەمەس، بەلكى بىر ھەرىكەتچان كوللىكتىپ ئىچىدە نامايەن بولغاچقا، بۇ جاھالەتپەرەسلىكنى يۇقىتىپ، ئىنسانىيەتنى قايتىدىن ئاللاھنىڭ يولىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۇچۇن تىرىشچانلىقلار ھەر قانداق بىر ئىسلامنى تەشۋىق قىلغۇچى، ھەرگىزمۇ بىر خىل ئابىستراكىت نەزەرىيە ئۇسۇلىنى ئاساس قىلماسلىقى كېرەك، بولمىسا ئۇ ئاغزىدا شەھەر ئالغاندەك پايدىسىز ئىش بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا تۇرۇۋاتقان بىر خىل ئورگانىك ھەرىكەتچان كوللىكتىپ شەكلىدىكى جاھالەتپەرەسلىككە ئۇدۇلىدىن چىقىپ زەربە بېرىدىغان ھېچقانداق ئىقتىدارى بولمايدۇ. قائىدە بويىچە، ئاللىقاچان ئەمىلىيەتكە ئايلىنىپ بولغان بىر گەۋدىنى (سىستېمىنى) بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ يېتەكچىلىك پرىنسىپى ۋە ماھىيىتى، ماكرو جەھەتتىكى ئومۇمى پرىنسىپى ۋە مىكرو جەھەتلەردىكى تەپسىلاتلار بىلەن تۈپتىن قارىمۇ-قارشى بولغان باشقا بىر خىل گەۋدىنى (سىستېمىنى) بەرپا قىلماقچى بولساق، ئۇنداقتا ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بىر شارائىتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل يېڭى تىرىشچانلىق چوقۇم بىر ئورگانىك ھەرىكەتچان كوللىكتىپ ئىچىدە نامايەن بولۇشى لازىم، ئۇنىڭ نەزەرىيە پرىنسىپى ۋە تەشكىلى ئاساسى، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ۋە قۇرۇلمىسى چوقۇم ھازىر يۈرگۈزۈلىۋاتقان ئۇ خىل جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەتتىن ئەۋزەل بولۇشى لازىم.

ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەت تارىخ ئېقىنىدىكى مەۋقەسىنىڭ نەزەرىيىۋى پرىنسىپى بولسا: «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەندىن ئىبارەت. يەنى، ئاللاھ بولسا ياراتقۇچى ۋە ھەممە شەيئىنى پەرۋىش قىلغۇچى بىردىنبىر خوجايىن، پۈتكۈل كائىناتنىڭ باشقۇرغۇچىسى، ھۆكۈمرانى ۋە قانۇن تۈزگۈچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ھەمدە بۇ نۇقتىنى قەلبىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، چوقۇنۇش پائالىيەتلىرىدە ئىجرا قىلىپ، ئىسلام قانۇنىنى رېئال تۇرمۇشىدا ئەمىلىلەشتۈرۈش كېرەك، دېگەنلىكتۇر. بۇ ئۈچ نۇقتا ئورگانىك ھالدا مۇكەممەل بىرلىشىپ، تۇرمۇشتا ئۇزۇل-كېسىل، ئەستايىدىل ئىزچىللىشىشى، ھەمدە مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان بولمىغانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ئۆلچىمى قىلىنىشى كېرەك. بولمىسا، «بىر

ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزى، مەيلى ئەمىلىيەت جەھەتتىن بولمىسۇن، ياكى ئىسلام قانۇنى نۇقتىسىدىن بولمىسۇن، ئۇ قايتا مەۋجۇت بولالمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

نەزەرىيە جەھەتتىن بۇ پرىنسىپنى ئېتىراپ قىلغانلىق، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشىنىڭ ئاللاھنىڭ يولىغا قايتقانلىقى، ئۇلار تۇرمۇشىنىڭ ھەر بىر تەرىپىدە، ھەر تۈرلۈك ئىشلىرىدا، ئۆزلىرى خالىغانچە قانۇن بەلگىلىمەستىن، بەلكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن قانۇنغا قايتىش، ھەمدە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ قانۇنىنى تونۇشتا بىر ئەلچىنىڭ بولۇشى زۆرۈر. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى. بۇ نۇقتا ئىسلام ئېتىقادىنىڭ بىرىنچى تۈۋرۈكىنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش.

بۇ، ئىسلامنىڭ نەزەرىيىۋى پرىنسىپىنىڭ نامايان بولۇشى ۋە ساقلىنىشى بولۇپ، بۇ پرىنسىپ پۈتكۈل تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئەمىلىيلەشكەن ۋاقىتتا، ئۇ بىر مۇكەممەل تۇرمۇش يولىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئىسلام ئەللىرىدە بولسۇن، ياكى باشقا ئەللەردە بولسۇن، ئىسلام كىشىلىرى مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ۋە كوللىكتىپ تۇرمۇشىدىكى بارلىق ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ، ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل ئىچكى مۇناسىۋەتلىرى، شۇنداقلا باشقا جەمئىيەتلەر ۋە ھەر خىل سىرتقى قىسىم مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىدۇ.

دەرھەقىقەت، ئىسلام بىر خىل ئابستراكت نەزەرىيىدە نامايان بولۇپ، ئىسلامغا ئېتىقاد قىلغۇچىنى ئېتىقاد قىلىشقا يول قويۇپ، چوقۇنۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن كېيىن ئىسلامنىڭ مۆرتلىرىنى مۇشۇ سەۋىيىدە توختۇتۇپ قويۇپ، يەنىلا جاھالەتپەرەسلىكنىڭ ھەرىكەتچان كوللىكتىۋىنىڭ ئورگانىك قۇرۇلمىسىنىڭ بىر ئەزاسى پېتىچە قويمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل شەكىلدىكى مەۋجۇتلۇقى- ئادەم مەيلى كۆپ بولسۇن ياكى ئاز بولسۇن- ھەرگىزمۇ ئىسلامنىڭ «ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقى»نى ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى «نەزەرىيە جەھەتتىكى مۇسۇلمانلار» يەككە ئەزالىرى جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيىتىنىڭ ئورگانىك قۇرۇلمىسى ئىچىدە مەۋجۇت بولغاچقا، ئۇلار بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق (شەخسلىك) تەلىپىگە ئاۋاز

قوشۇشقا مۇقەررەر ھالدا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار ھەرىكەتكە كېلىپ ئىختىيارلىق بىلەن ياكى مەجبۇرى ھالدا، مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز بولسۇن- بۇ جەمئىيەتتە ھايات كەچۈرگەن ۋاقتىدا ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان ئاساسى مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى بولسا، ئۇلار جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغداپ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ھەقىقىي گەۋدىسىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق ئامىللارغا قايتۇرما زەربە بېرىدۇ. چۈنكى ئورگانىك تەشكىلاتلار ھامان ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنى- مەيلى ئۇ خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن- مۇشۇنداق رول ئويناشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك: «نەزەرىيە جەھەتتىكى مۇسۇلمان» تەركىبلەر ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئۆزلىرى نەزەرىيە جەھەتتە پاچاقلاپ تاشلاشقا تىرىشۋاتقان جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر. ئۇلار يەنىلا ئاشۇ گەۋدە ئىچىدىكى بىر قىسىم ھايات ھۈجەيرىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە داۋاملىشىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى بۇ جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەتنى گۇمران قىلىپ، ئىسلامى جەمئىيەتنى بەرپا قىلماستىن، بەلكى ئۇلار يەنىلا ئۇنى ياشاش ۋە كۈچىيىش ئۇسۇلى، تەجرىبە ۋە تەدبىر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شۇڭا، ئىسلامنىڭ نەزەرىيىۋى پرىنسىپى- يەنى ئۇنىڭ ئېتىقادى باشلىنىشى بىلەنلا چوقۇم بىر ئورگانىك ھەرىكەتچان كوللىكتىپ ئىچىدە نامايان بولۇشى، جاھالەتپەرەسلىك كوللىكتىۋىغا قارىمۇ-قارشى بولغان بىر ئورگانىك ھەرىكەتچان كوللىكتىپنى بەرپا قىلىپ، ئىسلام كۈچەپ پاچاقلاپ تاشلىماقچى بولغان جاھالەتپەرەسلىكنىڭ ھەرىكەتچان كوللىكتىۋىدىن مۇستەقىل بولۇشى ۋە ئۇنىڭدىن قەتئىي ئايرىلىشى كېرەك. بۇ يېڭى كوللىكتىپنىڭ مەركىزى دەل ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى زىممىسىدىكى يېڭى رەھبەرلىك. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ، ئىنسانىيەت ئاللاھنىڭ يولىغا قايتقان، ئاللاھنى بىردىنبىر ياراتقۇچى ۋە تەربىيەت قىلغۇچى خوجايىن، پۈتكۈل كائىناتنىڭ باشقۇرغۇچىسى، ھۆكۈمرانى، قانۇن تۈزگۈچىسى ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش قائىدىسىنى تۈزۈپ بەرگۈچى دەپ تونۇغان- ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ھەر بىر ئىسلام رەھبىرى ئارىسىدا نامايان بولىدۇ. «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق

بەرگەن ھەر بىر مۆئمىن ئۆزىنىڭ جاھالەتپەرەسلەرنىڭ رەھبەرلىكىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىدىن قەتئىي قول ئۈزۈپ، مەيلى راھىب-پوپلار ۋە مۇنەججىم-رەمچىلىك شەكلىدىكى دىنىي رەھبەرلىك بولسۇن، ياكى قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇۋلۇق-شۇملۇقلىرىغا ئوخشاش سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي رەھبەرلىك بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلار پەقەت ئىسلامنىڭ يېڭى ئورگانىك ھەرىكەتچان كوللېكتىۋىگە سادىق بولۇشى، ئاللاھقا بويسۇنغان رەھبەرلىكىگە سادىق بولۇشى لازىم.

بۇ نۇقتا ھەر بىر مۇسۇلمان «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق ئېيتقان ئاشۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئىش-ھەرىكىتىدە ئەمىلىلەشىشى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئەگەر پەقەت يەككە ئەزالار-ئۇلارنىڭ سانى قانچىلىك كۆپ بولسۇن- قەلبىدە نەزەرىيىۋى پرىنسىپ بەرپا بولۇپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىدىغان، ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماسلىشىدىغان ئورگانىك تەشكىل ئىچىدە، مۇستەقىل ئۆزىگە-ئۆزى ئىگە بولالايدىغان ھەقىقىي گەۋدە نامايان بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزاسى خۇددى جانلىقلار ھۈجەيرىسىگە ئوخشاش ئورگانىك ھالدا خىزمەت ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، كېڭىيىپ، ئۇنىڭ ھەر خىل تۈزۈلۈشلىرىنى خىلمۇ-خىل زىيانداش ئامىللارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ، شۇ ئارقىلىق جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدىن قۇتۇلۇپ، جاھالەتپەرەسلىكنىڭ رەھبەرلىكىدىن مۇستەقىل ھالدا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى تەشكىللەپ، ھەرىكەتكە ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىسلامنىڭ ھەقىقىي گەۋدىسىنى ئۆزلەشتۈرۈشى، چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە كېڭەيتىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، جاھالەتپەرەسلىكنىڭ گەۋدىسىگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىپ، تاكى ئۇنى يوقاتمايدىكەنمىز، بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىز ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

ئىسلام مۇشۇنداق قىلىپ بارلىققا كەلدى، ئۇ «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن بۇ ئومۇمى پرىنسىپ ئىچىدە (ئەمىلىيەتتە ئۇ پۈتكۈل تۈرمۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نامايان بولىدۇ. بۇنى ئاساس قىلىپ، ماس قەدەمدە ھەرىكەتچان ئورگانىك تەشكىلات بەرپا قىلىپ،

جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيىتىدىن مۇستەقىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن قەتئىي ئايرىلىپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ، ئىسلام ئەزەلدىن بۇ ئەسلى مەۋجۇت بولغان ئابستراكىت نەزەرىيىدىن ئايرىلمايدۇ. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندا، ئاندىن كېيىن ئىسلام قايتىدىن بەرپا قىلىنىدۇ، ھەر قانداق دەۋردە، ھەر قانداق جايدا، ئەگەر ئىسلامى ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزۈل-كېسىل چۈشەنمىگەندە جاھىلىيەتنىڭ سايىسى ئاستىدا ئىسلامنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

ئىسلام بۇ يول بويىچە، بۇ پرىنسىپنى ئاساس قىلىپ ئىسلام «ئۇممىتى»نى بەرپا قىلىدۇ، ئورگانىك تەشكىلىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۇنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىپ، ئۇنىڭ ئېتىقادىنى كىشىلەرنى بىر-بىرىگە باغلايدىغان رىشتە قىلىدۇ، ئۇنىڭ نىشانى پەقەت ئىنسانىنىڭ ئادىمىيلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئۇنى كۈچەيتىش، ئۇنى مۇستەھكەملەش، ئۇنى ئادەم تېنىنىڭ باشقا ھەر قايسى جەھەتلىرىدىن ھالقىتىش! ئىسلام ئۆزىنىڭ بارلىق پرىنسىپلىرى، نەسىھەتلىرى، قانۇن ۋە تۈزۈملىرى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىزچىل يولى ئارقىلىق بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ!

دەرھەقىقەت، ئىنسانلارنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى نۇرغۇن جانلىقلار بىلەن، ھەتتا بەزى جانسىز ماددىلار بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە، بۇ نۇقتا «ئىلمىي جاھالەتپەرەس»لەرنىڭ ۋەكىللىرىنى خاتا يولغا باشلاپ قويىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلار ئىنسانلارنى باشقا بارلىق ھايۋانلارغا ئوخشاش بىر خىل ھايۋان دەپ قارايدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلار يەنە ئىنسانلارنى بارلىق جانسىز ماددىلارغا ئوخشاش بىر خىل ماددا دەپ قارايدۇ! ئىنسانلار گەرچە ھايۋانلار ۋە جانسىز ماددىلار بىلەن نۇرغۇن جەھەتلەردە ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، ئىنسانلار ئۇلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى ناھايىتى مەشھۇر قىلغان، خۇددى «ئىلمىي جاھالەتپەرەس»لىكنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئەڭ ئاخىرىدا مەجبۇرى ئېتىراپ قىلغىنىغا ئوخشاش، ئۇ ئالاھىدىلىكلەر، ئىنساننى ھەممە شەيئىدىن ئۈستۈن قىلغان! چۈنكى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ ئېنىق دەلىللىرى ئۇلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويغىلى تاس قالغاچقا، نائىلاج ئىنتايىن نارازىلىق بىلەن تىلنى چاينىغان ھالدا بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى!

بۇ جەھەتتە، ئىسلام يولى ئاللىقاچان شانلىق ئەمىلي نەتىجىلەرنى ئېلىپ

كەلدى. ئۇ ئىمان ـ ئېتىقادىنى ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ يادروسى قىلىپ، باشقا ھەر خىل بىمەنە ۋاستىلەرنى چۆرۈپ تاشلىدى. مەسىلەن، مىللەت، رايون، ئىرق، تىل، شۇنداقلا دۆلەت، رايون ۋە مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، مەنپەئەتى دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي چۆرۈپ تاشلىدى! بۇ جەمئىيەتتە، ئادەمنىڭ ماھىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، ھايۋانلار بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە بولمىغان ئالاھىدىلىكلەر ـ ئۇنى يېتىلدۈرىدۇ، ئۇنى يۈكسەلدۈرىدۇ. بۇ شانلىق ئەمىلي نەتىجىلەرنىڭ بىرى بولسا: بۇ يول ئىسلامى جەمئىيەتنى ئىنساننىڭ ماھىيىتى بىلەن زىت بولغان بارلىق ھايۋانى توساقلارنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىپ، بارلىق مىللەتلەرنى، ئىرق ۋە تىل، تەن رەڭگى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سىغدۇرالايدىغان ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەتكە ئايلاندۇرغان! ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئىقتىدارى ئىسلامى جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئوچاققا جۇغلانغان بولۇپ، بۇ چوڭ ئوچاقتا ئېرىپ بىرىكىپ كېتىدۇ. قىسقا مۇددەت ئىچىدە، يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئاۋانگارتلار قوشۇنى بارلىققا كېلىپ، چىن قەلبىدىن ھەمكارلاشقان بىر ئەۋلاد ئىقتىدارلىق كىشىلەر ئېسىل ھەم ئۇلۇغۋار مەدەنىيەتنى ياراتتى. گەرچە ئەينى ۋاقىتتا قاتناش قولايسىز، ئۈچۇر ـ ئالاقە ناھايىتى ئاستا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مەدەنىيەت، ئاشۇ دەۋردىكى بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىسلام جەمئىيىتى ئەرەبلەر، پارسلار، سۈرىيىلىكلەر، مىسىرلىقلار، ماراكەشلىكلەر، تۈركىيىلىكلەر، جۇڭگولۇقلار، ھىندىستانلىقلار، رىملىقلار، گىرىكلار، ھىندونىزىيىلىكلەر، ئافرىلىقلار... ھەتتا باشقا ھەر قايسى مىللەت ۋە ئىرقلارنى جۇغلاپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ چىن قەلبىدىن بىردەك ھەمكارلىشىشى، ھەمدە ماسلىشىشى ئارقىلىق ئىسلامى جەمئىيەتنى بەرپا قىلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنى ياراتتى. بۇ خىل مۆجىزىدەك ئۇلۇغۋار مەدەنىيەت تارىختا بىر كۈنمۇ ئەرەبلەرگە تەۋە مەدەنىيەت بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىسلام مەدەنىيىتى بولدى. بىر كۈنمۇ ھەر قانداق مىللەتچىلىك مەدەنىيىتى بولماستىن، بەلكى ئىزچىل تۈردە ئىسلامى ئېتىقاد مەدەنىيىتى بولدى.

ئۇلار باراۋەرلىك پرىنسىپى، مېھرىبانلىق روھى ئارقىلىق بىر ئورتاق نىشان ئۈچۈن ئىنتىلىدىغان ھېسسىياتنى بىر يەرگە جۇغلىدى. ئۇلار پۈتۈن كۈچى

بىلەن، بارلىق ئەقىل-پاراستىنى تەقدىم قىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ ئەڭ زور يۇشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى، مىللىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى، تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىسلامى جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىشلىرىغا سەرپ قىلدى. ئۇلار باراۋەر ھالدا ئورتاق بۇ جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى شۇقەدەر يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بولۇشىدىكى سەۋەب- ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدىكى رىشتىنىڭ بولغانلىقىدا. بۇ جەمئىيەتتە، ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئىنسانىيلىق ھېچقانداق توسالغۇسىز ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ ئېقىنىدا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالاھىدىلىكلەر، باشقا ھەر قانداق بىر جەمئىيەتتە ئەزەلدىن جۇغلىنىپ باقمىدى!

مىسال ئالىدىغان بولساق، قەدىمقى زاماندىكى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان جەمئىيەتلەرنىڭ بىرى رىم ئىمپېرىيىسى. دەرۋەقە، نۇرغۇن مىللەتلەر، نۇرغۇن تىللار، نۇرغۇن ئىرقلار، ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللەتلەر بۇ جەمئىيەتكە توپلانغان ئىدى، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرگىزمۇ ئىنسانى پەزىلەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇلمىغان، شۇنداقلا يەنە ئىمان-ئېتىقادقا ئوخشاش يۈكسەك قىممەت قارىشىدىمۇ نامايان بولمايدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۇ ئاقسۆڭەكلەر ۋە قۇللار ئارىسىدىكى سىنىپىي زۇلۇمنى ئاساس قىلغان سىنىپىي جەمئىيەت، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىمپېرىيە بولسا رىم ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاساسىدىكى ئىرقىي ئايرىمچىلىق جەمئىيىتى، بۇ ئۇنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ، باشقا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى قۇللۇق ئورنىدا تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇ خىل جەمئىيەت ئىسلامى جەمئىيەت يەتكەن يۈكسەك پەللىگە يۈكسىلەلمەيدۇ، ھەمدە ئىسلامى جەمئىيەت قولغا كەلتۈرگەنگە ئوخشاش ئۇلۇغۋار نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ.

ئوخشاشلا، ھازىرقى زامان تارىخىدىمۇ نۇرغۇن جەمئىيەتلەر قۇرۇلدى. بىرىتانىيە (ئەنگلىيە) ئىمپېرىيىسىنى مىسال قىلساق، ئەمەلىيەتتە، ئۇ پەقەت رىم ئىمپېرىيىسىنى تەۋەرۈك بىلىپ ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغۇچى مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە جەمئىيىتى بولۇپ، ئىمپېرىيە بېسىۋالغان مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى خەلقلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان،

ئىنگلىز مىللىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ياۋروپادىكى باشقا ئىمپېرىيەلەرمۇ بىر قېلىپتىن چىققاندەكلا ئۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ. مەسىلەن، ئىسپانىيە، پورتوگالىيە قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم مەزگىللىك مۇستەملىكىچىلىكى، ئۇندىن باشقا فرانسىيە ئىمپېرىيىسى قاتارلىقلار ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم جەھەتتىن ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى بولۇپ، ئىنسانىۋىيلىكنى دەپسەندە قىلىشتا چېكىگە يەتكەن، ۋەھشىيلىكتە ئۇچىغا چىققان بولۇپ، ئادەمنى تولىمۇ نەپرەتلەندۈرىدۇ! كوممۇنىزىمچىلارمۇ، ئىرق، دۆلەت، رايون، تەن رەڭگى، تىل جەھەتتىكى توسالغۇلاردىن ھالقىغان بىر خىل يېڭىچە جەمئىيەت قۇرماقچى بولغان، ئەمما، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىنساني پەزىلەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئومۇمىي پرىنسىپى ئاساسىغا قۇرۇلمىدى. ئەكسىچە، ئۇ سىنىپىيلىق پرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، كوممۇنىزىمچىلار جەمئىيىتى قەدىمقى رىم جەمئىيىتىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئايلىنىپ قالدى، رىم جەمئىيىتىدە ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى ھەممىگە ئىگىدارچىلىق قىلغان بولسا، كوممۇنىزمچىلار جەمئىيىتىدە پورولېتارىيات سىنىپى جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىۋالدى! بۇ خىل جەمئىيەتتە يۇشۇرۇن خەۋپنىڭ پەيدا بولۇشى بولسا- بىر سىنىپنىڭ باشقا ھەر قايسى سىنىپلارغا قارىتا ئۆچمەنلىكى! بۇ خىل شەخسىيەتچىلىك ھەم ئۆچ ئېلىش خاراكتېرىغا ئىگە جەمئىيەتنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى- پەقەت ئىنسانىۋىيلىكنىڭ ئەڭ چۈشكۈن تەرىپىنى قوزغىتىشتىن ئىبارەت بولدى. باشلىنىشتىنلا، ئۇنى قۇرۇش ئاساسى ئىنسانىيەتنىڭ ھايۋانىۋىيلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇنى مۇستەھكەملەش بولدى، ئىنسانىيەتنىڭ تۈپ ئېھتىياجىنى «يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ، ئەۋلاد قالدۇرۇش» (بۇ ئەمىلىيەتتە ھايۋانىۋىيلىكنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجى) دەپ قارىدى، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۇزۇن تارىخى بولسا دەل يېمەك-ئىچمەك ئىزدەش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تارىخىدىن ئىبارەت دەپ قارىدى!

ئىسلام ئۆزىنىڭ ئىلاھى تۇرمۇش يولى ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئەڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇنى يۈكسەلدۈرۈپ، بىر ئىنساني جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىدۇ. بۈگۈنگە قەدەر، ئۇ يەنىلا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئىسلامى تۇرمۇش يولىدىن ئايرىلىپ باشقا خىل تۇرمۇش يولىغا كىرىپ قالغان كىشىلەر، ئىرقى

كەمستىش، دۆلەت نەزەرىيىسى، رايۇن ئايرىمىچىلىقى، سىنىپىي ئاڭ...
ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى بىر چىرىكلىشىشنىڭ نەزەرىيە ئەندىزىسىنى قولللىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي ئەشەددىي دۈشمىنى! ئۇلار ئىنسانلارنى بۇ دۇنيادا ئاللاھ ئاتا قىلغان يۈكسەك ئالاھىدىلىك ئارقىلىق يۈكسىلىشكە يول قويمايدۇ. ئۇلار ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ھەر قايسى ئىرقلارنىڭ بىردەك ماسلىشىپ، ئوخشىمىغان ئەقىل-پاراسەت جەھەتتە سەممىمىي ھەمكارلىشىپ، تەجرىبە ۋە خاراكتېر ئىچىدىن ئەڭ زور مەنپەئەت ئېلىشىغا يول قويمايدۇ.

بۇنداق كىشىلەر ھەققىدە ھەممىدىن ئۈستۈن ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ هَلْ نُنَبِّئُكُمْ بِالْأَخْسَرِينَ أَعْمَالًا، الَّذِينَ ضَلَّ سَعْيُهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ يَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ يُحْسِنُونَ صُنْعًا، أُولَئِكَ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِ رَبِّهِمْ وَلِقَائِهِ فَحَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فَلَا نُقِيمُ لَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَزْنًا، ذَلِكَ جَزَاؤُهُمْ جَهَنَّمُ بِمَا كَفَرُوا وَاتَّخَذُوا آيَاتِي وَرُسُلِي هُزُوًا﴾

**«سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟ ئۇلار ھاياتى دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغان، نەتىجىدە قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى مۇنداق كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز. كاپىر بولغانلىقلىرى، مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ۋە پەيغەمبەرلىرىمنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جازاسى جەھەننەمدۇر.»** (سۈرە **كەھف 103 - 106 ئايەت**)

ئۇلۇغ ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بەردى!

# ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش (كۆرەش قىلىش)

ئىمام ئىبنى قەييۇم «ئاخىرەت سەپىرىگە يول خىراجىتى» دېگەن كىتاۋىنىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن تارتىپ تاكى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتقىچە بولغان مەزگىلدىكى كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش قەدەم باسقۇچى» دېگەن بابتا، ئىسلامى جىھاد بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەرتىپلەر بايان قىلىنغان بۆلۈپ ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئاللاھ پەيغەمبەر  ئەلەيھىسسالامغا بىرىنجى قېتىم نازىل قىلغان ۋەھيىدە مۇنداق دەيدۇ: ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن باشلاپ ئوقۇغىن. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىشى بولۇپ، ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزنى چىن قەلبىدىن ئوقۇشقا بۇيرىغان. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تېخى تەشۋىق قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرمىگەن. كەينىدىنلا، ئاللاھ ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا كىيىمگە چۈمكىنىۋالغۇچى پەيغەمبەر!) تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر دېگەن ۋەھيىنى نازىل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ ئوقۇغىن دېگەن ۋەھيىنى نازىل قىلىش بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلدى، (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر دېگەن ۋەھيىنى نازىل قىلىش بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇقەددەس بۇرۇچنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئەلچى قىلدى. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئالدى بىلەن يېقىن توققانلىرىنى ئىككىنچى قېتىمدا قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇشنى، ئاندىن كېيىن ئەتراپىدىكى ئەرەبلەرنى ئۇلاپلا پۈتكۈل ئەرەبلەرنى، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئاگاھلاندۇرۇشنى بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تەشۋىقات پائالىيىتىنى 13 يىل داۋاملاشتۇردى. بۇ جەرياندا ئۇرۇشمۇ بولمىدى،جىزيەمۇ[5] ئېلىنمىدى. بۇ مەزگىلدە ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېغىر-بېسىق، چىدامىلىق بولۇشقا، باشقىلارغا مۇلايىم بولۇشقا بۇيرىدى. كېيىن ئاللاھ ئۇنىڭ ھېجرەت قىلىشىغا، دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلدى؛ ئاندىن

[5] جىزيە: - ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆلارنىڭ زىمىنىدا تۇرۇشلۇق مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەردىن ئالىدىغان بىر خىل خىراجەت بولۇپ، ئۆلارنىڭ زىيانكەشلىكتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن سەرىپ قىلىنىدۇ.

كېيىن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان دۈشمەنلىرىگە ئۇرۇش ئېچىشقا، بىتەرەپ پوزىتسىيەدە تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەشمىگەن مۇشرىكلار بىلەن تىنچلىقنى ساقلاشقا بۇيرىدى؛ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنى تاكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھقا قايتقانغا قەدەر مۇشرىكلارغا ھۇجۇمنى قانات يايدۇرۇشقا بۇيرىدى. غازات بۇيرىقى چۈشكەندىن كېيىن، كاپىرلار ئۈچ تۈرگە ئايرىلدى: ① مۇسۇلمانلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزگەنلەر ② ئۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان دۈشمەنلەر ③ ئىسلام ھۆكۈمىتى تەۋەسىدىكى قوغدىلىدىغان خەلقلەر. ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھدە تۈزۈشكەن قەۋملەرگە قارىتا ئەھدىسىگە رىئايە قىلىشقا، پەقەت ئۇلار ئەھدىگە رىئايە قىلسا، ئۇلارغا سەمىمى مۇئامىلە قىلىشقا، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەھدىگە خىيانەت قىلىشىدىن قورقسا، ئۇلارنىڭ ئەھدىسىنى بىكار قىلىشقا، لېكىن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماسلىققا، ئەگەر ئۇلار ئەھدىنى بۇزسا، ئۇلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا بۇيرىدى. قۇرئاندىكى «تەۋبە» سۈرىسى نازىل بولغان ۋاقىتتا، ئاللاھ بۇ ئۈچ تۈردىكى كىشىلەر ھەققىدە ئۇچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلدى. ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك قىلغان ئەھلى كىتابقا يەنى يەھۇدى ۋە ناسارالارغا تاكى ئۇلار جىزىيە تۆلىگەنگە قەدەر ياكى ئىسلامنى قوبۇل قىلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرىدى. ئاللاھ كاپىرلار ۋە مۇناپىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا، ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاپىرلارغا قارىتا شەمشەر-قىلىچ بىلەن بويسۇندۇرۇش، مۇناپىقلارغا قارىتا ئىنىق دەلىل ۋە تەشۋىقات ئارقىلىق ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى، «تەۋبە» سۈرىسىدە ئاللاھ مۇشرىكلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىنىڭ مۇددىتى توشقاندا، ئۇنى بىكار قىلىشقا بۇيرىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەھدە تۈزۈشكەن قەۋم ئۈچ تۈرگە ئايرىلدى:

بىرىنچى خىلى بولسا ئەھدىنى بۇزغان ھەم ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلمىغانلار بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاكى ئۇلار ئۇستۇن غەلبە قىلغۇچە، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى.

ئىككىنچى خىلدىكىلەر بولسا ۋاقىتلىق ئەھدە تۈزۈشكەنلەر بولۇپ ھەم ئەھدىنى بۇزمىغان ھەم پەيغەمبىرىمىزگە ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلمىغانلار بولۇپ، ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزنى ئۇلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىگە رىئايە قىلىشقا

بۆيرىدى.

ئۇچىنچى خىلدىكىلەر بولسا ھەم مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھدە تۈزمىگەن ھەم پەيغەمبىرىمىزگە ئاشكارا ئۆرۈش ئىلان قىلمىغانلار، شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىز بىلەن مۇددەتسىز ئەھدە تۈزۈشكەنلەر بولۇپ، ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزنى ئۇلارغا تۆت ئاي مۆھلەت بېرىشكە، مۆھلەت توشقاندىن كېيىن ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىشقا بۇيرىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەھدىنى بۇزغانلار يوقىتىلدى. ئەھدە تۈزمىگەنلەر ياكى مۇددەتسىز ئەھدە تۈزگەنلەرگە تۆت ئاي مۆھلەت بېرىلدى. ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزنى ئەھدىگە رىئايە قىلغانلارنىڭ ئەھدىدىكى مۇددەتكە رىئايە قىلىشقا بۇيرىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇشرىكلىقتىن يىراق بولدى. ئىسلام ھۆكۈمىتى قوغدايدىغان خەلقلەرگە كەلسەك: ئۇلار مۇسۇلمانلارغا جىزيە تۆلىدى. بۇ يەرگە كەلگەندە «تەۋبە» سۈرىسىنىڭ نازىل بولۇشىغا ئەگىشىپ، كاپىرلار ئۈچ خىلغا ئايرىلدى. ئاشكارا ئۇرۇش ئىلان قىلغان دۈشمەنلەر، شەرتنامە تۈزگەن ۋە قوغدىلىدىغانلار، ئەڭ ئاخىرىدا ئەھدە تۈزگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كاپىرلار ئىككى تۈرگە ئايرىلدى. ئاشكارا ئۇرۇش ئىلان قىلىنغان دۈشمەنلەر ۋە قوغدىلىدىغان خەلقلەر، پەيغەمبىرىمىزگە ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلغانلار ھامان پەيغەمبىرىمىزدىن قورقۇپ غال-غال تىترەپ يۈرۈشتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەر ئۈچ خىلغا ئايرىلدى: يەنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ ئىتائەت قىلغانلار، تېنچلىقپەرۋەر ھەم دوستانە بولغانلار، دۈشمەنلىك قىلغان ھەم قورقۇنچ ئىچىدە قالغانلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇناپىقلارغا بولغان پوزىتسىيىسىگە كەلسەك ئاللاھنىڭ بۇيرىقى بويىچە، ئۇلارنىڭ سىرتقى قىياپىتىدىكى ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىپ، ئىچكى دۇنياسىنى ئاللاھقا تاپشۇردى. ھەققى بىلىم ۋە ئىنىق دەلىللەر ئارقىلىق ئۇلار بىلەن كۆرەشنى قانات يايدۇردى، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىپ، يېقىملىق سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىرتتى؛ بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ تەتۈرلۈك قىلمىشلىرىغا قارىتا، ھەرگىزمۇ مۇرەسسە قىلماي، ئۇلاردىن ۋاز كەچتى. ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزنى ئۇلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشتىن، قەبرە بېشىدا تۇرۇشتىن چەكلىدى. شۇنداقلا يەنە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھدىن

ئەپۇ سورىغىنىنىڭ بىلەن، ئاللاھ ئۇلارنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، دېدى. يۇقۇردا بايان قىلىنغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارغا تۇتقان مەيدانى.

بۇ بايان ئىسلامى جىھادنىڭ ئوخشىمىغان تارىخى دەۋرلەردە بۇ دىن يولغا قويغان ھەركەت يولى ئىگە بولغان چوڭقۇر ھەم ساپ ئالاھىدىلىكىنىڭ نامايانىدىسىنى مۇكەممەل ھالدا يېغىنچاقلىغان بولۇپ، بىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەت قايتا-قايتا ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، لېكىن بىز بۇ يەردە پەقەت بەزىبىر يېغىنچاقلاش خاراكتىردە ئەسكەرتىش بېرىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى ئالاھىدىلىكى: ئىسلامى يولنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئەمىلىيەتچانلىقى. ئالدى بىلەن، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ رېئاللىقىغا يۈزلەنگەن بىر مەيدان ھەركەت بولۇپ، ئۇ رېئال جەمىيەتنىڭ شەرتلىرىگە ماس كەلگەن ھەرخىل تەدبىرلەر ئارقىلىق كۆرەش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ رەقىبى بولسا ماددى كۈچنى تېرەك قىلغان ھازىرقى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرىۋاتقان جاھالەتپەرەسلىك دۇنيا قاراش ۋە ئېتىقاد قارىشى، شۇڭا ئىسلامى ھەركەت تىغمۇ-تىغ تاقابىل تۇرۇش ئۇسولى بىلەن كۆرەش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ قايىل قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەرخىل ساختا ئېتىقاد ۋە خاتا قاراشلارنى تۈزىتىدۇ. ھەمدە ئەمىلى كۈچ ۋە جىھاد ئارقىلىق ساختا ئېتىقاد ۋە خاتا قاراش ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسى تۈزۈم ۋە ھۆكۈمرانلىق تۈزۈلمىسىنى گۇمران قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىسلامنىڭ تەشۋىقات ئۇسۇلى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قارىشى ۋە دۇنيا قارىشىنى تۈزۈتىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ھەمدە ئۇلار زوراۋانلىقتا تايىنىپ كىشىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، كىشىلەرنى ئاللاھقا چۇقۇنىدىغان يولدىن ئايرىپ، ئادەمگە چۇقۇنىدىغان ئازغۇنلۇققا باشلايدۇ. خۇددى ئىسلام شەخسىنىڭ ئېتىقاد مەسىلىسىدە قۇرال كۈچى ئىشلەتمىگەنگە ئوخشاش، ئەمىلىيەتتە ئۇ زوراۋان ھۆكۈمرانلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان كۆرەشتە پەقەت ئاغزاكى تەشۋىقات بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمايدۇ. بۇ ئىككى نوقتا بولسا ئىسلامى يولدا بىرى كەم بولسا بولمايدىغان پىرىنسىپ بولۇپ، ئۇلار تەڭمۇ-تەڭ تۇرۇپ، ئىنسانىيەتنى ئازات قىلىپ، ئىنسانىيەتنى ئادەمنىڭ ئادەمگە چۇقۇنىشىدىن يەككە-يېگانە ئاللاھ قىلا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك پەللىگە يېتەكلەيدۇ.

ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى: ئىسلامى يولنىڭ ئەمىلى ئىش قىلىش

ئالاھىدىلىكى ۋە ئالغا ئىنتىلىشچانلىقى، ئۇ بولسا بىر مەيدان ئوخشىمىشغان باسقۇچلاردا شەكىللەنگەن ھەركەت بولۇپ، ھەر بىر باسقۇچنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەمەلىي شەرتلىرى ۋە ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ھەمدە ھەر باشقۇچنىڭ ھەممىسى كېيىنكى بىر باسقۇچقا تەرتىپ بويىچە ئۆتىدۇ. بۇ دىن ھەرگىزمۇ ئابىستىراكىت نەزىرىيە ئارقىلىق رېئاللىققا يۈزلەنمەيدۇ؛ ئوخشاشلا ئۇ يەنە مۇرەككەپ ئۆزگىرىشچان بولغان ھەرقايسى باسقۇچلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئۇلۇك ھالەتتىكى چارە-تەدبىرلەر ئارقىلىق مۇئامىلە قىلمايدۇ، قۇرئان ئايەتلىرىنى دەلىل قىلىپ ئىسلامى جىھادنىڭ يېتەكچىلىك پىرىنسىپىنى شەرھىيلەيدىغان ئەمما بۇ ئالاھىدىلىككە دىققەت قىلمايدىغان كىشىلەر ئىسلامى جىھاد يولىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئوخشىمىغان باسقۇچلاردىكى ئالاھىدىلىكلەرنى چۈشەنمەيدۇ[6]. ئۇلار ئوخشىمىغان باسقۇچلاردىكى ئوخشىمىغان ئالاھىدىكلەرنى ئۈزۈل -كىسىل ئارىلاشتۇرۋېتىپ، ئىسلامى يولىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى بورمىلىۋېتىپ قۇرئان ئايەتلىرىگە ئۇ ئايەتلەر ئەسلىدە ئۆز ئىچىگە ئالمىغان مەنا، پىرىنسىپ، نىزاملارنى تاڭىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەر بىر ئايەتنى ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈم دەپ بىلىپ، ئۇنى بۇ دىنغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىردىن-بىر نىزام دەپ قارايدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەر ھازىرقى ھالەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرارلىق ھالدا، مەنىۋى ۋە ئەقلى قۇرالنى تاشلاپ قويىدى. ئۇلار ھازىرقى بىر ئەۋلات مۇسۇلمانلار-ئۇلارنىڭ ئۇستى-بېشىغا پەقەت ئىسلامنىڭ ماركىسى چاپلاشقان. ئەمما ئىسلامنىڭ ماھىيىتى يوق كىشىلەرگە قارىتا ئىسلام پەقەت ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن غازات قىلىدۇ! دەيدۇ. ھەمدە ئۇلار غازاتنى ئىسلامى يولدىن چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق بۇ دىن ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپە ياراتتۇق دەپ قارايدۇ! ئەمما ئىسلامى يول ھەقىقەتەن دۇنيادىكى بارلىق ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقلارنى يوقىتىپ، كىشىلەرنى پەقەت يەككە-يىگانە ئاللاھقىلا چوقۇنۇشقا يېتەكلەيدۇ، ئىنسانىيەتنى ئادەمنىڭ ئادەمنى قۇل قىلىشىدىن ئازات قىلىپ، يەككە-يىگانە ئاللاھقىلا چوقۇنۇشقا يۈزلەندۈرىدۇ! ئىسلام ئۆز ئېتىقادىنى كىشىلەرگە قورال كۈچى ئارقىلىق مەجبۇرى قوبۇل قىلىشقا زورلىمايدۇ، لېكىن ئىسلام كىشىلەرنى بىر خىل ئەركىنلىك مۇھىتى

[6] ھەمدە يەنە ئوخشىمىغان باسقۇچلاردا نازىل بولغان قۇرئان ئايەتلىرى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىمۇ چۈشەنمەيدۇ.

بىلەن تەمىنلەپ، ئەركىنلىكنى تارتىۋالىدىغان ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ياكى ئىستىلا قىلىشنى گۇمران قىلىپ، ئۇنى تەسلىم قىلىپ، ئۇلاردىن جىزيە ئېلىپ، ئىمان-ئېتىقاد بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى توسالغۇلارنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىر ئەركىنلىك مۇھىتى بەرپا بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر تامامەن ئەركىن ھالدا ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىش قىلماسلىقنى قارار قىلىسا بولىدۇ.

ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى: ئىسلامنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەركىتى ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا قوللانغان ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان چارە-تەدبىر ۋە ستراتېگىيە ھەرگىز مۇ ئىسلامنىڭ ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن پرىنسىپ ۋە ئەڭ ئاخىرقى نىشاندىن چەتنىگەنلىك ئەمەس. ئىسلام تەشۋىق قىلىنىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېقىن تۇققانلىرىغا تەشۋىق قىلىشى بولسۇن، قورەيشلىكلەرگە تەشۋىق قىلىش بولسۇن ياكى پۈتۈن ئەرەبلەرگە تەشۋىق قىلىشى بولسۇن ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەشۋىق قىلىشتىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ تەشۋىق قىلىش ئۇمۇمى پرىنسىپى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنى ئاللاھقىلا چوقۇنۇش، ئادەمنىڭ ئادەمنى قۇل قىلىشنى چۆرۈپ تاشلاشتىن ئىبارەت نىشانغا ئۈلىشىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ پرىنسىپتا ھەم مۇرەسسە قىلىنمايدۇ ھەم يول قويۇلمايدۇ. بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرىلىدىغان بىر يۈرۈش بەلگىلەنگەن لايىھە ئارقىلىق، ئۇنىڭ بىردىن-بىر مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ھەمدە بۇ لايىھە بەلگىلىك تارىخى باسقۇچقا ئىگە بولۇشى، ھەر بىر باسقۇچنىڭ ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان چارە-تەدبىر ۋە ستراتېگىيەسى بولىشى كېرەك، بۇ نۇقتا ھەققىدە يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇم.

تۆتىنچى ئالاھىدىلىكى: ئىسلام مۇسۇلمانلار جەمىيتى بىلەن باشقا ھەرخىل جەمىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈچۈن تەمىنلەنگەن بىر قانۇن-نىزام . بۇ نوقتا يۇقىرىدا نەقىل قىلىنىغان « ئاخىرەت سەپىرى ئۈچۈن يول خىراجىتى تەييارلاش» دىگەن كىتاپتىن ئېلىنغان باياندا ئېنىق كۆرسىتىلدى.

بۇ نىزام ئىسلام- يەنى ئاللاھقا بويسۇنۇش ئاساسىغا بەرپا قىلىنىشى كېرەك. بۇ ئىسلام بولسا پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ئۇنى ھىمايە قىلىشى ياكى ئۇنىڭ بىلەن تىنىچلىقتا بىللە تۇرۇشىنىڭ خەلقئارالىق ئۆلچىمى

بولـشى زۆرۆر دىگـەنلىكتۇر. بۇنداقتـا، ھـەرقانداق سـىياسى تۈزۈم يـاكى ھـەربـىـي كۈچ ئـىسلامنىڭ تارقىلىشىنى تۇسـۇۋالالمايدۇ. ھـەر بـىـر ئـادەم بـىـلـەن ئـىـسلام ئوتتۇرسىدا بـىـر ئـەركىنلىك مـۇھىتى بـەرپـا قـىلـىنغانـدىن كـېـيـىن، ئـىـسلامنى تاللاش ياكى تاللىماسلىق پۈتـۈنلەي شـەخـسـىنىڭ ئىرادىـسى بـويىـچە بولـىدۇ. لـېكـىن ئـۇ قـۇرال كـۈچى ئـارقىلىق ئـىسلامغا قارشـى تۇرماسـلىقى ۋە ھۇجـۇم قـىلماسـلىقى لازىـم. ئـەگەر بـىرەرسـى قـۇرال كـۈچى بـىـلـەن ھۇجـۇم قـىلـىـشقا پېتىنىـدىكەن، ئۇنـداقتا ئـىـسلامنىڭ ئۇنىڭغـا قايتارمـا ھۇجـۇم قـىلـىـپ، ئـۇنى يوقـىتىش ياكى ئۇنى تـەسلىم قـىلىش ھوقۇقى بولـىدۇ!

روھى ۋە ئەقلى جەھەتتىن تـەسلىمچىلىك روھى ھالىتىنى ئىپادىلىگەن، ھەمدە ئىسلامغا ۋاكالىتەن ئەيىپلەشلەردىن خالاس قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ئىسلامى جىھاد ھەققىدە ماقالە يازغان ئاشۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ دىن يولغا قويغان « ئېتىقادتا (دىندا) زورلاش يوق» دېگەن ئايەتنىڭ پىرىنسىپى بىلەن ئىنساننىڭ ئاللاھغا چوقۇنىدىغان ئەركىنلىكىنى تارتىۋېلىپ، ئىنساننى قۇل قىلىدىغان، ئىسلامى ئېتىقاد ۋە ئىنساننىڭ ئەركىن تاللاش ھوقۇقى ئوتتۇرسىدا ئىنسانىۋي تۇسالغۇ پەيدا قىلىدىغان سىياسى تۈزۈم ۋە ھەربىي كۈچلەرنى پاچاقلاپ تاشلاش پىرىنسىپى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ. بۇ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىككى خىل پىرىنسىپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېغىزىغا كەلگەننى سۆزلەشكە ئۆرۈن يوق. ئۇ خىل تەسلىمچىلىك روھى ھالىتى ۋە بۇ خىل ئارىلاشتۇرۇۋېتىشنىڭ تەبىئى ئاقىۋىتىدە، ئۇلار تۈرلۈك ئامىللار بىلەن ئىسلامى جىھادنى بۈگۈنكى كۈندە دىيىلىۋاتقان « ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشى» دېگەن تار دائىرىدە چەكلەشنى ئويلايدۇ. ئەمما ئىسلامى جىھاد ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئېلىپ بېرىۋاتقان ھازىرقى زامان ئۇرۇشلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەقسىتى ۋە سېتىراتىگىيەسى بىلەن قىلچىمۇ مۇناسىۋىتى يوق. ئەمىلىيەتتە، ئىسلامى جىھادنىڭ مەقسىتىنى ئىسلامنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان ئالاھىدىلىكىدىن، ئۇنىڭ دۇنيادا ئوينىغان رولىدىن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن لايىھەلىگەن پارلاق نىشاندىن ئىزدەش لازىم. ئاللاھ بۇ بۈرچ بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى، ھەمدە ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇنىڭ بۈرچىنى ئەڭ ئاخىرقى بۈرچ قىلىپ بەلگىلىدى. شۇڭلاشقا ئىسلامى جىھادنىڭ مەقسىتىنى يەنە بۇ بىر قاتار ھېكمەتلەر ئىچىدىن ئىزدەش كېرەك.

دەرھەقىقەت، ئىسلام زېمىندا ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىپ، ئادەمنى ئادەم قۇل قىلىدىغان ئۇمۇمى خىتاپنى چۆرۈپ تاشلىدى. ئەلۋەتتە، نەپسى-خاھىشىغا چوقۇنۇشمۇ ئادەمنىڭ ئادەمنى قۇل قىلىشىنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى.

بۇ ئازاتلىق ئاللاھنىڭ بىردىن-بىر ئىلاھلىقى ۋە ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئالەمگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى جاكارلاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھنىڭ پۈتۈن دۇنياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى جاكارلاش پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەرقايىسى جايلىرىدىكى ھەرخىل ئوخشىمىغان شەكىلدىكى ئادەم ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دەھري سىياسەت ۋە ئىجتىمائى ھالەتكە قارىتىلغان ئۇمۇمى يۈزلۈك ئىنقىلاپتىن دېرەك بېرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھەرخىل شەكىلدىكى ئادەمنى ئىلاھلاشتۇرۇش بولۇپ، بۇخىل ئادەمنى ئىلاھلاشتۇرۇش كىشىلەرنى ئاللاھدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ھەمدە ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئادەملەرنى ھۆكۈمران تىكلەپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئەڭ ئالى ئورۇنغا كۆتۈرۈپ، بارلىق ھۆكۈمرانلىقنىڭ مەنبەئى قىلىدۇ. بۇ خىتاپنامە ئاللاھنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىدىغان بارلىق ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلارنى گۇمران قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى-خاھىشىغا تايىنىپ ئىنسانىيەتكە ئىنسان تۈزگەن قانۇنلارنى تېڭىپ، ئۇلارنى قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ھەمدە ئۆزلىرىنى ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان خوجايىن قىلىۋالىدۇ. ئەڭ ئاخىرى، بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھقا تاپشۇرىلىدۇ. ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام ئادەم ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دەھرىلىك، پادىشاھلىقلارنى پاچاقلاپ تاشلاپ، بۇ زېمىندا ئادەم پەقەت ئاللاھقىلا چوقۇنىدىغان ئىسلامى دۆلەت قۇرۇپ چىقىدۇ. قۇرئاندا بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار بار.

﴿وَهُوَ الَّذِي فِي السَّمَاء إِلَهٌ وَفِي الْأَرْضِ إِلَهٌ وَهُوَ الْحَكِيمُ الْعَلِيمُ﴾

**« ئاللاھ ئاسماندىمۇ ئىلاھتۇر، زېمىندىمۇ ئىلاھتۇر»** ( سۈرە زۇخرۇف 84 ـ ئايەت )

﴿ إِنِ الْحُكْمُ إِلاَّ لِلّهِ أَمَرَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ ﴾

**«بارچە ھۆكۈمرانلىق پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ. ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، بۇ توغرا دىندۇر»** ( سۈرە يۇسۇف 40 ـ ئايەت )

﴿قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْاْ إِلَى كَلَمَةٍ سَوَاء بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ أَلاَّ نَعْبُدَ إِلاَّ اللّهَ وَلاَ نُشْرِكَ بِهِ شَيْئًا وَلاَ يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضاً أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ فَإِن تَوَلَّوْاْ فَقُولُواْ اشْهَدُواْ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ﴾

**«ئى ئەھلى كىتاب (يەھۇدىلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى»دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرىسە (يەنى بۇنى قۇبۇل قىلمىسا)، (ئى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار»** (سۈرە ئال ئىمران 64 ـ ئايەت)

بۇ زىمىندا ئاللاھقا چوقۇنىدىغان «ئىلاھى دۆلەت» قۇرۇش، ھەرگىزمۇ خىرستىيان دىنى جەمىيىتى قىلغانغا ئوخشاش بىر قىسىم ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ئەربابلارغا (پاپا، پوپ شۇنداقلا باستىرلار) ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش ئەمەس، ياكى كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان روھانىلار ھاكىمىيتى ياكى ئاتالمىش ئىلاھلار ھاكىمىيتى قىلغانغا ئوخشاش، ئۆزىنى ئىلاھنىڭ ۋاكالەتچىلىرى دەۋالغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋېلىشى ئەمەس، ياق! ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس! بەلكى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئەڭ ئالى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئاللاھ بەلگۈلىگەن ئۇچۇق ئىسلام قانۇنى بويىچە بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ زىمىندا ئاللاھنىڭ ئىلاھى دۆلىتىنى قۇرۇش، دەھرىلىك سىياسىتىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، تاجاۋۇزچىلار قولىدىن ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ پەقەت ئاللاھقىلا تاپشۇرۇپ بېرىش، ئىسلام قانۇنىنىڭ بىردىن ـ بىر رەھبەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىنسانلار تۈزگەن دەھري قانۇنلارنى بىكار قىلىش، بۇلارنىڭ مەخسىتى ھەرگىزمۇ پەقەت جاكارلاپ قويۇش ۋە نەزىرىيە سۆزلەش ئارقىلىق ئورۇنلانمايدۇ، چۈنكى كىشىلەرگە كويزا ـ كىشەنلەرنى سېلىپ بۇ زىمىندا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالغان كىشىلەر ھەرگىزمۇ جاكارلاش ۋە نەزىرىيە سۆزلەش ئالدىدا ئۆزلىرى ئىگە بولغان ھوقۇقتىن ۋاز كېچىشكە ھازىرلىق قىلمايدۇ! ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا تارىختىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ زىمىندا ئاللاھنىڭ دىنىنى بەرپا قىلىشى

ھەقىقەتەن ئاسان بولغان بۆلاتتى! ئەمما، بۇ تارىختىكى ھەر قايسى پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى ۋە بۇ دىننى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۆرەش تارىخىغا زىت كېلىدۇ!

پۈتۈن دۇنيا ئاللاھنىڭ بىردىن-بىر ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ۋە ئىلاھلىقىنى جاكارلاپ، ئىنسانىيەتنى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن باشقا بارلىق ھۆكۈمرانلىقتىن ئازات قىلىش ئۈمۈمى خىتاپنامىسى ھەرگىزمۇ پاسسىپ ھالەتتىكى پەلسەپىۋي خاراكتېرلىق ئابستىراكىت نەزىرىيەۋي خىتاپنامە ئەمەس بەلكى بىر تۈرلۈك ئاكتىپ، ئەمەلىيەتچىل ھەركەت خىتاپنامىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نىشانى ئاللاھنىڭ ئىسلام قانۇنى شەكلىدىكى تۈزۈمى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى باشقۇرۇپ، ئىنسانىيەتنى ئادەمنىڭ ئادەمنى قۇل قىلىشىدىن ھەقىقى ئازات قىلىپ چىقىش، ھەمدە يەككە يىگانە ئاللاھقىلا چۇقۇنۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا چوقۇم «تەشۋىق قىلىش» بىلەن «ھەرىكەت»نى چوقۇم بىللە ئېلىپ بېرىش شەكلى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ئوخشىمىغان تەرەپلىرىگە قارىتا مۇناسىپ ھالدىكى ئوخشىمىغان تەدبىرلەرنى ئىنسانىيەتنىڭ بۇ ئىجتىمائى رىئاللىقىغا قارىتىش كېرەك.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائى رىئاللىقى مەيلى ئىلگىرى، مەيلى ھازىر، مەيلى كەلگۈسىدە بولۇشتىن قەتئى نەزەر ئىسلام ئىنسانىيەتنى ئاللاھدىن باشقا بارلىق ھۆكۈمرانلىقتىن ئازات قىلىپ چىقىش باش پىروگىراممىسىنى ئوتتۇرغا قويغانلىقتىن، ئۇ (ئىجتىمائى جەمىيەت) ھەرخىل تۇسالغۇلار، ئاڭ-پىكىر، ئېتىقاد، ھەربىي، سىياسى، ئىجتىمائى، ئىقتىسادى، ئىرقي،سىنىپي جەھەتلەردىن، شۇنداقلا يەنە قىڭغىر يوللاردىكى ھەرخىل خۇراپاتلىق ۋە خىلمۇ-خىل بىمەنە دۇنيا قاراشلار بىرلىكتە توپلىنىپ، تولىمۇ مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئىسلامىيەتكە ئورتاق قارشى تۇرىدۇ.

ئەگەر «تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش»نى ئېتىقادى تۇنۇشى ۋە دۇنيا قاراشقا قارىتىپ، «ھەرىكەت» ئارقىلىق بارلىق ماددىۋي تۇسالغۇلارنى-ھەممىدىن ئاۋال كىلىدىغىنى ئېتىقادى تۇنۇش، ئىدىيۋى قاراش، ئىرقي كەمسىتىش، سىنىپي زۇلۇم، ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادى مەنپەئەت ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىنتايىن چىگىش ۋە مۇرەككەپ سىياسى ھۆكۈمرانلىق بىلەن تىغمۇ-تىغ كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ ئىككىسىنى-يەنى « تەشۋىق قىلىپ

چۈشەندۈرۈش» بىلەن «ھەرىكەت» نى بىرلەشتۈرۈپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائى رىئاللىقىغا قارىتىپ، كونكرېت چارە-تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەرخىل كونكرېت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش لازىم. بۇ زېمىندا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئازاتلىق ھەركىتىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بۇ ئىككىسىنى چوقۇم بىرلەشتۈرۈش لازىم، بۇ نوقتا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، چوقۇم قايتىدىن تونۇش كېرەك!

ئىسلام ئەرەبلەرنى ئازات قىلىش خىتاپنامىسى ئەمەس! ئۇنىڭ بۇرچى ئەرەبلەرگىلا يۈزلەنگەن ئەمەس! ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئىنسان، يەنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت. ئۇنىڭ دائىرىسى بۇ زېمىن، يەنى پۈتكۈل يەرشارى. ئاللاھ ئەرەبلەرنىڭلا ئىلاھى ئەمەس، ھەتتا ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭلا ئىلاھى ئەمەس. ئاللاھ ھەقىقەتەن پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئىلاھى. ئىسلامنىڭ نىشانى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئاللاھنىڭ يولىغا قايتۇرۇش بولۇپ، ئۇلارنى ئاللاھقا قارىتا ئېلىپ بېرىلمىغان بارلىق چوقۇنۇشلاردىن ئازات قىلىش، ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئەڭ چوڭ قۇللۇق ئىنسانلارنىڭ بويسۇنۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇلار ئۈچۈن قانۇنلارنى تۈزۈپ بېرىشى بولۇپ، بۇ دەل ئىسلام بېكىتكەن ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە چوقۇنۇشقا بولمايدۇ دېگەننىڭ مەنىسى. ئىسلام يەنە كىمكى ئاللاھدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلىۋالىدىكەن، گەرچە ئۇ ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىسىمۇ، ئۇ ئاللىقاچان ئاللاھنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ، دەپ بېكىتىدۇ. ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ھەر كىمنىڭ قانۇنى ۋە قائىدىسىگە بويسۇنۇش دەل شۇنى ئىلاھ دەپ چوقۇنغانلىق بولىدىغانلىقىنى، يەھۇدى ۋە ناسارالار ئاللاھ ئۇلارغا چۈشۈرگەن بۇ چوقۇنۇش بۇيرىقىغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىكلار دەپ ئېلان قىلىنغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن.

ھەدىسشۇناس تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئەدي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاللاھنىڭ رەسۇلى دىنىنى تەشۋىق قىلغان ۋاقىتتا، سۈرىيەگە قېچىپ كەتكەن. ئەسلىدە ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. كېيىن ئۇنىڭ سىڭلىسى ۋە قەبىلىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئەسىرگە چۈشتى. لېكىن ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئۇنىڭ سىڭلىسىنى قويۇۋەتتى ھەم ئۇنىڭغا سوۋغاتلارنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ

ئاكىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئاكىسىغا ئىسلامنى قوبۇل قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇ زاتنى زىيارەت قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر نۇرغۇن سۆز-چۆچەكلەرنى قىلىشتى. ئۇ كۆمۈشتىن ياسالغان كرېستنى تاقىغان ھالدا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىز:

﴿اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُواْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ إِلَهًا وَاحِدًا لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾

**« ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېبرلىرىنى، راھىبلىرىنى ( يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى ) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. ( ھالبۇكى ) ئۇلار ( پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ( يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن باشقا ) ھېچ مەبۇد ( بەرھەق ) يوقتۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر.» ( سۈرە تەۋبە 31 - ئايەت )**

دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتاتتى. ئەدىي پەيغەمبىرىمىزگە ئۇلار ئۇلارغا (ھېبرلىرىغا، راھىبلىرىغا) چوقۇنمايتتى دېدى. پەيغەمبىرىمىز جاۋاب بېرىپ: ياق، ئۇلار ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال دەپ ھۆكۈم قىلىپ بەرسە، ئۇ مۇخلىسلار ئۇلارغا ئىتائەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئۇلارغا (ھېبرلىرىغا، راھىبلىرىغا) چوقۇنغىنى دېدى.

ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇ ئايەتكە بەرگەن چۈشەندۈرۈشى، ئىنسانلار تۈزگەن قانۇنلارغا بويسۇنۇش بولسا توغرا دىنىدىن چىقىپ كېتىدىغان بىر خىل چوقۇنۇش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئىلاھ قىلىشىدۇر، بۇ دەل ئىسلام دۇنياغا كېلىپ بىكار قىلماقچى بولغان نەرسە بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ زېمىندىكى ئازاتلىقىنىڭ، ئاللاھتىن باشقا بارلىق نەرسىلەرگە چوقۇنۇشنى چۆرۈپ تاشلاش ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

شۇڭا، ئىسلام چوقۇم « تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش» بىلەن « ھەرىكەت» نى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ئىسلامنىڭ ئومۇمى خىتاپنامىسىگە قارشىلىق قىلىدىغان بۇ زېمىندىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائى رېئاللىقىنى ئاغدۇرۇپ، كىشىلەرنى ئاللاھتىن باشقا چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرىغا چوقۇنۇشقا

مەجبۇرلايدىغان يەنى ئاللاھنىڭ ھوقۇقى ۋە ئىسلام ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىش بولمىغان ـ بارلىق سىياسى كۈچلەرگە زەربە بېرىش لازىم، ئۇخىل كۈچلەر كىشىلەرنى ھېچقانداق سىرتقى بېسىمغا ئۇچرىمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تەشۋىقات ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشىغا يول قويماي ئىككىسى ئوتتۇرسىدا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. زوراۋان كۈچلەر ـ نوقۇل سىياسى بولسۇن، ياكى ئىرقچىلىق بىلەن تىل بىرىكتۇرۇش بولسۇن، ياكى ئىرىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپي زۇلۇم بولسۇن، ئۇلارنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن، ھەقىقى تۇردە ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلىنىدىغان سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى جەھەتتىن بىر يىڭى تۈزۈم بەرپا قىلىنىدۇ.

ئىسلام ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئېتىقادىنى مەجبۇرى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىشنى ئۈمىت قىلمايدۇ. لېكىن، ئىسلاممۇ پەقەت بىرخىل ئېتىقاد بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ـ خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئىنسانىيەتنى ئادەمنىڭ ئادەمگە چوقۇنىشىدىن قوتۇلدۇرۇپ، ھۆرلۈك چاقىرىقىغا يۈزلەندۇرىدۇ. باشلىنىش بىلەنلا ئۇنىڭ نىشانى ئادەمگە ئادەم ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، ئادەمنى ئادەم قۇل قىلىدىغان ئاساستىكى ھەرخىل ئىجتىمائى تۈزۈم ۋە ھاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئاندىن كېيىن، جەمىيەتنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنى ھەقىقى ئەركىنلىككە ئىگە قىلىش بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خالىغىنىغا ئاساسەن ئېتىقادىنى تاللايدۇ. ئۇلار ئۇچۇن سىياسى بېسىم يوقىتىلغان، ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە روھىيتىنى نۇرلاندۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان چۈشەندۇرۇشلەردىن كېيىن ئۇلا ئۆزلىرى ئېتىقادنى ئىختىيارىچە تاللايدۇ. لېكىن بۇخىل ئۇسۇل ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىلاھىنى ئەڭ كاتتا ئىلاھقا ئايلاندۇرالمايدۇ، ياكى بۇ كىشىلەر ئىختىيارىچە تاللاش بىلەن باشقىلارغا چوقۇنىدىغان قۇللارغا ئايلىنىپ قالىدۇ دېگەنلىك! ياكى بىر قىسىم كىشىلەر يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ قىلىۋالدى دېگەنلىك! بۇ زىمىندا ئىنسانىيەتنى ئىدارە قىلىدىغان تۈزۈمنىڭ مەنبئى يەككە ـ يىگانە ئاللاھقىلا چوقۇنۇش بولۇشى كېرەك. بۇ قانۇن ـ تۈزۈملەرنى پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا قوبۇل قىلىپ، ئاندىن كېيىن ھەر بىر جەمىيەت ئەزاسىنى بۇ خىل ئۇمۇمى تۈزۈم ئاستىدا ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئېتىقادنى تاللىشىغا يول قويۇش

دېگەنلىكتۇر! پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولىدۇ. يەنى ھۆكۈم قىلىش، بويسۇنۇش، ئەمەل قىلىش، چوقۇنۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ئۈچۈن بولىدۇ. دەرھەقىقەت دىنىنىڭ خاس مەزمۇنى ئېتىقادتىن كەڭ بولۇپ، دىن بولسا تۇرمۇش تۈزۈمى ۋە نىزامىنى باشقۇرىدۇ. ئۇ ئېتىقاد ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى ئېتىقادتىن تېخىمۇ كەڭ بولۇپ، ئىسلام دىنىدا ئۇخشىمىغان ئىجتىمائى گورۇھلار چوقۇنۇش پەقەت ئاللاھقىلا خاس بولغان بىر ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان دىنىنىڭ ئومۇمى تۈزۈمىگە بويسۇنسا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى گورۇھلار ياكى تەشكىلاتلار گەرچە ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا بۇ دىنىنىڭ ئومۇمى تۈزۈمىگە بويسۇنۇشى كېرەك.

ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى چۈشۈندىغان كىشىلەر - يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك يەنى ئىسلامنىڭ « تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۇرۇش» شەكلىدە جىھاد ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قورال كۈچى ئىشلىتىشمۇ جىھاد ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆزىنى قوغداش ھەركىتى ئەمەس ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئەمما يامان نىيەتلىك شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ھوجۇمى ئالدىدا، ۋە ھازىرقى ئەھۋاللارنىڭ بېسىمى ئاستىدا تىز پۈككەن ئاشۇ كىشىلەر ھازىرقى زامان كىشىلىرى چۈشەنگەن ئۆزىنى قوغداش ئورۇشى دېگەن ئاتالغۇنىڭ تار مەناسى ئارقىلىق ئىسلامى جىھاد ھەركىتىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بۇ زىمىندا ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىدىغان بىر مەيدان ھەركەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائى رىئاللىقىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى كونكرېت مەسىلىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تەدبىرلەرنى تۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ھەر بىر باسقۇچىمۇ ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان تەدبىرلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئەگەر بىز چوقۇم ئىسلامى جىھاد ھەركىتىنى ئۆزىنى قوغداش ھەركىتى دەپ ئاتايدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىز «ئۆزىنى قوغداش» دېگەن سۆزنىڭ مەناسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرى بولىمىز. بىز ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلى ئۆزىنى قوغداشنى مۇھاپىزەت قىلىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان بارلىق بۇيۇنتۇرۇقلار ۋە ئۇنىڭ ئازاتلىقىغا توسالغۇ بولىدىغان بارلىق ئامىللاردىن ساقلاپ قېلىش دەپ قارىشىمىز كېرەك. بۇ ئامىللار ئېتىقادى

تۈنۈش ۋە دۇنيا قاراشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىقتىسادى تۇسالغۇ، سىنىپىي جەھەتتىكى تۇسالغۇ ۋە ئىرقىي جەھەتتىكى تۇسالغۇلار ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسى تۈزۈمدە ئىپادىلىنىدۇ، بۇ ئامىللار ئىسلام كەلگەن ۋاقىتتا پۈتۈن يەرشارىنى قاپلىغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇ يەنىلا ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە يىتەكچىلىك ئورنىدا تۇرىۋاتىدۇ.

«ئۆزىنى قوغداش» دىگەن سۆزنىڭ مەزمۇنىنىڭ بۇنداق كىڭەيتىلىشى ئارقىلىق، بىز ئىسلامنىڭ بۇ زىمىندا جىھاد ئېلىپ بېرىشتىكى ھەقىقى مەقسىتىنى چۈشۈنۈۋېلىپ، ئىسلامنىڭ ماھىيىتىگە يۈزلىنەلەيمىز. يەنى ئۇ (ئىسلامى جىھاد) بولسا ئىنسانىيەتنى ئادەمنىڭ ئادەمنى قۇل قىلىشىدىن ئازات قىلىپ، ئاللاھنىڭ پۈتكۈل كائىناتقا قارىتا بىردىن-بىر ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئىلاھلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، يارالغۇچى بولغان ئىنسانلانىڭ نەپسى-خاھىشى بويىچە بۇ زىمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پادىشاھلىقنى پاچاقلاپ تاشلاش. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئىسلامى قانۇن يۈرگۈزىلىدىغان ئىلاھى دۆلەت قۇرۇش باش پىروگىرامىسىدىن ئىبارەت.

تار مەنىدىكى ھازىرقى زامان ئۆزىنى قوغداش ئورۇشى چۈشەنچىسى ئارقىلىق ئىسلامى جىھاد توغرىسىدا كۈچىنىڭ بارىچە ئۆزىنى قوغداشقا دائىر بانا-سەۋەب ئويدۇرۇپ چىقىپ، جېنىنىڭ بارىچە دەلىل ئىسپاتلارنى ئىزدەپ بارلىق ئىسلامى جىھادلارنىڭ پەقەت قوشنا دۆلەت كۈچلىرىنىڭ ئىسلام ئەللىرىگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىغا قارىتا توسۇپ زەربە بېرىشى (بەزىلەر ئۇ پەقەت ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەھۋاللار دەپ قارايدۇ) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغىنىغا كەلسەك، بۇ ئىسلامنىڭ ماھىيىتى شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ زىمىندىكى ۋەزىپىسى توغرىسىدا تۇنۇشىنىڭ كەمچىللىكىنىڭ بىرخىل ئىپادىسى. بىرخىل كەم-كۈتىسىز دورامچىلىق بولۇپ، ئۇ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ رىئاللىقىنىڭ بېسىمى ۋە ھېلىگەر شەرىق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىسلامى جىھادقا قىلغان ھۇجۇمى ئالدىدىكى مەغلۇبىيەتچىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ!

ئويلاپ بېقىڭلار، ئەينى ۋاقىتتا خەلىپە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار رىم ۋە پارىس ئىمپىرىيىلىرىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىغا ھۇجۇم قىلماسلىق ھەققىدىكى كاپالىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىسلامنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭەيتمەستىن، ياستۇقنى

ئىگىز قويۇپ بىخىراماان دەم ئېلىپ ئولتۇرمىدىغۇ؟! ئەينى ۋاقىتتا، ئىسلامنىڭ تارقىلىشى، مۇنوپول قىلىنغان دۆلەتلەنىڭ كونتىروللىقىدىكى ھەربىي كۈچلەر ئىرقىي ئايرىمىچى كۈچلەر ۋە تەبىقىچىلىك قارىشىدىكى ئىجتىمائى تۈزۈم، دۆلەتنىڭ ھەربىي ئاپاراتلىرىنىڭ قوغدىشىدىكى ئىرقىي كەمسىتىش ۋە سىنىپي زۇلۇم ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىقتىسادى تۈزۈم قاتارلىقلارغا دۈچ كەلدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار ئىسلامنى قانداق قىلىپ ئالغا سىلجىتتى؟!

پۇتكۈل يەرشارىدا ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىش ھەركىتىنى جاكارلاپ قويۇپ، يۇقىرىدىكى بارلىق تۇسالغۇلار ئالدىدا قۇرۇق گەپ ۋە چۈشەندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن كۆرەش قىلىمەن دېيىش، پۈتۈنلەي ئەخمىقانە خىيال! ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ئىسلام بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرسىدا بىر ئەركىنلىك مۇھىتى بەرپا قىلىدۇ، كىشىلەر بارلىق تەسىرلەردىن قۇتۇلۇپ، ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ۋاقىتتا، ئۇلارغا ئەركىن ھالەتتە تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ، گەپ-سۆز ۋە چۈشەندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارغا ئىسلامنى تارقىتىدۇ. مانا بۇ قۇرئاندىكى « دىنغا كىرىشتە زورلاش يوق» دېگەن پرىنسىپ. ماددىۋى تەسىرلەر ۋە تۇسالغۇلارغا دۈچ كەلگەن ئەھۋاللارغا كەلسەك، بارلىق بۇيۇنتۇرۇق ۋە كويزا- كىشەنلەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ قەلبى ۋە ئەقىل-ئىدراكىغا ئىسلام ھەقىقىتىنى تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۇرۇشكە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قورال كۈچى ئارقىلىق بارلىق تۇسالغۇلارنى گۇمران قىلىپ تاشلاش كېرەك!

ئەگەر ئىسلامنى تارقىتىشتىكى نىشان ئىنسانىيەتنىڭ ئازاتلىقىنى داغدۇغىلىق جاكارلاش بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائى رىئاللىقىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى كونكىرېت ئەھۋاللارغا قارتا كونكىرېت تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن مۇتلەق زۆرۈردۇر. چۈنكى پەلسەپىۋى خاراكتىردىكى نەزىرىيە ئارقىلىق تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۇرۇش ھەقىقەتەن كۇپايە قىلمايدۇ! ئىسلام زېمىنى، توغرا ئىسلام ئاتالغۇسى، ئىسلام يۇرتى- تىنىچ-ئامان بولسۇن ياكى قوشنا دۈشمەنلەرنىڭ تەھتىدىگە ئۇچرىغان بولىشىدىن قەتئىنەزەر ئىسلام تىنىچلىقنى مەقسەت قىلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى ھەرگىزمۇ ئەرزىمەس تىنىچلىق- پەقەت ئىسلامغا ئېتىقاد قىلغان كىشىلەر تۇرىۋاتقان بەلگىلىك رايۇننىڭ تىنىچلىقىغىلا كاپالەتلىك قىلىش بولماستىن بەلكى

بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھقىلا خاس بولغان بارلىق كىشىلەر ئاللاھقىلا چۇقۇنىدىغان، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاللاھدىن باشقا ئادەم ئادەمنى قۇل قىلىدىغان ئىلاھلارنى تىكلىشىگە يول قويۇلمايدىغان ھەقىقى تىنىچلىق!

پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پەقەت ئىسلامى جىھاد ھەركىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىنى ھۆكۈم ھىسابلاشتا، ئاللاھنىڭ بۇيرىقىغا ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭ باشلىنىش باسقۇچىنىمۇ، ئوتتۇرا دەۋرىنىمۇ ئاساس قىلماسلىق لازىم. ئىمام ئىبنى قەييۇم چۈشەندۈرگەن بۇ باسقۇچلار ئاللىقاچان ئاخىرلاشتى. بۇ يەرگە كەلگەندە «تەۋبە» سۈرىسى نازىل بولغاندىن كېيىن، كاپىرلار ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدى. ئاشكارا ئۇرۇش ئىلان قىلغان دۈشمەنلەر، ئەھدە تۈزۈشكەنلەر ۋە قوغدىلىدىغانلار، ئەڭ ئاخىرىدا ئەھدە تۈزگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كاپىرلار ئىككى تۈرگە ئايرىلدى. ئاشكارا ئۇرۇش ئىلان قىلىنغان دۈشمەنلەر ۋە قوغدىلىدىغانلار. ئاشكارا ئۇرۇش ئىلان قىلىنغان دۈشمەنلەر ھامان دەككە-دۈككىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن قورقۇپ يۈرۈشتى. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار ئۈچ تۈرگە ئايرىلدى. ئىمان ئېيتىپ بويسۇنغانلار، تىنىچ ھەم دوستانە بولغانلار (بۇلار دەل قوغدىلىدىغانلار) ۋە دۈشمەنلىك قىلىپ قورقۇپ يۈرگەنلەر.

مانا بۇ ئىسلامنىڭ ماھىيىتى ۋە نىشانى بىلەن مەنتىقىلىق ماس كېلىدىغان مەۋقە بولۇپ، ھېلىقى ھىلىگەر شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ھۇجۇمىنىڭ بېسىمى ئاستىدا تىز پۈككەنلەر چۈشەنگەنگە ئوخشىمايدۇ!

مەككىدە، ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن چەكلىدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان دەسلەپكى مەزگىللەردىمۇ شۇنداق بولدى، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا نازىل قىلغان ۋەھيىسى

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ قِيلَ لَهُمْ كُفُّواْ أَيْدِيَكُمْ وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ﴾

**«... ئۇرۇشتىن قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار...»** (سۈرە نىسا 77 ـ ئايەت)

دىن ئىبارەت. كېيىن ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا:

﴿أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ، الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِن دِيَارِهِمْ بِغَيْرِ حَقٍّ إِلَّا أَن يَقُولُوا رَبُّنَا اللَّهُ وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُم بِبَعْضٍ لَّهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا وَلَيَنصُرَنَّ اللَّهُ مَن يَنصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ، الَّذِينَ إِن مَّكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ﴾

**« هۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۇچۇن، ( قارشىلىق كۆرسىتىشكە رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. ( ئۇلار ) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىلدى، ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى؛ كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر. ( ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار ) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر ( يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە ئاللاھقا قايتىدۇ )»** ( سۈرە ھەج 39 ـ 41 ـ ئايەت )

دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. ئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغانلار بىلەن جىھاد قىلىشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇلارغا ھۇجۇم قىلمىغانلار بىلەن تىنىچ ـ ئامان ئۆتۈشكە بۇيرىدى. **ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:**

﴿وَقَاتِلُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَكُمْ وَلاَ تَعْتَدُواْ إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبِّ الْمُعْتَدِينَ﴾

**« سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار. . .»** ( سۈرە بەقەرە 190 ـ ئايەت )

كېيىن ئۇلارنى بارلىق مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرىدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَقَاتِلُواْ الْمُشْرِكِينَ كَآفَّةً كَمَا يُقَاتِلُونَكُمْ كَآفَّةً ﴾

**« . . . مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھوجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. . . »** ( سۈرە تەۋبە 36 ـ ئايەت )

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿قَاتِلُواْ الَّذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ بِاللّهِ وَلاَ بِالْيَوْمِ الآخِرِ وَلاَ يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ اللّهُ وَرَسُولُهُ وَلاَ يَدِينُونَ دِينَ الْحَقِّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُواْ الْكِتَابَ حَتَّى يُعْطُواْ الْجِزْيَةَ عَن يَدٍ وَهُمْ صَاغِرُونَ﴾

**« سىلەر ئەھلى كىتابدىن ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار ( يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىيسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغاننىڭ ئورنىدىدۇر. ) بىلەن ئاللاھ ( ئۆزىنىڭ كىتابىدا ) ۋە پەيغەمبەرنىڭ ( سۈننىتىدە ) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن ( يەنى ئىسلام دىنى )غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار»** ( سۈرە تەۋبە 29 ـ ئايەت )

خۇددى ئىمام ئىبنى قەييۇم ئېيتقاندەك: جىھاد دەسلەپتە چەكلەندى، كېيىن رۇخسەت قىلىندى، ئاندىن كېيىن ئۇرۇش ئاچقان دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش پەرز قىلىپ بەلگىلەندى، ئەڭ ئاخىرىدا، ئاللاھ بارلىق مۇشرىكلارغا ئۇرۇش ئېچىشقا بۇيرىدى.»

قۇرئاندىكى جىھاد ھەققىدىكى ئايەتلەرنىڭ كەسكىنلىكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ جىھادقا رىغبەتلەندۈرگەن ھەدىسلىرىنىڭ ئەستايىدىللىقى، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ۋە ئۇنىڭ ئۆزۈن تارىخى جەريانىدىكى ھەر قايسى جىھادلارنىڭ جىددىيلىكى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئاشۇ قارا نىيەت شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىسلامى جىھادقا قارىتا ھۇجۇمى ۋە ھازىرقى ئەھۋاللاردىكى بېسىم ئالدىدا تىز پۈككەن كىشىلەرنىڭ مەجبۇرى قوشۇلۇپ ئېلىپ بارغان چۈشەندۈرۈشىگە ھەرقانداق باھا بېرىشنى قەتئى چەكلەيدۇ!

ئاللاھنىڭ بۇ جەھەتتىكى ۋەھيىسىنى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ

ھەدىسلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى بايانلىرىنى ئاڭلاپ، ئىسلامى جىھادنىڭ سەۋەبى ئايدىڭ بولغاندىن كېيىن، يەنە كىم ئىسلامى جىھادنى بىر خىل ئۆتكۈنچى شارائىت تەرىپىدىن چەكلىنىدىغان تەسادىپى ئوتتۇرغا چىققان ئەھۋال دەپ قاراپ، ئىسلامى جىھادنى پەقەت چېگرالىرىنى مۇداپىئە قىلىپ، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش دائىرىسىدە چەكلىيەلەيدۇ؟

ئاللاھ ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىش ھەققىدە نازىل قىلغان ۋەھيىسىنىڭ بېشىدا مۆئمىنلەرگە دۇنيا ھاياتى قانۇنىيىتىنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئۆز ـ ئارا قارشىلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى، بۇ زېمىندىكى بۇزغۇنچىلىق ھەركەتلىرىنى توسۇشنىڭ لازىملىقىنى ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ، الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِن دِيَارِهِمْ بِغَيْرِ حَقٍّ إِلَّا أَن يَقُولُوا رَبُّنَا اللَّهُ وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُم بِبَعْضٍ لَّهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا وَلَيَنصُرَنَّ اللَّهُ مَن يَنصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ﴾

**« ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. (ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى، ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسچىتلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىپتۇر. »** (سۈرە ھەج 39 ـ 40ئايەت)

شۇڭا بۇ دائىمى تەرتىپ ھەرگىزمۇ بىر خىل تەسادىپى ھادىسە ئەمەس، بۇخىل دائىمى تەرتىپ، ھەقىقەت بىلەن ساختىنىڭ دۇنيادا بىللە مەۋجۇت بولالمايدىغانلىقىنى، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئىسلام ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئالەمدىكى بىردىن ـ بىر ئىلاھلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئىنسانىيەتنى ئادەمنىڭ ئادەمنى قۇل قىلىشىدىن ئازات قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەركىتىنى قوزغىسا، ئاللاھنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىنىدىغان ئاشۇ زوراۋان ئەبلەخلەر تاقەتسىزلىك

بىلەن ھەممىسى توپلىشىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى، ئەزەلدىن ئىسلام بىلەن تىنىچلىقتا بىللە ئۆتۈپ باقمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئىسلاممۇ قىلچە تۇزۇت قىلماستىن قايتارما زەربە بېرىپ زوراۋانلارنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ئاستىدىن ئىنسانلارنى ئازات قىلىپ، ئىنسانىيەتنى بۇ زېمىندا زالىملارنىڭ زۇلمىدىن ساقلاپ قالىدۇ. ئىسلامى جىھادنىڭ ئازاتلىق ھەركىتىنىڭ مۇساپىسىنى بىرخىل تەرتىپ دەپ قاراپ، ئۇنى تاكى بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھقا مەنسۇپ بولغانغا قەدەر داۋاملىق ئېلىپ بېرىش كېرەك.

مەككىدىكى ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلىشنى چەكلەش پەقەت ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان ئىچىدىكى بىر قەدەم باسقۇچ بولۇپ، ھىجرەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىمۇ ئەھۋال مۇشۇنداق بولغان. مەدىنىدە دەسلەپكى باسقۇچ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشقا تۇرتكە بولغىنى پەقەت مەدىنىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشلا ئەمەس، دەرۋەقە بۇنداق قىلىش ئۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ھەم كەم بولسا بولمايدىغان نىشان، لېكىن ئۇ ئەڭ ئاخىرقى نىشان ئەمەس، ئۇنىڭ نىشانى قوغداش ھەركىتىنىڭ باشلىنىش جايى ۋە مەركىزى بازا بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسانىيەتنى ئازات قىلىش، ئىنسانىيەتنى ئەسلى ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىدىغان ھەرخىل تۇسۇقلارنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن ئىسلامى ھەركەت قوزغاشتىن ئىبارەت!

مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدە قۇراللىق جىھاد ئېلىپ بېرىشنى چەكلەش مەنتىقىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، چۈنكى مەككىدىكى ۋاقىتتا دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئەركىنلىكى بار ئىدى. مۇقەددەس دىنىنىڭ تەشۋىق قىلغۇچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتا ھاشىم جەمەتىنىڭ قۇراللىق قوغدىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاشكارا تەشۋىق قىلىش كاپالىتى بار ئىدى، ئۇ ئىختىيارى ھالەتتە جەمىيەتنىڭ يەككە ئەزالىرىغا ياكى كىشىلەر توپىغا تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ، باشقىلارنىڭ قەلبى ۋە ئەقلىنى مايىل قىلالايتتى. ئۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىسلامنى تارقىتىشنى چەكلەيدىغان ھېچقانداق بىر تەشكىللىك سىياسى كۈچ يوق ئىدى. ئۇنىڭ تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈشىنى توسىدىغان دۆلەت ئاپپاراتىمۇ يوق ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ باسقۇچتا قۇراللىق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈيىتى يوق ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى ئامىللارمۇ بار بولۇپ، مەن بۇنى «قۇرئاننىڭ سايىسى ئاستىدا»

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ قِيلَ لَهُمْ كُفُّواْ أَيْدِيَكُمْ وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ﴾

**« . . . ئۇرۇشتىن قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار. . .»** (سۈرە نىسا 77 ـ ئايەت)

دىگەن ئايەتنى چۈشەندۇرگەن ۋاقتىمدا، بۇ ئامىللارنى ئىخچام ھالدا خۇلاسىلاپ ئۆتتۇم. بۇ يەردە نەقىل قىلدىم، بەلكىم بىزگە بەلگىلىك ئىلھامى بولۇپ قالار:

بەلكىم ئۇ مەككىدىكى باسقۇچتا بەلگىلىك مۇھىت ۋە شارائىت ئاستىدىكى بەلگىلىك كىشىلەرنى تەربىيلەش ۋە تەييارلىق قىلىش باسقۇچى بولغانلىقتىن شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن، تەربىيلەش ۋە تەييارلىق قىلىشتىكى نىشان دەل بۇخىل شارائىتتا، ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىدىكى ئۆلارنىڭ ئۆزلىرى ياكى ئۆلارنىڭ ھىمايىسىدىكى كىشىلەر ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا تاقەت قىلالمايدىغان خاراكتىرىنى سەۋىرچان قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ئۆلارنىڭ كاجلىق، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش خاراكتىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قارىشى، مەقسىتى ۋە ئاساسى رېتىمىنى شەخسى ئۆچمەنلىك ۋە ھىمايىسىدىكىلەر ئۇچۇن ئۆچمەنلىك قىلىپ قىرغىنچىلىق قىلمايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نىرۋىلىرىنى كونترول قىلىپ، بېسىمغا ئۇچرىغان ھامان قارغۇلارچە سەكرەپ كەتمەيدىغان، بىرەر ياخشىلىققا ئۇچرىغان ھامان خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالىدىغان (بۇ دەل ئەرەبلەرنىڭ ئالدىراقسان خاراكتىرى) خاراكتىرنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. بۇنداق بولغاندا، ئۆلارنىڭ خاراكتىرى بىلەن ئىش-ھەركىتى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق ئورنىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى تەشكىللىك. ئىنتىزاملىق ۋە رەھبەرلىكى بولغان جەمىيەتكە بويسۇنۇشقا يېتەكلەپ، تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك ئىشلىرىدا ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە رىئايە قىلىپ، ئۆلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئەنئەنىسىگە خىلاپ بولسۇن ياكى بولمىسۇن بارلىق ئىش-ھەركەتلىرىدە ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىغان قىلىپ تەربىيلەشتىن ئىبارەت بۇ نوقتا دەل ئەرەبلەرنىڭ خاراكتىرىنى يېتىشتۈرۈدىغان ئاساس بولۇپ، رەھبەرلىككە ۋە قوماندانغا بويسۇنىدىغان يۈكسەك ھەم مەدەنىيەتلىك ئىسلامى جەمىيەت بەرپا قىلىشتىن

ئىبارەت!

بەلكىم ئەينى ۋاقىتتىكى قۇرەيش مۇھىتىدا، تېنىچلىق بىلەن دىنىنى تارقىتىش تېخىمۇ ئەمىلى ئۇنۇم ۋە تەسىر كۆچىگە ئىگە بولغانلىق سەۋەبىدىن شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئەينى ۋاقىتتا، قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئېسىل نەسەبى ۋە شان-شەرىپى بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇرۇش قىلىش بەلكىم ئۇلارنى تېخىمۇ تەرسالاشتۇرۇۋېتىشى شۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەرگە تونۇشلۇق بولغان ئۇزۇن يىل داۋاملاشقان قەبىلىلەرنىڭ بىر-بىرىنى چەتكە قېقىشى تۈپەيلىدىن دەھشەت بىلەن قوبۇلار ئۇرۇشى، بەيسۇس ئۇرۇشىغا ئوخشاش ھالاكەتلىك ئۇرۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئارقىلىق، يىگىدىن قانلىق قىساس ئېلىش ئۇرۇشلىرىنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭدىن قوزغالغان ئۆچمەنلىك بىلەن قىرغىنچىلىق قىلىش ئۇرۇشى ئۇلارنىڭ خاتىرىسى ۋە ئىدىيىسىدە ئىسلام بىلەن باغلىنىپ كېتىپ، مەڭگۈ توختىيالماسلىقى ۋە خاتىرجەم بولالماسلىقى مۇمكىن. نەتىجىدە تۇغرا دىن دەپ تەشۋىق قىلىنغان ئىسلام ئۆچمەنلىك ۋە ئۇرۇشقا ئايلىنىپ، باشلىنىش بىلەنلا ئۇنىڭ تۈپ نىشانى ئۇنتۇلۇپ كېتىپ يەتتە قات ئاسماننىڭ قەئرىگە چۆرۈۋېتىلىشى مۇمكىن!

بەلكىم، ئۇ ھەربىر ئائىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىناقسىزلىق ۋە ئۇرۇشنىڭ ئورۇقىنى كۆمۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ ۋاقىتتا تېخى مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان ۋە ئىزىدىغان تەشكىلى مۇكەممەل ھاكىمىيەت يوق ئىدى. ئۇلارنى جازالايدىغان ۋە زىيانكەشلىك قىلىدىغان ۋە ئەدىبىنى بېرىدىغانلار ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرى، تۇققانلىرى ۋە دوستلىرى ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىش ھەر بىر ئائىلىنى ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندۇرۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر «ئىسلام» دېگەن مۇشۇمۇ؟! دېيىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمىلىيەتتە ئۇرۇش قىلىشنى چەكلەش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن ھالەتتىمۇ، قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى ھەج مەۋسۇمىدا ھەج قىلىشقا ۋە تىجارەت قىلىشقا كەلگەن ئەرەبلەرگە: مۇھەممەد قەبىلىلەر ئارىسىغا ۋە تۇققانلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپلا قالماي يەنە ئاتىنى بالىدىن ئايرىۋەتتى دېيىشتى، ئەگەر بۇ خىل ئەھۋالدا ئوغلىنى دادىسىغا ئۇرۇش ئېچىشقا، قۇلنى خوجايىنىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلغان بولسا، ھەر بىر

جاي، ھەر بىر ئائىلىدە ئاقىۋەت قانداق بولار ئىدى؟

بەلكىم، دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇسۇلمانلارغا نۇرغۇن قېتىم زىيانكەشلىك قىلغان، جازالىغان، ئەزگەن جاھىل ئۇنسۇرلارنىڭ جاھىلىيەتتىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسلامنىڭ سادىق جەڭچىلىرىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ھەتتا مۇھىم رەھبەرلەرگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئاللاھ بىلگەنلىكتىن مەككىدە ئۇرۇش قىلىشنى چەكلىگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەجەبا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تىپىك ۋەكىل ئەمەسمۇ؟

بەلكىم، قەبىلە تۇرمۇشى شارائىتىدا، ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋي خۇلقى-زىيانكەشلىككە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا مەردانىلىق بىلەن ياردەم بېرىش، بۇلۇپمۇ بىركىم ئۇلار ئارىسىدىكى ئېسىل كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغاندا، تېخىمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقى سەۋەبلىك مەككىدە ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن بولىشى مۇمكىن. نۇرغۇن تارىخى ۋەقەلەر بۇ خىل شارائىت ئاستىدا بۇ كۆز قاراشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تۇلۇق ئىسپاتلايدۇ. ئىبنى دەغىنە كۆپچىلىك بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئېسىل كىشى-ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەككىدىن ئايرىلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىنى توسقان، ھەم بۇ ئىشنى ئەرەبلەرگە نىسپەتەن ئۇيات ئىش دەپ قارىغان، ھەمدە ئەبۇ بەكرى سىدىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويغان. يەنە ھاشىم جەمەتى ئەبۇتالىپ جىلغىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن قامىلىپ، ئاچارچىلىق ۋە ئاپەت كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشقان ۋاقىتتا، ھاشىم جەمەتىنى قاماش كېلىشىمنامىسىنىڭ يىرتىپ تاشلىنىشىمۇ بۇنىڭ يەنە بىر پاكىتى ئەمما خورلۇققا چىداپ ئادەتلىنىپ قالغان باشقا بىر قەدىمى مەدەنىيەتلىك مۇھىتتا، ئەھۋال قەتئى ئوخشىمايدۇ. كىشىلەر زىيانكەشلىك بىلەن كارى بولمايدۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇلارغا تۆھمەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى تۆۋەن كۆرىدۇ. ئەمما زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىق قىلغان زومىگەرلەرنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ!

بەلكىم ئەينى ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مەككە شەھرىگە قامىلىپ قالغاچقا، ئىسلامنىڭ خەۋەرلىرى تېخى يېرىم ئارالنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالمىغان، ياكى ئىسلام ھەققىدە كىشىلەر ئۇششاق-چۇششەك خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، يېرىم ئارالدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۇ خەۋەرلەرنى پەقەت قۇرەيش قەبىلىلىرىنىڭ بىر مەيدان ئىچكى

نىزاسى دەپ قاراپ بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆزىتىۋاتقان بولغاچقا، مەككىدە ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇخىل ئەھۋالدا ئەگەر ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنسا، بۇخىل قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇش مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرىنى ھەسسىلەپ ئۆلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئاخىرىدا بۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلىشىشى مۇمكىن. مۇشرىكلىك ئېتىقادى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مۇسۇلمانلار كوللىكتىۋى قىرىلىپ تۈگەيدۇ، دۇنيادا ئىسلامى تۈزۈم بەرپا بولمايدۇ، ھەم ئەمىلى مەۋجۇت بولمايدۇ، لېكىن، ئىسلام بىرخىل تۇرمۇش يولى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئەمىلى تۇرمۇش تۈزۈمى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنياغا كەلگەن.

مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردىمۇ ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنماسلىقتا كەلسەك، بۇنىڭدىكى سەۋەب رەسۇلۇللاھ مەدىنىدىكى يەھۇدىلار ۋە ئەتراپتىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىغان بولۇپ، بۇنداق قىلىش ئاشۇ باسقۇچتىكى ئەمىلى ئەھۋاللارغا نىسپەتەن زۆرۈر بولغان بىر تۈرلۈك تەدبىر ئىدى.

بىرىنچىدىن: ئۇ ۋاقىتتا ئۇچۇق-ئاشكارا تەشۋىق قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش شارائىتى بار بولۇپ، ھېچقانداق بىر سىياسى كۈچ ئىسلامنى تۇسۇپ، ئىسلام بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرسىدا تۇسالغۇ پەيدا قىلمىغان، پۈتۈن شەھەر ئىسلام دۆلىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭ رەھبىرى ئىكەنلىكىنى، دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك سىياسى ئىشلارنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى. ئەھدىنامىدە ھەرقانداق ئادەمنىڭ قايتىدىن ئەھدىنامە تۈزۈشكە ياكى ئۇرۇش قوزغىشىغا، رەسۇلۇللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھەر قانداق تاشقى مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى رۇشەنكى مەدىنىنىڭ ئەمىلى رەھبەرلىك ھوقۇقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلكىدە بولدى، ئىسلامنى تارقىتىشنىڭ دەرۋازىسى كەڭ ئېچىۋېتىلدى، بارلىق تۇسالغۇلار تازىلاندى. كىشىلەر ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولدى.

ئىككىنچىدىن: رەسۇلۇللاھ بۇ باسقۇچتا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەخسۇس قۇرەيشلەرگە تاقابىل تۇردى. چۈنكى ئۇ ئىسلامنىڭ قۇرەيشنىڭ ئىچكى جاڭجاللىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆزىتىۋاتقان ھەرقايسى قەبىلىلەرگە قارشى

تۇرىشىدا پۇتلىكاشاڭ بولىۋاتاتتى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ دەرھال ھەرقايسى تەرەپلەرگە چارلىغۇچى قوشۇنلارنى ئەۋەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى قېتىم ئەۋەتىلگەن قوشۇن ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇن بولۇپ بۇ قوشۇن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كىلىپ يەتتىنجى ئېيىنىڭ بېشىدىكى رامىزان ئېيىدا يولغا چىقتى.

ئۇچۇنچىدىن: چارلىغۇچى قوشۇن توختىماي ئەۋەتىلدى. بىر قېتىم 9 ـ ئېيىنىڭ بېشىدا، يەنە بىر قېتىم 13 ـ ئېيىنىڭ بىشىدا، يەنە بىر قېتىم 16 ـ ئېيىنىڭ بېشىدا ئەۋەتىلدى. ئۇلاپلا، ئابدۇللا ئىبنى جەھش ھىجرەتنىڭ 17 ـ ئېيىنىڭ بېشىدا يەنى ھىجرىيە يىلى 7 ـ ئايدا چارلىغۇچى قوشۇننى باشلاپ چىقتى. بۇ چاغدا بىرىنچى قېتىم يۈزتۇرانە ئۇرۇش بولدى. بۇ دەل ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئاي بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دېدى:

﴿ يَسْأَلُونَكَ عَنِ الشَّهْرِ الْحَرَامِ قِتَالٍ فِيهِ قُلْ قِتَالٌ فِيهِ كَبِيرٌ وَصَدٌّ عَن سَبِيلِ اللّهِ وَكُفْرٌ بِهِ وَالْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَإِخْرَاجُ أَهْلِهِ مِنْهُ أَكْبَرُ عِندَ اللّهِ وَالْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ الْقَتْلِ وَلاَ يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّىَ يَرُدُّوكُمْ عَن دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُواْ وَمَن يَرْتَدِدْ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُوْلَئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَأُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ ﴾

**«ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر، ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاھقا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرامدا ( ئىبادەت قىلىشتىن ) توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرامدىن ئاھالىنى قوغلاپ چىقىرىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر، پىتنە ( يەنى مۆئمىنلەرگە زىيانلىق قىلىش ) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر، ئۇلار ( كۇففارلار ) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ»**

**( سۈرە بەقەر 217 ـ ئايەت )**

كېيىن، بۇ يىل ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى (رامىزان ئېيى) دا بەدرى غازىتى يۈز بەردى، قۇرئاندىكى «ئەنفال» سۈرىسى مۇشۇ ئۇرۇشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ

نازىل بولدى.

بۇ باسقۇچتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئاقىلانىلىك بىلەن كۆزەتكەندە، هازىرقى ئەھۋال ۋە ھېلىگەر شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا تىز پۈككەن ئاشۇ كىشىلەردەك ئىسلامى ھەركەتنىڭ ئاساسىنى تار مەنىدىكى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئورۇشى دەپ بىلجىرلاشلىرىنىڭ ھېچقانداق ئىمكانىيىتىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز!

ئىسلامنىڭ بويسۇندۇرۇش ھەركىتىنى ساپ مۇداپىئە خاراكتېردىكى ھەركەت دەپ كۆچەپ سەۋەپ ئىزدىگۈچى ئەشۇ كىشىلەر ھەمدە، بىر مۇسۇلمان ھەم كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولالمىغان، ھەم ئىسلامغا ئىگە بولالمىغان ۋاقىتتا، شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىسلامغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قۇرغان تۇزىقىغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلامى جىهاد ئۈچۈن، ئىلمى نەزىرىيەۋى ئاساس ئىزدەشكە باشلايدۇ. پەقەت بۇ زېمىندا كۆرەشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھدىن باشقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىن ئىنسانىيەتنى ئازات قىلىپ چىقىش باش پىروگىراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئاللاھقىلا مەنسۇپ قىلىشنى نىشان قىلغان، ھەمدە ئاللاھنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشكەن مۆئمىنلەرلا ئۇلارنىڭ دورامچىلىق ھەركىتىگە نىسپەتەن دىمىغىدا كۈلۈپ قويىدۇ. لېكىن ئىسلامنىڭ بويسۇندۇرۇش ھەركىتى ھەر قانداق ئىلمى خاراكتېردىكى دەلىل-ئىسپات كەلتۈرۈشكە مۇھتاج ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرئاندا بايان قىلىنغان يېتەرلىك پاكىتى بار، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ فَلْيُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللّهِ الَّذِينَ يَشْرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا بِالآخِرَةِ وَمَن يُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللّهِ فَيُقْتَلْ أَو يَغْلِبْ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا*وَمَا لَكُمْ لاَ تُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَالْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الرِّجَالِ وَالنِّسَاء وَالْوِلْدَانِ الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا أَخْرِجْنَا مِنْ هَذِهِ الْقَرْيَةِ الظَّالِمِ أَهْلُهَا وَاجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ وَلِيًّا وَاجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ نَصِيرًا*الَّذِينَ آمَنُواْ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَالَّذِينَ كَفَرُواْ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ الطَّاغُوتِ فَقَاتِلُواْ أَوْلِيَاء**

الشَّيْطَانِ إِنَّ كَيْدَ الشَّيْطَانِ كَانَ ضَعِيفًا﴾

« دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار ئاللاھ يولىدا ( جېنىنى، پۇل ـ مېلىنى پىدا قىلىپ ) جىھاد قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز. ( ئى مۆئمىنلەر ) سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە ( دۇئا قىلىپ ) : « ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل ، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل» دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر، مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار ( سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر ) ، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر. » ( سۈرە نىسا 74 ـ 76 ئايەت )

﴿ قُل لِلَّذِينَ كَفَرُواْ إِن يَنتَهُواْ يُغَفَرْ لَهُم مَّا قَدْ سَلَفَ وَإِنْ يَعُودُواْ فَقَدْ مَضَتْ سُنَّةُ الأَوَّلِينِ*وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لاَ تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلّه فَإِنِ انتَهَوْاْ فَإِنَّ اللّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ بَصِيرٌ*وَإِن تَوَلَّوْاْ فَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ مَوْلاَكُمْ نِعْمَ الْمَوْلَى وَنِعْمَ النَّصِيرُ﴾

« ( ئى مۇھەممەد ) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار ( كۇفرىدىن، پەيغەمبەرلەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن ) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر بىلەن قايتا دۈشمەنلەشسە، ئۆتكەنلى پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىش مېنىڭ ئۆتقان يۇلۇم بولۇپ كەلدى ( ئۇلارنىمۇ شۇنداق قىلىمەن ) . پىتنە تۈگىگەن، دىن ( بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ) پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار ( كۇفرىدىن ) يانسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ، ئەگەر ئۇلار ( ئىمان ) دىن يۈز ئۆرۈسە، ( ئى مۆئمىنلەر! ) بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمە دېگەن ياخشى ياردەمچى!» ( سۈرە ئەنفال 38 ـ 40 ـ ئايەت )

﴿ قَاتِلُواْ الَّذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ بِاللّهِ وَلاَ بِالْيَوْمِ الآخِرِ وَلاَ يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ اللّهُ وَرَسُولُهُ وَلاَ يَدِينُونَ دِينَ الْحَقِّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُواْ الْكِتَابَ حَتَّى يُعْطُواْ الْجِزْيَةَ عَن يَدٍ

وَهُمْ صَاغِرُونَ*وَقَالَتِ الْيَهُودُ عُزَيْرٌ ابْنُ اللّهِ وَقَالَتْ النَّصَارَى الْمَسِيحُ ابْنُ اللّهِ ذَلِكَ
قَوْلُهُم بِأَفْوَاهِهِمْ يُضَاهِؤُونَ قَوْلَ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَبْلُ قَاتَلَهُمُ اللّهُ أَنَّى يُؤْفَكُونَ*اتَّخَذُواْ
أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُواْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ إِلَهًا
وَاحِدًا لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ*يُرِيدُونَ أَن يُطْفِؤُواْ نُورَ اللّهِ بِأَفْوَاهِهِمْ
وَيَأْبَى اللّهُ إِلاَّ أَن يُتِمَّ نُورَهُ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ ﴾

**« سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار ( يەھۇدىلار ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىيسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دىگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر ) بىلەن ئاللاھ ( ئۆزىنىڭ كىتابىدا ) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ( سۈننىتىدە ) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن ( يەنى ئىسلام دىنى )غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار. يەھۇدىلار: ( ئۇزەيىر ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر ) دېدى. ناسارلار ( مەسىھ يەنى ئىيسانى ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر ) دېدى، بۇ ئۇلارنىڭ ئاغزاكى ( دەلىلسىز ) سۆزىدۇر. ( ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ) ئىلگىركى كاپىرلارنىڭ ( يەنى مۇشرىكلارنىڭ: پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر دېگەن ) سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، ( ئاللاھنىڭ بالىسى يوقلىقىغا رۇشەن دەلىللەر تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ ) ئۇلار قانداقمۇ ( ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ ) ئاللاھقا يالغان چاپلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرلىرىنى، راھىبلىرنى( يەھۇدىلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنى باشلىقلىرى ۋە ئۆلىمالىرىنى ) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. ( ھالبۇكى ) ئۇلار ( پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ) پەقەت بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ( يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھىن باشقا ھېچ مەبۇد ( بەرھەق ) يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر، ) ئۇلار ( يەنى مۇشرىكلار، يەھۇدىلار ۋە ناسارالار ) ئاللاھنىڭ نۇرىنى ( يەنى ئىسلام دىنىنى ) ئېغىزلىرى ( يەنى يالغان ـ ياۋىداق بۆھتانلىرى ) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ، ئاللاھ ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ، كاپىرلار ( بۇنى ) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ»** ( سۈرە تەۋبە 29 ـ 32 ئايەت )

مانا بۇ، بۇ زىمىندا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بەرپا قىلىپ، ئاللاھنىڭ

ئىنسانىيەت ئۇچۇن تۇزۇپ بەرگەن تۇرمۇش يولىنى ئەمەللەشتۇرۇپ، شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق تۇزۇملىرىنى سۇرۇپ چىقىرىپ، ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان ئىلاھى دەلىل. چۈنكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت پەقەت ئاللاھنىڭلا قۇلى بولۇپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن باشقا ئىنسانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا، ئۆزىنىڭ نەپسى-خاھىشى ۋە ئىدىيىسىنى قانۇن قىلىپ باشقىلارغا تېڭىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ! بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «دىندا ئۇنىڭغا كىرىشتە زورلاش يوق» پىرىنسىپىنى بەرپا قىلىش كېرەك. يەنى ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ، ئاللاھنىڭ بىردىن-بىر نوپۇزى يەنى بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھقىلا مەنسۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىسلام ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغدايدۇ، ھەرگىز زورلىمايدۇ دېگەنلىكتۇر.

مانا بۇ زېمىندا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئۇمۇمىيۈزلۈك ئازات قىلىپ، ئىنسانىيەتنى ئادەمنى ئادەمنىڭ قۇلى قىلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلىدىغان بارلىق ئەركىنلىككە ئىگە قىلىدۇ. پەقەت مۇشۇ سەۋەبلا ئىسلامى جىھاد ھەركىتىنى جاكارلاشقا كۈپايە قىلىدۇ. مانا بۇ ئىسلام مۇجاھىدلىرى (جەڭچىلىرى) نىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشقان ئاساس. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق بىرسىدىن نېمە ئۇچۇن جىھاد قېلىسىلەر؟ دەپ سورالغان ۋاقىتتا، ئۇلار ھەرگىزمۇ بىز چىقىپ، جېنى تۇمشىقىغا كېلىپ قالغان ۋەتىنىمىزنى قوغدايمىز! دېمەيدۇ. ياكى رىم ئىمپىرىيىسى ۋە پارس ئىمپىرىيىسىنىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرىمىز دېمەيدۇ، ياكى زېمىن دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ غەنىمەت ئالىمىز دېمەيدۇ. ئۇلارنىڭ جاۋابى خۇددى رەبئە ئىبنى ئامىر، ھۇزەيپە ئىبنى مۇھسىن قاتارلىقلارنىڭ پارس ئىمپىرىيە قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى رۇستەمگە بەرگەن جاۋابىغا ئوخشاش، قادىسسىيە ئۇرۇشىنىڭ جەڭ سىگنالى چېلىنىشتىن ئىلگىرى رۇستەم ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ كۈن ئۇلاردىن: سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىڭلار نېمە؟ دەپ سۇرۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققىنى ئوخشاش بولۇپ، ھەققانى سۆزلەر بىلەن « ئاللاھ بىزنى ئۆزى ئىرادە قىلغان كىشىلەرگە ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئىنسانلارغا (يارىتىلغان مەخلۇقلارغا) چوقۇنۇشتىن قوتۇلدۇرۇپ يەككە-يىگانە ئاللاھقىلا چۇقۇنۇشقا، بەختىسىز تۇرمۇشتىن بەختلىك تۇرمۇشقا، ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئاياق ئاستى

قىلىشىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ توغرا دىنى بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۆزىنىڭ ئەلچىسىنى ئەۋەتتى. كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزنى قوبۇل قىلىدىكەن، ئۇنى بىز ئۆز قېرىندىشىمىز دەپ بىلىپ چېكىنىپ كېتىمىز ھەمدە ئۇنىڭغا ھەم ئۇنىڭ يۇرتىغا قىلچىلىك تاجاۋۇز قىلمايمىز. كىمكى ئۇنى رەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن تاكى ئۇرۇش مەيدانىدا شېھىت بولۇپ جەننەتكە كىرگۈچە ياكى غەلبە قىلغۇچە ئورۇش قىلىمىز» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىسلام ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەسلىدىنلا جىھاد ئېلىپ بېرىش ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، بۇ ئاساس ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنى ئازات قىلىش باش پروگراممىسىدا ئۇنىڭ ئالاھىدە باسقۇچىدا، ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان تەدبىرلىرىدا ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە ئويغۇن كېلىدىغان تەدبىرلەرنى ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائى رېئاللىق يولىغا قاراتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلامنىڭ زىمىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئاھالىسىغا تاجاۋۇزچىلىق تەھتىدى بولمىغان تەقدىردىمۇ بۇ ماھىيەتلىك سەۋەپ باشتىن ئاخىرى پۈت تېرەپ تۇرىدۇ! مانا بۇ ئىسلامى يولنىڭ ماھىيەتلىك رېئال ئاساسى، شۇنداقلا يەنە ھەرخىل ئىنسانلار جەمىيىتىدە مەۋجۇت بولغان ئەمىلى تۇسالغۇلار بۇ ماھىيەت تەرپىدىن ھەل قېلىنىدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ پەقەت ۋاقىتلىق ھەم چەكلىك بولغان مۇداپىئە كۆرۈش خاراكتىردىكى ھەركەت ئەمەس!

بۇنداقتا بىز مۇسۇلماننىڭ مۇجاھىد دېگەن قىياپەت بىلەن ئوتتۇرغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا، بۇنداق يۈكسەك قەدرى-قىممەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا كۈپايە قىلىدۇ، ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ كۆرەش جەريانىدا قىلچىلىك شەخسى مەنپەئەتكە ئېرىشمەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ كۆرەش قىلىش مەقسىتى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ پانى دۇنيانىڭ مەنپەئىتىگە بولغان نەپسانىيەتچىلىك ئەمەس.

بىر مۇسۇلمان جىھاد مەيدانىغا ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى، ئۆز جىسمىدىكى شەيتان، نەپسى-خاھىش، شەخسى پىكرى، ئىنتىلىشى، ئارزۇسى، شەخسى مەنپەئەتى، ئائىلە مەنپەئىتى ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئىتى شۇنداقلا ئىسلامدىن باشقا بارلىق مەقسەتلەرگە قارتا ئەڭ چوڭ جىھاد ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەت بارلىق چوقۇنۇش ئاللاھ ئۈچۈنلا بولىشى، بۇ زىمىندا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغان

ھەرقانداق زالىم ھۆكۈمرانلارنى پاچاقلاپ تاشلاشتىن ئىبارەت.

ئىسلامى زىمىننى قوغداش نامى بىلەن ئىسلامى جىھادنىڭ ئېلىپ بېرىلىش سەۋەبىنى ئىزدەيدىغان ئاشۇ كىشىلەر، ئىسلامى يولنىڭ مۇھىملىقىنى تۆۋەنلىتىپ ئۇنىڭ قىممىتىنى زىمىنىدىنمۇ ئەرزىمەس دەپ قارىدى. لېكىن، بۇ مۇلاھىزە ئىسلام نوقتىئىنەزىرى ئەمەس، ئۇ پەقەت ئىسلامى ئاڭغا تۇنۇشلۇق بولمىغان ھازىرقى زامان قارىشىنىڭ غەيرى مەھسۇلاتلىرى، ئىمان-ئېتىقاد شۇنداقلا ئىمان-ئېتىقاد نامايان بولىدىغان يول ۋە ئىسلامى يول رەھبەرلىك قىلغان جەمىيەت، ئاندىن ئىسلامى ئاڭ ئېتىراپ قىلغان بىردىن-بىر ھۆكۈم بولىدۇ،

زىمىننىڭ ھەم قىممىتى ھەم ئۆلچىمى يوقلىقى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئىسلامنىڭ ئاڭ فورمىسى(ئىدىلوگىيەسى) دە بارلىق زىمىننىڭ قىممىتى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ ئەمىللىششى ۋە ئىسلامى يولنىڭ ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىمان-ئېتىقادنىڭ قورغىنىغا، ئىسلامى يولنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا، ئىسلامنىڭ تېنىچ دىيارىغا، ئىنسانىيەتنى ئازات قىلىش سەپىرىگە ئاتلىنىشتىكى بازىغا ئايلىنىدۇ.

دەرۋەقە، ئىسلام دىيارىنى قوغداش-ئىمان-ئېتىقادنى، ئىسلامى يولنى ۋە ئىسلامى يولنى ئىجرا قىلىدىغان جەمىيەتنى قوغداش بولىدۇ. لېكىن بۇ ئەڭ ئاخىرقى نىشان ئەمەس، ئىسلام دىيارىنى قوغداش ھەرگىزمۇ ئىسلامى جىھاد ھەركىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئەمەس، ئۇنى قوغداش ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ ئىلاھى ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلىشنىڭ چارىسى ئاندىن كېيىن ئۇنى پۈتكۈل يەرشارىغا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تەرەققى قىلدۇرىدىغان بازا قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئىسلامنىڭ نىشانى پۈتكۈل ئىنسانىيەت بولۇپ، پۈتكۈل يەرشارى ئۇنىڭ بىپايان زىمىنى!

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، مۇقەددەس ئىسلامى كوللىكتىپ قوزغىلىپ ئالغا ئىلگىرلىگەن ۋاقىتتا، ئەسلىدىكى دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىجتىمائى تۈزۈم شۇنداقلا يەرلىك كۈچلەرنىڭ ھەممىسى توپلىشىپ كېلىپ ئىسلامنىڭ ئالغا ئىلگىرلىششىنى توسىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئىسلام قوزغۇلۇپ ئەمىلى كۈچ بىلەن ئۇلارنى بىراقلا يوقىتىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ، جەمىيەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىغا ئىسلام بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىلىدۇ. ئۇلار ئۆچۈن

ئەركىنلىكنى بوغىدىغان ھەر قانداق زەنجىر-كىشەنلەر پاچاقلاپ تاشلانغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ۋە ئىدىيۋى ئېڭىغا ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى ئاشكارا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەركىن تاللىشىغا يول قويۇلىدۇ.

بىز شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ جىھاد پىرىنسىپىغا قىلغان ھۇجۇمىدىن ئالدىنىپ قالماسلىقىمىز لازىم. شۇنداقلا يەنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئالاقزادە بولۇپ كەتمەسلىكىمىز لازىم؛ بىز يەنە ھازىرقى ئەھۋالدىكى بېسىم كۈچلەر ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى چوڭ كۈچلەرنىڭ ئالدىدا ئىشەنچىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز، باشلىنىشتىنلا ئىسلامى جىھادنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ سىرتىدىن «ئىلمى سەۋەبلەر»نى ئىزدەپ، ئىسلامى جىھادنى ۋاقىتلىق ھەم مۇداپىئە خاراكتىردىكى ھەركەت دەپ بىلجىرلىماسلىقىمىز لازىم. ۋاھالەنكى، بۇ سەۋەبلەر پۈت تېرەپ تۇرسۇن ياكى تۇرمىسۇن، جىھاد ئۆزىنىڭ يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرلەيدۇ!

بىز تارىخى ۋەقەلەرنى بايان قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك ئىچكى خاسلىقىغا، ئۇنىڭ باش خىتابنامىسىغا ۋە ئەمەلى يولغا سەل قارىماسلىق لازىم. شۇنداقلا ئۇنى ۋاقىتلىق مۇداپىئە خاراكتىردىكى زۆرۈرىيەتلەر بىلەن ئارلاشتۇرىۋەتمەسلىك لازىم.

دەرۋەقە، ئىسلام ئۇنىڭغا (ئىسلامغا) تاجاۋۇز قىلغان دۈشمەنلىرىدىن چوقۇم مۇداپىيە قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئىسلام مۇشۇ خىل شەكىلدە ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئالەمگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى جاكارلاپ، ئىنسانىيەتنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش نەرسىلەرگە (ئادەملەرگە ۋە باشقا مەخلۇقلارغا) چوقۇنۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاللاھقىلا چوقۇنۇشقا يۈزلەندۈرۈپ، ئىسلامنىڭ يېڭى رەھبەرلىكىنىڭ تەشكىللىك ئاساستىكى ئەمەلى ھەركەت ئېلىپ بارىدىغان گەۋدىنى بەرپا قىلىپ، ئاللاھقىلا بويسۇنۇپ باشقا ھەرقانداق ئىنساني ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان مۇستەقىل جەمىيەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بۇلۇپ، ھەرخىل جاھالەتپەرەسلىك جەمىيەتلىرىنى ساراسىمگە سالىدۇ. چۈنكى بۇ خىل جەمىيەتلەر ئادەمنىڭ ئادەمنى قۇل قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بۇلۇپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بۇلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، كۈچىنىڭ بارىچە ئىسلامنى يوقاتماقچى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ يېڭى جەمىيەت ھەركەتلىنىپ ئۆزىنى قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ!

بۇ كەم بولسا بولمايدىغان ھەركەت بولۇپ، ئىسلامنىڭ بارلىققا كېلىشىگە

ئەگىشىپ بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ئىسلامنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان كۆرەش مەسئۇلىيتى، ئۇنىڭ بىردىن-بىر تاللىشى بۇ جىھاد مەيدانىغا ئاتلىنىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىككى خىل مەۋجۇتلۇق ئوتتۇرسىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىق قانۇنىيەتلىك رىقابەت.

بۇلارنىڭ ھەممىسى پۇلاتتەك پاكىت بولۇپ، بۇ قاراشقا ئاساسەن، ئىسلام چوقۇم ئۆزىنى قوغدىشى كېرەك، چوقۇم باش تارتىپ بولمايدىغان ئۆزىنى قوغداش ئورۇشىغا ئاتلىنىشى كېرەك.

لېكىن، بۇ پۇلاتتەك پاكىتنىمۇ مۇھىم بولغان بىر ھەقىقەت بار، ئۇ بولسىمۇ ئىسلامنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەسلىدىنلا ئالغا ئىلگىرلەش بولۇپ، ئۇ بۇ زىمىندا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئادەمنىڭ ئادەمنى قۇل قىلىشىدىن قۇتقۇزىدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك چېگرا ئالدىدا توختاپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا يەنە ئىرقچىلىقنىڭ بولۇڭىدا تۇگۈلىۋېلىپ، ئىنسانىيەتنى ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى، بۇ زىمىننى ھەتتا پۈتكۈل يەر شارىنى جىنايەت، چىرىكلىك ۋە ئادەمنىڭ ئادەمنى قۇل قىلىشىغا تاشلاپ قويۇپ كارى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ئىسلامنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۇجۇمى مەلۇم مەزگىل توختىشىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ داۋاملىق تۈردە ئادەمنى ئادەم قۇل قىلىشنى، ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ، ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ۋە ئازاتلىق خىتاپنامىسىنىڭ ئۇلارنىڭ دۆلەت چېگرىسى ئىچىگە قەدەر سوزۇلىشىغا يول قويماسلىقنى مۇۋاپىق دەپ ھېس قىلىشىدۇ. لېكىن ئىسلام ئۇلارنىڭ جىزيە تۆلەش شەكلى بىلەن ئىسلامى ھاكىمىيەتكە بويسۇنۇپ، ئىسلامنىڭ تەشۋىق قىلىنىشىغا دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ، ھازىرقى ھاكىمىيەت ئارقىلىق ماددى توسالغۇلارنى پەيدا قىلمايدىغان بولمىغۇچە، ئىسلام ھەرگىز ئۇلار بىلەن مۇرەسسە قىلمايدۇ.

مانا بۇ ئىسلامنىڭ ماھىيتى، مانا بۇ ئۇنىڭ بۇرچى، ئىسلامنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمى بولسا ئاللاھنىڭ پۈتكۈل ئالەمگە بولغان ھۆكۈمرانلىقى، ئادەمنىڭ ئادەمنى قۇل قىلىشىدىن ئازات قىلىش باش پىروگىراممىسى.

ئىسلامنىڭ بۇ خىل ماھىيەتلىك ئۇقۇمى بىلەن ئىسلامنى جۇغراپىيەلىك چېگرا ۋە ئىرقچىلىق بۇلۇڭىدا قاماپ قويۇش قارىشى ئوتتۇرسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار. چۈنكى ئۇ ئىسلام تاجاۋۇزچىلىقتىن قورقۇشتىن باشقا

ھېچقانداق ھەركەت ئېلىپ بارالمايدۇ دەپ قارايدۇ؛ بۇ خىل قاراش ئاستىدا، ئىسلام ئالغا ئىلگىرلەشكە تۈرتكە بولىدىغان بارلىق ئامىللارنى يوقىتىپ قويىدۇ!

ئىسلامنىڭ ئىنسانلار تۈزگەن تۈرمۇش يولى ياكى بىرەر مەزھەبنىڭ تەلىماتى ياكى بىر ئالاھىدە ئىرقنىڭ تۈزۈمى بولماستىن بەلكى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن تۈرمۇش يولى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقتىمىزدا، ئىسلامنىڭ ئالغا ئىلگىرلەش ئاساسى ئىنىق ۋە كەسكىن نامايەن بولىدۇ. ئىسلامىيەت ئىشلىرىنىڭ دەل ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بەرپا قىلىشتىن باشقا ئىش ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ چۈقۈنۈش ئىشلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، مېڭىمىزدىن بۇ چوڭ ھەقىقەتنى ئۆچۈرۈۋەتكەن ۋاقتىمىزدا، بىز ئاندىن ئىسلام ئۈچۈن سىرتقى سەۋەبلەرنى ئىزدەيمىز. بۇ چوڭ ھەقىقەتنى ئېسىدە ساقلىغان ھەر قانداق بىر ئادەم ئىسلامى جىھاد ئۈچۈن ھەرگىزمۇ باشقا سەۋەب ئىزدىمەيدۇ! بىر خىل قاراش بولسا ئىسلامنىڭ ئەمەلى گەۋدىسىنىڭ مەۋجۇتلىقى سەۋەبلىك باشقا جاھالەتپەرەس جەمىيەتلەر پۈرسەت تاپسىلا مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭغا تاجاۋۇزچىلىق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىسلامنىڭ مەجبۇرى ھالدا كۆرەشكە ئاتلانماقتىن باشقا قىلچىلىك تاللىشى بولمايدۇ؛ يەنە بىر خىل قاراش بولسا، ئىسلامنىڭ ئەسلى ئۆزىدىكى جانلىق ئامىللار سەۋەبلىك كۆرەشكە ئاتلىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل قاراش بىر يول ئېغىزىغا تۇتاشقان بولۇپ، ئىككىسى ئوتتۇرسىدىكى ئارلىق بەلكىم بەك يىراق بولماسلىقى مۇمكىن، ھەرقانداق بىر خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئىسلام مۇقەررەر ھالدا جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىدۇ، لېكىن بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمەك قىيىن، ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام ئىدىيىسى ۋە قارىشى ۋەيران قىلىنىپ، پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك!

بىر خىل كۆز قاراش بولسا، ئىسلام بولسا بىر ئىلاھى يول بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى بۇ زىمىندا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بەرپا قىلىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئاللاھقىلا چوقۇنۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ھەمدە بۇ جاكارنامىنى بىر رېئال جەمىيەتتە ئېلان قىلىپ، بۇ جەمىيەتتە ئىنسانلارنى ئازات قىلىپ، ئادەمنىڭ ئادەمگە بولغان قۇللۇقىنى ئادەمنىڭ ئۆز ئىلاھىغا بولغان چوقۇنىشىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى (باشقا قىلىپ

ئېتىقاندا ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقىنى) نامايەن قىلىدىغان ئىسلامى قانۇنى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش لازىم. شۇڭا ئىسلامنىڭ ئۆز يولىدىكى بارلىق تۇسالغۇلارنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئىنسانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ۋە ئىجتىمائى فورماتسىيەسى(جەمىيەت تۈزۈلمىسى) دىن ئىبارەت تۇسالغۇلارنى يىتچىت قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، كىشىلەرنىڭ قەلبى ۋە ئىدىيىسىگە ئىسلامنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى ئۇچۇق بايان قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. يەنە بىر خىل كۆز قاراش - ئىسلام بولسا مەلۇم يۇرتنىڭ يەرلىك تۈزۈمى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ دۆلەت چېگىرىسى ئىچىدە سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلىقتىن مۇداپىئە كۆرۈش ھوقۇقى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. رۇشەنكى، بۇ ئىككى خىل كۆز قاراش ئوتتۇرسىدىكى مۇساپە تولىمۇ يىراق.

ئالدىنقىسى بىر خىل كۆز قاراش، كېيىنكىسىمۇ بىر خىل كۆز قاراش. گەرچە ئىسلام ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا جىھاد ئېلىپ بارسىمۇ، لېكىن ئىسلامى جىھادنىڭ مەقسىتى، نىشانى ۋە ئاساسى قارىشى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بۇ پەقەت قەدەم-باسقۇچ ۋە نىشان مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى ئېتىقاد مەسىلىسى.

ئىسلامنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەركەت ئېلىپ بېرىش ھوقۇقى بار. چۈنكى ئىسلام مەلۇم مىللەتنىڭ ئېتىقادى، مەلۇم دۆلەتنىڭ تۈزۈمى بولماستىن بەلكى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن بىر ئىلاھى يول بولۇپ، پۈتكۈل ئالەمنىڭ تۈزۈمى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەركەت ئېلىپ بېرىپ ئىنسانىيەتنىڭ ئىختىيارى تاللاش ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان ئىجتىمائى تۈزۈم ۋە ئىجتىمائى فورماتسىيەسىنى (جەمىيەت تۈزۈلمىسىنى) پاچاقلاپ تاشلاش ھوقۇقى بولىدۇ. ئۇنىڭ مىزانى ھەرقانداق شەخسنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاش ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائى تۈزۈم ۋە ئىجتىمائى جەمىيەت تۈزۈلمىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئىنسانىيەتنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان بويۇنتۇرۇققا دۇچار بولۇشتىن، ئىنسانىيەتنىڭ تۇغما تەبىئىتىگە زىيانلىق بولغان رەزىل تەسىرلەردىن ئازات قىلىشتىن ئىبارەت.

دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ ئاللاھقىلا مەنسۇپ بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئازات قىلىش ئۇمۇمى خىتابنامىسىنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش نەرسىلەرگە (ئادەملەرگە ۋە باشقا يارىتىلغان نەرسىلەرگە) چوقۇنۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئاللاھقىلا چوقۇنۇشقا يۈزلەندۈرۈش ھوقۇقى بولىدۇ.

ئىسلام دۇنيا قارىشى پەقەت ئىسلام تۈزۈمى ئاستىدىلا ئاللاھقىلا چوقۇنۇش ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. پەقەت بۇ خىل تۈزۈم ئاستىدىلا، ئاللاھ بارلىق جەمىيەت ئەزالىرىغا، رەھبەر ـ ئەمىرلەر ۋە پۇخرالارغا، قارا تەنلىكلەر ۋە ئاق تەنلىكلەرگە، مۆتىۋەرلەر ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرگە، كەمبەغەللەر ۋە بايلارغا بىر تۇتاش قانۇن تۈزۈپ بېرىدۇ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇپ، ھەممەيلەن ئوخشاش بويسۇنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما باشقا بارلىق تۈزۈملەردە كىشىلەر ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئىنسانلارغا بويسۇنىدۇ، چۈنكى ئۇلار تۇرمۇشتىكى قانۇنلارنى ئىنسانلار تەرپىدىن قوبۇل قىلغان بولىدۇ. ھالبۇكى قانۇن تۈزۈش ئىلاھلىقنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىدى. ھەر قانداق بىر ئادەم ئۆزى ئىنسانىيەت ئۈچۈن قانۇن تۈزۈپ بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ ئاتىۋالىدىكەن، ئۇنىڭ ئاشكارا جاكارلىشى ياكى ئاشكارا جاكارلىماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ ئەمىلىيەتتە ئۆزىنى ئىلاھى ھوقۇققا ئىگە دەپ جاكارلىغان بولىدۇ، ھەرقانداق بىر ئادەم ئۇنى مۇشۇنداق نۇپۇزغا ئىگە دەپ ئېتىراپ قىلىدىكەن، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى ئىلاھ دەپ ئاتاش ياكى ئاتىماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر ئۇ ئاللىقاچان ئۇنى ئىلاھ ھوقۇققا ئىگە دەپ ئېتىراپ قىلغان بولىدۇ!

ئىسلام پەقەت ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق كىشىلەرگە يەتكۈزۈش بىلەنلا قانائەتلىنىدىغان نوقۇل ھالدىكى ئېتىقاد ئەمەس، بەلكى بىر تەشكىللىك ھەركەتچان كوللىكتىپ (گەۋدە) ئىچىدە نامايەن بولىدىغان، ھەركەتكە كىلىپ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازات قىلىدىغان يول، رەڭگارەڭ جاھالەتپەرەسلىك جەمىيەتلەر ھەرگىزمۇ ئىسلامنىڭ ئۆز يولى بويىچە ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىنى تەشكىللىشىگە ئورۇن بوشاتمايدۇ. شۇڭا ئىسلام بۇ بارلىق تۈزۈملەرنى ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمى ئازاتلىق يولىدىكى پۈتلىكاشاڭ دەپ قاراپ قەتئىيلىك بىلەن پاچاقلاپ تاشلايدۇ. بۇ بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ ھەممىسى ئاللاھقىلا مەنسۇپ دېگەنىنىڭ مەنىسى. بۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئادەمنى قۇل قىلىشى ئاساسىغا بەرپا قىلىنغان بارلىق جاھالەتپەرەسلىك جەمىيەتكە ئوخشاش، ھەر قانداق ھوقۇق ۋە بويسۇنۇش ئىنسانلار ئىچىدىكى ھەر قانداق

بىرسىگە مەنسۇپ بولمايدۇ!

ھازىرقى ئەھۋاللارنىڭ بېسىمى ۋە ھىلىگەر شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا ئىشەنچىسىنى يوقاتقان ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىلەر بۇ ھەقىقى ئەھۋالنى ئېتىراپ قىلغان ۋاقىتتا، بىرئاز ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىدۇ، چۈنكى شەرق مۇتەپەككۇرلىرى ئاللىقاچان ئىسلام ئۈچۈن شەمشەر بىلەن كىشىلەرنى ئىمان-ئېتىقادقا زورلايدىغان كۆرۈنۈشنى تەسۋىرلەپ چىقتى. ئۇ يىرگىنىشلىق مۇتەپەككۇرلار بۇنىڭ ھەقىقەت ئەمەس ئىكەنلىكىنى چوقۇم ئىنىق بىلىدۇ، ئۇلار پەقەت مۇشۇ خىل قىلىقلىرى ئارقىلىق ئىسلامى جىھادنىڭ ھەقىقى مەقسىتىنى بۇرمىلاشنى ئويلايدۇ. بۇ نوقتا ئاتالمىش ئىسلامنىڭ شۆھرىتىنى قوغدىغۇچىلار-ئىشەنچىسىنى يوقاتقان ئاشۇ تىز پۈككىچىلەرنى دەرھال قوزغۇلۇپ، بۇ خىل ئەيىبلەشلەرنى ئىنكار قىلىپ، بۇرۇلۇپلا ئۆزىنى قوغداشقا سەۋەب ئىزدەتكۈزىدۇ! لېكىن ئۇلار ئىسلامنىڭ ماھىيىتى ۋە بۇرچىغا سەل قاراپ، ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتنى ئازات قىلىدىغان تۈپ ھوقۇقىنى ئۇنتۇپ قالدى.

ھازىرقى زامان مۇتەخەسسىلىرى- ئىشەنچىسىنى يوقاتقان، تىز پۈككىچىلەرنىڭ ئىدىيىسى- دىنىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان كۆز قاراش جەھەتتە غەرىپچە قايمۇقتۇرۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. غەرىپلىكلەرنىڭ قارىشىدا دىن پەقەت شەخسىنىڭ قەلبىتىكى ئىشىنىشى بولۇپ، رېئال تۇرمۇش تۈزۈمى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، شۇڭا دىن ئۈچۈن جىھاد قىلىش، كىشىلەرنى ئېتىقادقا زورلايدىغان ئۇرۇش قىلىش دەپ قاراشتىن ئىبارەت.

لېكىن ئىسلامنىڭ ھەقىقىتى ئۇنداق ئەمەس، ئىسلام بولسا ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن بىر يول بولۇپ، ئۇ ئىلاھلىقنى پەقەت ئاللاھقىلا تاپشۇرۇش ئاساسىغا بەرپا قىلىنىدۇ. ئىلاھلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش بىلەن نامايەن بولىدۇ. ھەمدە مۇشۇنى ئاساس قىلىپ ئىنسانىيەتنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ئىشلىرىنى تەشكىللەيدىغان يول! بۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلىش. تۈزۈم ئورنىتىش كۆرىشىدىن ئىبارەت. ئېتىقاد مەسىلىسىگە كەلسەك، بارلىق تەسىر كۈچلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاساسى تۈزۈمنىڭ سايىسى ئاستىدا، كىشىلەرنىڭ ئىختىيارى تاللاش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئىسلامى كۆز قاراش بىلەن غەرپلىكلەرنىڭ كۆز قارىشى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە، ئىسلامنىڭ نامايەن قىلىدىغىنى يېپيېڭى بىر

مەنزىرىدىن ئىبارەت.

قانداق ماكان، قانداق زاماندا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، پەقەت ئىسلامى يولنى نامايەن قىلىدىغان جەمئىيەت بارلىققا كېلىدىكەن، ئاللاھ ئۆزىنىڭغا ئالغا ئېلگىرلەش ۋە ھەركەت قىلىش ھوقۇقى ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزىۋېلىش ھەمدە تۈزۈم بەرپا قىلىشنى ئاتا قىلىدۇ، ئەمما قەلبىتىكى ئېتىقاد مەسىلىسىنى كىشىلەرنىڭ ئىختىيارى تاللىشىغا قويىدۇ. ئاللاھ مەلۇم ۋاقىت مۇسۇلمانلارنىڭ كۆللۈكتىپ ھالدا ئورۇش قىلىشىنى چەكلىگەن بولسا، ئۇ پەقەت قەدەم-باسقۇچ مەسىلىسى بولۇپ، پىرىنسىپال مەسىلە ئەمەس، ھەركەتنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ، ئېتىقاد مەسىلىسى ئەمەس، بۇ بىر ئىنىق ئاساسقا ئاساسەن، ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان تارىخى دەۋىردىكى قۇرئاننىڭ ئوخشىمىغان ئايەتلىرىنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى چۈشىنىۋالالايمىز، ھەمدە باسقۇچ خاراكتىرلىق نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ مەنىسى بىلەن ئىسلامى ھەركەتنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىكلىكى ۋە قەتئىي مۇساپىسىنىڭ ئومۇمى مەنىسى ئوتتۇرسىدىكى پەرقلەرنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمەيمىز.

# لا اله الا الله (بىر ئاللاھ دىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق) تۇرمۇش يولى

چۈقۈنۈشنىڭ ئاللاھقىلا مەنسۇپ بولىشى ئىسلامى ئېتىقاد تۈۋرۈكىنىڭ بىرىنجى مۇھىم ئاملى بولۇپ، ئۇ « بىر ئاللاھ تىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن گۇۋاھلىق كەلىمىسىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئارقىلىق بۇ چوقۇنۇش ئۇسۇلىغا مۇيەسسەر بولۇش، ئىسلامى ئېتىقاد تۈۋرۈكىنىڭ ئىككىنجى مۇھىم ئاملى بولۇپ، ئۇ « مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن گۇۋاھلىق كەلىمىسىدە گەۋدىلىنىدۇ.

ئىتائەتمەن ھەم چىن ئېتىقادقا ئىگە قەلب بولسا بۇ پىرىنسىپنىڭ ئىككى مۇھىم ئاملىنىڭ گەۋدىلىنىش ئورنى، چۈنكى بۇنىڭدىن سىرىت باشقا ئېتىقاد، تەركىپلەر، ئىسلامنىڭ بارلىق ئاساسى مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ پىرىنسىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇقەررەر نەتىجە بولۇپ، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتاپلارغا، پەيغەمبەرلەرگە، ئاخىرەت كۈنىگە

شۇنداقلا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج قاتارلىق پەرزلەر، يەنە ھالال، ھارام، ئىجتىمائى ئالاقە، قانۇن بەلگىلىمە تۈزۈش، ئىدىيە-ھەركەت جەھەتتىكى ئىسلامى يېتەكچىلىك، جازا قانۇنى ۋە جازا بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چوقۇنۇشنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ بولىشىدىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپ ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ كىلىش مەنبىئى رەسۇلۇللاھنىڭ پەرۋەردىگارى تەرپىدىن يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان بارلىق ۋەھيىلەردىن ئىبارەت.

ئىسلامى جەمئىيەت بولسا، بۇ پرىنسىپ ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان باشقا بارلىق مۇھىم ئامىللارنى نامايان قىلىدىغان جەمئىيەت بولۇپ، ئەگەر بۇ پرىنسىپ ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئامىللارنى ئىزچىللاشتۇرمىغاندا، ئۇ ئىسلامى جەمئىيەت بولالمايدۇ.

شۇڭا، «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزى «ئىسلام ئۇممىتى ئىچىدىكى ھەر بىر ئەزانىڭ تۇرمۇشىنى بەرپا قىلىشتىكى مۇكەممەل بولغان داغدام يول خاراكتېرىدىكى پرىنسىپ. ئەگەر تۇرمۇش بۇ پرىنسىپتىن باشقا بىر پرىنسىپ ئۈستىگە بەرپا قىلىنسا، ياكى ئۇنىڭغا باشقا پرىنسىپلارنى قوشسا، ياكى سىرتتىن بىر نەچچە پرىنسىپلارنى كەلتۈرگەندە، ئۇ ئىسلامى تۇرمۇش بولالمىغىنىغا ئوخشاش، بۇ پرىنسىپ بەرپا بولۇشتىن ئىلگىرى، ئىسلامى تۇرمۇشمۇ بەرپا بولالمايدۇ».

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنِ الْحُكْمُ إِلاَّ لِلّهِ أَمَرَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ ﴾

**«..... بارچە ھۆكۈملەر پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر.....» (سۈرە يۇسۇف 40 ـ ئايەت)**

﴿مَّنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللّهَ ﴾

**«كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ) .....» (سۈرە نىسا 80 ـ ئايەت)**

بۇ ھەقىقانى سۆزلەر بىلەن، چۈشىنىشلىك، ئىخچام خىتابنامە بىزنىڭ ئىسلامنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ۋە ئۇنىڭ ئەمىلىيەتچىل ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى

ھەققىدىكى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

1. ئۇ بىزنىڭ «ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ».

2. ئۇ بىزنىڭ «ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىش يولىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ».

3. ئۇ بىزنىڭ «ئىسلامنىڭ ھەر خىل جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەتلەر بولغان مەيدانىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ».

4. ئۇ بىزنىڭ «ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ رېئال تۇرمۇشىغا بولغان يېتەكچىلىك پرىنسىپىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ».

بۇ مەسىلىلەر قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىسلام ھەرىكىتى يولىدىكى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە بولۇپ كەلدى.

ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ روشەن ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بولسا: بۇ جەمئىيەتتىكى بارلىق ئىشلار چوقۇنۇش پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ بولغان بۇ پرىنسىپ ئۇستىگە بەرپا قىلىنىدۇ. بۇ خىل چوقۇنۇش «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

بۇ خىل چوقۇنۇش ئېتىقاد قارىشىدا نامايان بولىدۇ، دىنى پائالىيەتلەردە نامايان بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىجتىمائىي قانۇن - تۇزۇملەردە نامايان بولىدۇ.

كىمكى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە (تەۋھىدكە) ئىشەنمەيدىكەن، ئۇ يەككە - يېگانە ئاللاھنىڭ قۇلى بولالمايدۇ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَقَالَ اللّهُ لاَ تَتَّخِذُواْ إِلـهَيْنِ اثْنَيْنِ إِنَّمَا هُوَ إِلهٌ وَاحِدٌ فَإيَّايَ فَارْهَبُونِ*وَلَهُ مَا فِي الْسَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَلَهُ الدِّينُ وَاصِبًا أَفَغَيْرَ اللّهِ تَتَّقُونَ ﴾

**«ئاللاھ: «ئىككى ئىلاھقا ئىبادەت قىلماڭلار، ئۇ پەقەت بىرلا ئىلاھدۇر، مەندىنلا قورقۇڭلار» دېدى. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئىبادەت ھەمىشە ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھدىن بۆلەك غەيرىدىن قورقامسىلەر؟»** (سۈرە نەھىل 51 - 52 **ئايەتلەر**)

كىمكى ئاللاھدىن باشقا ھەر قانداق مەخلۇقلارنى (ئادەم ياكى باشقا

نەرسىلەرنى) ئىبادەت دائىرىسىگە كىرگۈزىدىكەن، ياكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەلۇم ئادەم ياكى مەلۇم شەيئىلەرگە قوشۇپ ئىبادەت قىلىدىكەن، ئۇ يەككە - يېگانە ئاللاھنىڭ قۇلى بولالمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ* لاَ شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَاْ أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ﴾

**«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت - ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن.»** (سۈرە ئەنئام 162 - 163 ئايەت)

كىمكى ئاللاھ كۆرسەتكەن يولدىن باشقا يەنى پەيغەمبىرىمىز ئۆگەتكەن يولدىن باشقا يول ئارقىلىق قانۇن - تۈزۈم قوبۇل قىلىدىكەن، ئۇ يەككە - يېگانە ئاللاھنىڭ قۇلى بولالمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَمْ آتَيْنَاهُمْ كِتَابًا مِّن قَبْلِهِ فَهُم بِهِ مُسْتَمْسِكُونَ ﴾

**«ئۇلارغا بىز قۇرئاندىن ئىلگىرى (قانداقتۇر) بىر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار شۇ كىتابقا مەھكەم ئېسىلامدۇ؟»** (سۈرە زۇخرۇف 21 - ئايەت)

﴿ وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا ﴾

**«..... پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار.....»** (سۈرە ھەشر 7 - ئايەت)

مانا بۇ ئىسلامى جەمئىيەت بولۇپ، چوقۇنۇش پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ بولۇشتىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپ بۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ بارلىق ئېتىقاد ۋە قارىشىدا، بارلىق ئىبادەتلىرى ۋە ئەمەللىرىدە، بارلىق قانۇن ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىدە نامايەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداق بىر نۇقتا مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدىكەن، ئىسلاممۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ. چۈنكى بۇنداق بولغاندا، ئىسلامنىڭ بىرىنچى تۈۋرۈكى بولغان ***«بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى»*** دېگەن بۇ كەلىمە ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ ئەمەلي مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا چوقۇنۇشنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنىڭ ئېتىقاد قارىشىدا نامايەن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق، تېخىمۇ ئېنىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ يەردە يەنە نېمىنىڭ ئىسلامى ئېتىقاد قارىشى ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىمىز. ئىسلامى ئېتىقاد قارىشى دېگەن نېمە؟ ئۇ بولسا ئاللاھ تەرەپتىن ئىگە بولغان ئېتىقادنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى بىر خىل قاراش بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ھەقىقىي بىلىمى ئۈستىدە، ئىنسانىيەتنىڭ كائىناتتىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ- ئۇنىڭ يۇشۇرۇن سىرى. ئۇنىڭدىكى مەۋجۇدىيەتنىڭ- ھەقىقىي ئەھۋالى ئۈستىدە، ئىنسانىيەتنىڭ تۇغۇلىشىدىنلا ئىگە بولغان ھاياتلىق-ئۇنىڭ سىرى، ئۇنىڭ كۆرگىلى بولىدىغان ھالىتىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ھەققىدە، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلى ۋە ئادەمنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئىزدەنگەن ۋاقتىدا تايىنىدىغان ئۆلچەم. ئاندىن كېيىن، بۇ ئاساستا، بۇ بارلىق ھەقىقىي بىلىم، ھەقىقىي ئەھۋال، ھەقىقىي مەنا ۋە ماھىيەت بىلەن مۇناسىۋەت بەرپا قىلىپ، ئادەم بىلەن ئاللاھنىڭ مۇناسىۋىتىدە چوقۇنۇشنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا خاس بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپىنى نامايان قىلىپ، ئادەم بىلەن كائىنات ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ئادەم بىلەن بارلىق ھاياتلىق ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلچان شەكلىدىكى مۇناسىۋىتىدە بارلىق پرىنسىپلارنى ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان ئىسلامى يولدىن قوبۇل قىلىش مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىش- خۇددى رەسۇلۇللاھ يەتكۈزگەنگە ئوخشاش، بۇ خىل مۇناسىۋەتتە، پەقەت ئاللاھقىلا چوقۇنۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىسلامى ئېتىقاد قارىشى پۈتكۈل تۇرمۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەگەر بىز بۇنىڭ ئىسلامى جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان بولساق، ئۇنداقتا، ئىسلامى جەمئىيەت قانداق بارلىققا كېلىدۇ؟ ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش يولى يەنە قانداق بولىدۇ؟

بارلىق چوقۇنۇشنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا خاس ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، ئاللاھدىن باشقىغا چوقۇنۇشنى قەتئىي رەت قىلغان، ئېتىقاد ۋە كۆز قاراشتا، ئەمەل-ئىبادەتلەردە، ئىجتىمائىي قانۇن ۋە تۈزۈملەردە ئاللاھدىن باشقىغا چوقۇنۇشنىڭ رەت قىلىنىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بىر

بۆلۇك مۇئمىنلەر بارلىققا كەلگەندە، بۇ ساپ چوقۇنۇش ئاساسىدا ئۇلارنىڭ پۇتكۇل تۇرمۇشى ھەقىقىي (پۇختا) تەشكىللىنىپ، ئۇلارنىڭ قەلبى تازىلىنىدۇ. ئاللاھدىن باشقا ـ ئاللاھقا قوشۇپ، ياكى ئاللاھدىن ۋاز كېچىپ، ھەر قانداق ئادەم ياكى نەرسىلەردە ئىلاھلىق خۇسۇسىيەت بار دەپ ئېتىقاد قىلىشنى رەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى تازىلاپ، ئاللاھدىن باشقا ـ ئاللاھقا قوشۇپ ياكى ئاللاھدىن ۋاز كېچىپ ـ ھەر قانداق ئادەم ياكى نەرسىلەرنى دىنىي پائالىيەت دائىرىسى ئىچىگە ئېلىپ كىرىشنى رەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قانۇنىنى پاكلاپ، ئاللاھدىن باشقا ـ ئاللاھقا قوشۇپ، ياكى ئاللاھدىن ۋاز كېچىپ، ھەر قانداق مەنبەدىن قانۇنىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا، پەقەت مۇشۇ ۋاقىتتا، بۇ كوللىكتىپ ئاندىن ئىسلامى كوللىكتىپ بولالايدۇ، ھەمدە ئۇلار بەرپا قىلغان جەمئىيەت تەرتىپلىك ۋە سىستېمىلىق ھالدا ئىسلامى جەمئىيەت بولالايدۇ. كىشىلەر چوقۇنۇشنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا خاس ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىلگىرى (يۇقۇرىدا بايان قىلىنغاندەك)، ئۇلار ھەرگىزمۇ مۇسۇلمان بولالمايدۇ. ئۇلار ئىسلامى ئېتىقادنى پرىنسىپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى تەشكىللەشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ جەمئىيىتى ئىسلامى جەمئىيەت بولالمايدۇ. چۈنكى بۇنداق بولغاندا ئىسلام ۋە ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ بىرىنچى ئاساسى بولغان ـ «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن بۇ گۇۋاھلىق كەلىمىسىنىڭ ئىككى مۇھىم ئاملى مۇكەممەل ھالدا ئەمىلىلەشمەيدۇ.

شۇڭا ئىسلامى جەمئىيەت تۈزۈمى بەرپا قىلىپ، بۇ خىل تۈزۈمنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىسلامى جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى ئويلىنىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن چوقۇم زېھنى ـ قۇۋۋىتىمىزنى شەخسنىڭ (يەككە ئەزالارنىڭ) ئىچكى دۇنياسىنى تازىلاشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاللاھقىلا خاس بولمىغان بارلىق چوقۇنۇشلار، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ھەر خىل شەكىللەردىكى چوقۇنۇشلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىشىمىز، قەلبى ئاللاھدىن باشقىلارغا چوقۇنۇشتىن ئاللىقاچان پاكلانغان ئاشۇ كىشىلەرنى ئىسلامى كوللىكتىپ ئىچىگە جۇغلىشىمىز كېرەك. دەل بۇ ئېتىقاد، ئەمەل ـ ئىبادەتلەر، قانۇن قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۇلارنىڭ قەلبىنى پاكلاپ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھقىلا خاس بولمىغان چوقۇنۇشلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىدىغان كوللىكتىپ بولغاندا،

ئىسلامى جەمئىيەت ئاندىن بارلىققا كېلىدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ ئېتىقادى، ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى، قانۇن ـ تۈزۈم قاتارلىق جەھەتلەردە ئاللاھقىلا چوقۇنۇشنى نامايەن قىلىپ، بۇ جەمئىيەتتە ياشاشنى ئويلايدىكەن، ئۇنداق كېلىپ بۇ كوللېكتىپكە قاتناشسا بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن كەلىمىنى نامايەن قىلىدىغان جەمئىيەتكە كەلسە بولىدۇ. بىرىنچى ئىسلامى جەمئىيەتنى بەرپا قىلغان بىرىنچى ئىسلامى كوللېكتىپ مۇشۇنداق قىلىپ بارلىققا كەلدى، بارلىق ئىسلامى كوللېكتىپلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بارلىققا كېلىشى كېرەك. بارلىق ئىسلامى جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بەرپا قىلىنىشى كېرەك.

بىر ئىسلامى جەمئىيەت ـ نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ۋە كوللېكتىپلارنىڭ ئاللاھدىن باشقىلارنى ئاللاھقا قوشۇپ، ياكى ئاللاھدىن ۋاز كېچىپ، بۇ چوقۇنۇشتىن شېرىكسىز، يەككە ـ يېگانە ئاللاھقىلا چوقۇنۇشقا قەدەم تاشلىشى، ھەمدە بۇ چوقۇنۇش ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، بىر يېڭى جەمئىيەتنىڭ يېڭى دەۋرى كېلىدۇ. ئۇ ئەسلىدە كونا جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بىر خىل يېڭى ئېتىقاد ئارقىلىق روشەن سېلىشتۇرمىنى شەكىللەندۈرىدۇ، ھەمدە بۇ خىل ئېتىقادنى ئاساس قىلىپ بىر خىل يېڭى تۇرمۇش تۈزۈمى بەرپا قىلىدۇ، بۇ خىل تۈزۈمدە ئىسلامنىڭ بىرىنچى پرىنسىپىنىڭ ئىككى مۇھىم ئاملى: ***«بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى»*** دېگەن كەلىمە نامايان بولىدۇ.

كونا جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەت بەلكىم ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا يېڭى ئىسلامى جەمئىيەتكە قوشۇلۇشى مۇمكىن، بەلكىم قوشۇلماسلىقىمۇ مۇمكىن، ئوخشاشلا، ئۇ ئىسلام بىلەن تېنچلىقنى ساقلىشى مۇمكىن، ئىسلامغا ئۇرۇش ئېچىشىمۇ مۇمكىن. تارىخ بىزگە، دەسلەپكى باسقۇچلاردىكى ساھابىلەر، شەخسلەر ۋە كوللېكتىپكە قارىتا بولمىسۇن ياكى ئاللىقاچان بەرپا قىلىنغان ئىسلامى جەمئىيەتكە قارىتا بولمىسۇن، جاھىلىيەتچىلەرنىڭ ھامان ۋەھشىيانە ئۇرۇش قوزغايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى، بۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان ئىسلامنى تارقىتىش

تارىخىدىكى ھەر قانداق ئەھۋاللاردا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ئىبارەت.

ئەگەر يېڭى ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ ئەمىلي كۈچى كونا جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەتنىڭ بېسىمىغا تولۇق قارشى تۇرۇشقا يېتەلمىگەن ۋاقىتتا، ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن بولمايدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇستەھكەملىگىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ خىل ئەمىلي كۈچ، ئېتىقاد كۈچى ۋە ئىدىيۋى ئەھۋالى، شەخسىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى ۋە ئەخلاق سەۋىيىسى، تەشكىللەش ئىقتىدارى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسى، شۇنداقلا جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەتنىڭ بېسىمىغا قارشى تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بارلىق ئەمىلي كۈچلەر ياكى ھېچبولمىغاندا جاھىلىيەتپەرەسلىك ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان، قەتئىي بوشاشمايدىغان ئەمىلي كۈچلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمما، جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەت دېگەن نېمە؟ ئىسلامنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا مەيدانى قانداق بولىدۇ؟

جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەت بولسا- ئىسلامى جەمئىيەتتىن باشقا بارلىق جەمئىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ! ئەگەر بىز ئۇنىڭغا بىر ئوبيېكتىپ تەبىر بېرىدىغان بولساق، ئۇنداقتا مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ: چوقۇنۇشنى پەقەت ئاللاھقىلا خاس قىلمىغان بارلىق جەمئىيەتلەر جاھىلىيەت جەمئىيىتى بولىدۇ. بۇ خىل چوقۇنۇش، ئېتىقاد قارىشىدا چوقۇنۇش پائالىيەتلىرىدە ۋە ئىجتىمائىي قانۇن- تۈزۈملەردە ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ ئوبيېكتىپ تەبىرگە ئاساسەن، بۈگۈنكى كۈندە بۇ زېمىندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان خىلمۇ-خىل جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسى شۈبھىسىزكى جاھالەتپەرەسلىكتىن ئىبارەت بۇ دائىرىگە مەنسۇپ بولىدۇ:

ئالدى بىلەن، بۇ دائىرىگە كىرىدىغىنى كوممۇنىزم جەمئىيىتى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇ پەقەت ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ (ئاللاھ پاناھ بەرسۇن)، ھەمدە كائىناتتىكى ھەممىنى «ماددا» ياكى «تەبىئەت»كە مەنسۇپ قىلىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشى ۋە تارىخى تەرەققىياتىدىكى بارلىق ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا «ئىقتىساد» ۋە «ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى (قۇراللىرى)» دەپ ھېسابلايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇ پارتىيىگە چوقۇنۇش تۈزۈمىنى بەرپا قىلغان (بۇ تۈزۈمدە كوللىكتىپ رەھبەرلىك ھەممىگە مەلۇملۇق

بولغان پاكىت) بولۇپ، ئاللاھقا چوقۇنمايدۇ (ئاللاھنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز). ئەڭ ئاخىرىدا، بۇ خىل قاراش ۋە تۈزۈمنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋىتى ئىنسانىيلىكىنىڭ چۈشكۈنلىشىشىدىن ئىبارەت، ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجىنى پەقەت ھايۋانلارچە ئېھتىياج، يەنى: يېيىش، ئىچىش، كىيىنىش، تۇرالغۇ، جىنسىي تەلەپتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ! ئۇ ئىنسانىيەتنى ھايۋانلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان مەنىۋى (روھى) ئېھتىياجدىن مەھرۇم قىلىدۇ. مەسىلەن، ئىنساننىڭ ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىشى، ئېتىقادنى تاللاش ۋە ئېتىقادنى ئىپادىلەش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، ئۇ يەنە ئىنساننىڭ ئۆز خاراكتېرى نامايان قىلىش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، بۇ نۇقتا دەل ئىنسانىيلىكتىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىك بولۇپ، بۇ خاراكتېر شەخسنىڭ ئۆز مۇلكىگە بولغان ئىگىدارچىلىقى، خىزمەت ۋە كەسپكە قارىتا تاللىشى، شەخسنىڭ ئۆز سەنئىتىنى نامايان قىلىشى، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى بىر نۇقتا، ئادەمنى «ھايۋان» ياكى «ماشىنا»دىن پەرقلەندۈرىدىغان ئالاھىدىلىكلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، كوممۇنىزىملىق دۇنيا قاراش، ياكى كوممۇنىزم تۈزۈمى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، نۇرغۇن ئەھۋاللاردا، ئادەمنى ھايۋان، ھەتتا ماشىنا (ئۈسكۈنە) دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئىككىنچى، بارلىق مۇشرىكلىك ۋە بۇتپەرەسلىك جەمئىيەتلەر ـ بۇ خىل چوقۇنۇش ھىندىستان، ياپونىيە، فىلىپپىن ۋە ئافرىقا قاتارلىق جايلاردا يەنىلا ناھايىتى ئەۋج ئالغان بولۇپ، ھەممىسى جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بۇ دائىرىگە كىرىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇ ئاللاھدىن باشقا، ئاللاھقا قوشۇپ، ياكى ئاللاھدىن ۋاز كېچىپ، ئادەم ياكى نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئېتىقاد قارىشى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئىككىنچىدىن، ئۇ خىلمۇ ـ خىل ساختا ئىلاھلار ۋە ساختا مەئبۇدلارغا، چوقۇنۇش پائالىيەتلىرىنى ئاتايدۇ ھەمدە ئۇلاردا ئىلاھلىق خۇسۇسىيەت بار دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇلار ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئىسلام قانۇنىنى ئاساس قىلىپ ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە قانۇن بەرپا قىلماستىن، بەلكى بۇتخانىلارنىڭ راھىبلىرى، پوپلار، مۇنەججىملىك قىلغۇچىلار (يۇلتۇزلارغا قاراپ پال ئاچقۇچىلار)، سېھىرگەرلەر، شەيخلەر ياكى قانۇن تۈزۈش ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇۋالغان دىندىن خالى كومىتېتلار ياكى «پارتىيە»، «خەلق» ياكى باشقا ھەر

خىل نامىلار بىلەن ئۆزلىرىنى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە دەپ ئاتىۋالغان ئادەم ياكى ئورگانلارنى ئاساس قىلىپ ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئەمىلىيەتتە، ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ (ئاللاھ پاكتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر)، پەقەت ئۆزىنىڭ ئەلچىلىرى يەتكۈزگەن ئۇسۇل بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

ئۇچىنچى، يەر شارىدىكى بارلىق خىرىستىئان دىنى ۋە يەھۇدى دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ دائىرىگە كىرىدۇ. چۈنكى: بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ئېتىقاد قارىشى بۇرمىلىنىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ خىل ئېتىقاد قارىشى، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئاللاھقىلا خاس قىلماستىن، ئەكسىچە ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئاللاھقا نۇرغۇن شېرىكلەرنى كەلتۈرۈپ، ئاتا ـ بالا نەزەرىيىسى (يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ بۆھتان قىلىدۇ)، ئۈچ ئىلاھ بىر گەۋدە نەزەرىيىسى (ناسارار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى، يەنى ئىككىنچى ئىلاھ، ھەزرىتى مەريەمنى ئاللاھنىڭ ئايالى، يەنى ئۈچىنچى ئىلاھ دەپ ئاللاھقا بۆھتان چاپلايدۇ، «ئاللاھ پاناھ بەرسۇن!»)، شۇنداقلا ئاللاھ ھەققىدە ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولمىغان چۈشەنچىلەر ئارقىلىق ئادەم بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇرمىلايدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَالَتِ الْيَهُودُ عُزَيْرٌ ابْنُ اللّهِ وَقَالَتْ النَّصَارَى الْمَسِيحُ ابْنُ اللّهِ ذَلِكَ قَوْلُهُم بِأَفْوَاهِهِمْ يُضَاهِؤُونَ قَوْلَ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَبْلُ قَاتَلَهُمُ اللّهُ أَنَّى يُؤْفَكُونَ﴾

**«يەھۇدىيلار: «ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى. ناسارالار «مەسىھ (يەنى ئىيسا) ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزدۇر، (ئۇلارنىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ: «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دېگەن) سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، (ئاللاھنىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇزۇلۇپ) ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ) ئاللاھقا يالغان چاپلايدۇ.»** (سۈرە تەۋبە 30 ـ ئايەت)

﴿لَّقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُواْ إِنَّ اللّهَ ثَالِثُ ثَلاَثَةٍ وَمَا مِنْ إِلَهٍ إِلاَّ إِلَهٌ وَاحِدٌ وَإِن لَّمْ

يَنتَهُواْ عَمَّا يَقُولُونَ لَيَمَسَّنَّ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِنْهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾

**«ئاللاھ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر بولغانلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.»** (سۈرە مائىدە 73 ـ ئايەت)

﴿وَقَالَتِ الْيَهُودُ يَدُ اللّهِ مَغْلُولَةٌ غُلَّتْ أَيْدِيهِمْ وَلُعِنُواْ بِمَا قَالُواْ بَلْ يَدَاهُ مَبْسُوطَتَانِ يُنفِقُ كَيْفَ يَشَاء وَلَيَزِيدَنَّ كَثِيرًا مِّنْهُم مَّا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ طُغْيَانًا وَكُفْرًا وَأَلْقَيْنَا بَيْنَهُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاء إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ كُلَّمَا أَوْقَدُواْ نَارًا لِّلْحَرْبِ أَطْفَأَهَا اللّهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الأَرْضِ فَسَادًا وَاللّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ﴾

**«يەھۇدىيلار: «ئاللاھنىڭ قولى باغلاقلىقتۇر (يەنى ئاللاھ بېخىلدۇر ياكى پېقىردۇر)» دېدى. يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن! ئۇلار بۇ سۆزلىرى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندۇ، ئەمەلدە ئاللاھنىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر، قانداق خالىسا شۇنداق رىزىق بېرىدۇ....»** (سۈرە مائىدە 64 ـ ئايەت)

﴿وَقَالَتِ الْيَهُودُ وَالنَّصَارَى نَحْنُ أَبْنَاء اللّهِ وَأَحِبَّاؤُهُ قُلْ فَلِمَ يُعَذِّبُكُم بِذُنُوبِكُم بَلْ أَنتُم بَشَرٌ مِّمَّنْ خَلَقَ يَغْفِرُ لِمَن يَشَاء وَيُعَذِّبُ مَن يَشَاء وَلِلّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَإِلَيْهِ الْمَصِيرُ﴾

**«يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا ـ بالدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز ئاللاھنىڭ دىنىدا بولغاچقا) دوستلىرىدۇرمىز» دېدى. ئېيتقىنكى، «(ئۇنداق بولسا) ئاللاھ نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟» بەلكى سىلەر باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئاللاھ ياراتقان ئىنسانسىلەر.....»** (سۈرە مائىدە 18 ـ ئايەت)

ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى، دىنىي پائالىيەتلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسى بۇرمىلانغان، توغرا يولدىن چەتنىگەن ئېتىقاد قارىشىنى ئاساس قىلىدۇ.

ئۇچىنچىدىن، ئۇلارنىڭ قانۇن ۋە تۈزۈملىرىنىڭ ھەممىسى چوقۇنۇشنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا خاس بولۇشىنى ئاساس قىلمايدۇ. ئاللاھنىڭ يەككە-يىگانە ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئاللاھنىڭ نوپۇزىنى مىزان قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەملەر تەشكىللىگەن ئورگانلارنى بەرپا قىلىپ، ئەسلىدە ئاللاھقىلا مەنسۇپ بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۇلارغا بېرىدۇ. تارىختا، ئۇلار بۇ ھوقۇقنى ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرى ۋە راھىبلىرى (دىنى باشلىقلىرى ۋە ئۆلىمالىرىغا) بېرىپ، بۇ ئۆلىمالىرى ئۇلار ئۈچۈن قانۇن تۈزۈپ بەرسە، ئۇنىڭغا بويسۇندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى مۇشرىكلىك گۇناھى بىلەن ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُواْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ إِلَهًا وَاحِدًا لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾

**«ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنى باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى، (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھدىن باشقا) ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر.»** (سۈرە تەۋبە 31 - ئايەت)

ئەينى ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرى ۋە راھىبلىرىدا ئىلاھلىق ئالاھىدىلىكى بار دەپ قارىمايتتى، ھەم ئۇلار ئۇچۇن چوقۇنۇش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارمايتتى. ئۇلار پەقەت راھىبلىرىنى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە دەپ ئېتىراپ قىلغان، ھەمدە ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇلار تۈزۈپ بەرگەن قانۇنلارنى قوبۇل قىلغان. ئۇنداقتا، بۈگۈنكى كۈندىكى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش جىنايىتى ۋە ئاسىيلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىشكە تېخىمۇ تېگىشلىك، چۈنكى ئۇلار بۇ خىل ھوقۇقنى ئاللىقاچان ئۆزلىرىنىڭ موللا-ئۆلىمالىرىغا، راھىبلىرىغا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ بىلىمسىز كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ بەردى! ئەمەلىيەتتە، ھىبرىلىرى، راھىبلىرى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاشلا بۇ خىل ھۆكۈمرانلىق ئىمتىيازىغا ئىگە ئەمەس.

ئەڭ ئاخىرقىسى بولسا، ئۆزىنى ئىسلامدا دەپ ئاتىۋالغان مۇسۇلمانلار

جەمئىيىتىمۇ ئوخشاشلا جاھالەتپەرەسلىكتىن ئىبارەت بۇ دائىرىگە مەنسۇپ.

بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ بۇ دائىرىگە كىرىشى ئۇلارنىڭ ئاللاھدىن باشقا ئىلاھلارغا ئېتىقاد قىلغانلىق سەۋەبىدىن ئەمەس. ئاللاھدىن باشقا ھەر قانداق ئادەم ۋە نەرسىلەرنى چوقۇنۇش دائىرىسىگە كىرگۈزگەنلىكىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش تۈزۈملىرىدە بىرلا ئاللاھقا چوقۇنۇشنى ئىشقا ئاشۇرمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇزلىرىنى جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بۇ قاتارغا قوشۇۋەتكەن.

بۇ خىل جەمئىيەت، گەرچە ئاللاھدىن باشقا ھەر قانداق ئىلاھلارغا ئېتىقاد قىلمىسىمۇ، ئەمما ئاللاھدىن باشقا مەئبۇدلىرىغا ئىلاھلىقنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىنى بېرىپ، ئاللاھدىن باشقا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا بويسۇندى ھەمدە بۇ ھۆكۈمرانلىق ئىمتىيازى تەرىپىدىن تۇرمۇش تۈزۈمى، قانۇن-نىزام، قىممەت قارىشى، ئۆرپ-ئادەت، شۇنداقلا بارلىق تۇرمۇش تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلدى! جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ھەققىدە، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾

**«..... كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر.»** (سۈرە مائىدە 44 ـ ئايەت)

ئىدارە قىلىنىدىغان كىشىلەر ھەققىدە مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنَّهُمْ آمَنُواْ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ يُرِيدُونَ أَن يَتَحَاكَمُواْ إِلَى الطَّاغُوتِ وَقَدْ أُمِرُواْ أَن يَكْفُرُواْ بِهِ وَيُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَن يُضِلَّهُمْ ضَلاَلاً بَعِيدًا﴾

**«ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) يەنى سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلار (تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۇردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ.»** (سۈرە نسا

**60 ـ ئايەت )**

**﴿فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيمًا﴾**

**«( ئى مۇھەممەد! ) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ( يەنى مۇناپىقلار ) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يۇقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.»** ( سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت )

ئاللاھ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن، ئاللاھنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن، بىرلا ئىلاھقا چوقۇنۇشتىن چەتنەپ كەتكەن، ئاللاھدىن ۋاز كېچىپ ھىبرىلىرىنى ۋە راھىبلىرىنى (دىنىي باشلىقلىرى ۋە ئۆلىمالىرىنى) ئىلاھ قىلىۋالغانلارنى يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار پەقەت ھىبرىلىرى ۋە راھىبلىرىغا بۈگۈنكى كۈندىكى ئاتالمىش «مۇسۇلمانلار» ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە ئاللاھدە ئىمتىياز بەرگىنىگە ئوخشاش ئىمتىيازلارنى بەرگەن. ئاللاھ يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرىنى خۇددى مەريەم ئوغلى ئيسانى پەرۋەردىگار بىلىپ، ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغىنىغا ئوخشاشلا (ئىبادەت قىلغىنىغا ئوخشاشلا) ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ھەرىكىتى دېدى. ئەمىلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولۇپ، چوقۇنۇش (ئىبادەت)نىڭ پەقەت ئاللاھقىلا بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپتىن چەتنەپ كەتكەن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ دىنىدىن چەتنەپ كەتكەن بولىدۇ. «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن بۇ قەسەمنامىدىن چەتنەپ كەتكەن بولىدۇ.

بۇ ئاتالمىش «مۇسۇلمانلار جەمئىيەتلىرى» ئىچىدىكى بىر قىسىم جەمئىيەتلەر، ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق دەھرىيلىشىش (دىندىن خالىيلىشىش)نى جاكارلاپ، ئىلاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى، يەنە بەزىلىرى «دىنغا ھۆرمەت قىلىمىز» دەپ جاكارلايدۇ، ئەمما ئىسلامنى ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىچىدىن سىقىپ چىقىرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىچە ئىلىم ـ پەن بىلەن روھى دۇنيانى ئۆزئارا توقۇنۇش كېلىدۇ دەپ قاراپ: روھى دۇنيانى ئىنكار قىلىپ، ئىلىم ـ پەننى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي تۈزۈم بەرپا قىلىمىز دەپ جار

سالىدۇ. ئەمىلىيەتتە ئۇ پەقەت بىر قىسىم جاھىل ئۇنسۇرلارنىڭ نادانلارچە سەپسەتىسى.

يەنە بىر قىسىملىرى بولسا ئەمىلىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئاللاھدىن باشقىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ياخشى-يامان دېگەن كۆز قارىشىغا ئاساسەن قانۇن تۈزىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئۆزلىرى تۈزگەن قانۇنلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ ئاللاھنىڭ قانۇنى دەپ قىپقىزىل يالغانچىلىق قىلىدۇ! ئەمىلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى بولۇپ، ھەممىسى چوقۇنۇش (ئىبادەت)نىڭ پەقەت ئاللاھقا خاس بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپقا قارشى ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئەگەر بىز بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان بولساق، ئىسلامنىڭ بۇ خىل جاھالەتپەرەسلىككە قارىتا مەيداننى بىر ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. يەنى، ئىسلام، بۇ خىل جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسلاملىقىنى ۋە قانۇنلۇقلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىدۇ.

ئىسلام بۇ خىلمۇ-خىل جەمئىيەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنى كۆز-كۆز قىلىپ ئېيتقان شۇئارلىرىنى، پىلاكاتلىرىنى (لوزۇنكىلىرىنى) ۋە ئىشىك بېشىغا ئېسىپ ئالتۇن بىلەن «ئىسلام» دەپ ھەل بېرىلگەن تاختايلىرىنى ياخشى كۆرمەيدۇ..... چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق بىر ماھىيەتكە ئىگە، يەنى بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى تۇرمۇشىنى چوقۇنۇش (ئىبادەت) پەقەت ئاللاھقا خاس دېگەن بۇ پرىنسىپ ئاساسىغا بەرپا قىلمايدۇ، شۇڭا، ئۇ باشقا بارلىق جەمئىيەتلەر بىلەن بىللە يولى باشقا، مەنزىلى بىر بولغان ھالدا جاھالەتپەرەسلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بۇ يەرگە كەلگەندە، بۇ بابتا مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان ئەڭ ئاخىرقى بىر مەسىلىگە يېقىنلاپ قالدۇق. ئۇ بولسىمۇ ئىسلامنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى، ئەتىدىكى، ھەتتا زاماننىڭ ئاخىرلىشىش دەۋرىگىچە بولغان بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىكى يېتەكچىلىك پرىنسىپى. بۇ يەردە، بىز مۇشۇ بابنىڭ بىرىنچى قىسمىدا مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئىشلاردا چوقۇنۇش (ئىبادەت)نىڭ ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپنى بەرپا قىلىشىمىزغا ياردىمى بولىدۇ.

بۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، تۆۋەندىكى

مەسىلىلەرگە كەسكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىدۇ:

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىشتا تايىنىدىغان پرىنسىپ نېمە؟ ئاللاھنىڭ دىنى ۋە ئاللاھ ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن كۆرسەتكەن پرىنسىپ بەرگەن يولىمۇ؟ ياكى ھەر قانداق بىر خىل ئىنسانىي رىئاللىقمۇ؟

ئىسلامنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا جاۋابى، ھەم ئىككىلىنىپ قەتئىي بىر قارارغا كېلەلمەسلىك ئەمەس، ھەم بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قېلىش بولماستىن، بەلكى، ئۇنىڭ جاۋابى ئىنتايىن كەسكىن بولۇپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشى تايىنىدىغان پرىنسىپ ئاللاھنىڭ دىنى ۋە ئاللاھ تۇرمۇش ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يول بولۇشى كېرەك. ***«بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى»*** دېگەن بۇ گۇۋاھلىق كەلىمىسى، ئىسلامنىڭ بىرىنچى تۈۋرۈكى بولۇپ، ئەگەر بۇ پرىنسىپ بەرپا قىلىنمىسا، ئۇنداقتا بۇ گۇۋاھلىق كەلىمىسى ھەم ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، ھەم ئەمىلىيلەشمەيدۇ، چوقۇنۇشنىڭ (ئىبادەتنىڭ) پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشى ھەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى تەرىپىدىن بۇ چوقۇنۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ پرىنسىپنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئېتىراپ قىلىپ، قىلچە ئارىسالدى بولماستىن ئۇزۇل-كېسىل ئىتائەت قىلمىغۇچە بۇ كەلىمە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا﴾

**«پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار. . . . .»** (سۈرە ھەشر 7 ـ ئايەت)

ئۇلاپلا ئىسلام مۇنداق سورايدۇ:

﴿ أَأَنتُمْ أَعْلَمُ أَمِ اللّهُ﴾

**«. . . . . سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر ياكى ئاللاھ ئوبدان بىلەمدۇ؟»** (سۈرە بەقەرە 140 ـ ئايەت)

جاۋابى:

﴿ وَاللّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ﴾

**«. . . . . ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر. . . . .»** (سۈرە بەقەرە 216 ـ ئايەت)

﴿ وَمَا أُوتِيتُم مِّن الْعِلْمِ إِلاَّ قَلِيلاً﴾

**«. . . . . سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن.»** (سۈرە بەنى ئىسرائىل 85 ـ ئايەت)

ھەممىنى بىلگۈچى، ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى بولغان زات، ئاندىن ھۆكۈمران بولالايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ دىنىلا تۇرمۇش يولىنى ئىدارە قىلىپ، تۇرمۇشتا تايىنىدىغان پرىنسىپ بولالايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ رېئال تۇرمۇشىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى ۋە تەشەببۇسىنىڭ ھەممىسى چېرىكلىك ۋە توغرا يولدىن چەتنەپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ خىل تۇرمۇش ئازغىنە بىلىمگە ئېرىشكەن ياكى پۈتۈنلەي ھەقىقىي بىلىمى بولمىغان يارالغۇچى بولغان ئىنسانلارنىڭ بىلىمى ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ!

ئاللاھنىڭ دىنى بولسا ئادىل، ئىسلامى تۇرمۇش يولى بولسا قىلچە مۇجمەل ئەمەس، ئۇ ئىمان كەلىمىسىنىڭ ئىككىنچى مۇھىم ئامىلى بولغان «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن كەلىمە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى يەتكۈزگەن بارلىق پرىنسىپ خاراكتېرلىك قۇرئان ئايەتلىرى دائىرىسىدە بەلگىلىنىدۇ. مەلۇم ئىشتا، ئەگەر ئايەتتە ئېنىق بەلگىلىمە بولسا، ئۇنداقتا، ئايەت ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈم ھېسابلىنىدۇ؛ ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ شەخسىي ئىجتىھادى قوبۇل قىلىنمايدۇ؛ ئەگەر ئايەتتە ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسا، ئاندىن مۇتەپەككۇرلار (مۇپەسسىر ئۆلىمالار)نىڭ ئىجتىھادى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىجتىھادى چوقۇم ئاللاھ بەلگىلىگەن ئىسلامى يولدا ئەسلىدە بار بولغان بارلىق پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىنىشى، ئۆزلىرىنىڭ خىيالى ۋە ياخشى كۆرگىنىنى ئاساس قىلماسلىقى كېرەك.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَإِن تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللّهِ وَالرَّسُولِ﴾

**«. . . . . ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار. . . . .»** (سۈرە نىسا 59 ـ ئايەت)

شەخسىي ئىجتىھاد ۋە ئومۇملۇقتىن جۇزئى خۇلاسە چىقىرىشتا ئەمەل قىلىنىدىغان بەلگىلىمە پرىنسىپلار ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان، كۆپچىلىككە تونۇشلۇق بولۇشى كېرەك. ئۇ ئوخشاشلا ئېنىق بولۇشى، مەزمۇنى مۇجمەل

بولماسلىقى كېرەك. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە قانۇن بەلگىلەپ ھەم ئۇنى، بۇ ئاللاھنىڭ قانۇنى، دەپ بىلجىرلىشىغا بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئەڭ ئالى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى، بارلىق ھوقۇقنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، «خەلق»نىڭ ياكى مەلۇم «پارتىيە»نىڭ ۋە ياكى ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ قولىدا ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلىمىغۇچە بولمايدۇ؛ ئاللاھنىڭ كىتابىغا قايتىش ۋە پەيغەمبەرنىڭ يولىدىن ئاللاھنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئالدىدا، شەخسىنىڭ ئىجتىھادى ۋە جۈزئى خۇلاسىسى ھېچ گەپ ئەمەس. شەخسىنىڭ ئىجتىھادى ۋە جۈزئى خۇلاسە چىقىرىدىغان بۇ خىل ھوقۇقۇقا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئۆزىنى ھوقۇقۇقا ئىگە دەۋالغان بارلىق كىشىلەر ئىگە ئەمەس. خۇددى ياۋروپادا مەلۇم بىر تارىخى دەۋردە روھانىيلار ھاكىمىيىتى ياكى دىنى ھاكىمىيەت سىياسىتى ئەۋج ئالغانغا ئوخشاش. لېكىن ئىسلامنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئاللاھنىڭ نامىدىن سۆزلىشىگە بولمايدۇ. پەقەت قۇرئان ئايەتلىرىلا ئاللاھنىڭ قانۇنىنىڭ ئۆلچىمى بولالايدۇ.

«دىن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك» دېگەن بۇ ئۇقۇم خاتا چۈشىنىلدى، ھەمدە خاتا ئىشلىتىلدى. توغرا، ئىسلام ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، لېكىن ئۇ قايسى خىل ئەمەلىيەتنى كۆرسىتىدۇ؟

ئۇ بولسا ئىسلام ئۆزى بەرپا قىلغان ئەمەلىيەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ يولىغا ئاساسەن، ئىنسانىيەتنىڭ تۇغما تەبىئىتى بىلەن تامامەن ماس كېلىدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولغان ئەمەلىيەت (رېئاللىق). بۇ ئېھتىياجلارنى ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھ بەلگىلىگەن.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾

**«( مەخلۇقاتنى ) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.»** ( سۈرە مۈلك 14 ـ ئايەت )

ئىسلام ئەمەلىيەت (رېئاللىق)قا يۈزلەنگەن ۋاقىتتا (قانداق رېئاللىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ھەرگىزمۇ ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنى بىر يۆلەنچۈك بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنىڭغا بىر قانۇنلۇق ھوقۇقنى بېرىپ، ئۇنىڭ

ئۇچۇن بىر ۋەقەسكا ئەكىلىپ ئىگىز ئېسىپ قويماستىن، بەلكى ئىسلامنى ئۆلچەم قىلىپ ئۆلچەپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىكنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئىنكار قىلىشقا تېگىشلىكنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇ رېئاللىقتىن قانائەت ھاسىل قىلمىسا، يېڭىدىن بىر رېئاللىق بەرپا قىلىپ، ئىسلامنىڭ رېئاللىقنى ئۇ ئۆزى بەرپا قىلغان رېئاللىق قىلىدۇ. مانا بۇ ئىسلامدىكى «دىن ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك» دېگەننىڭ ھەقىقىي مەنىسى بولۇپ، مانا بۇ ئىسلامنىڭ توغرا ئۇقۇمى! بۇ بەلكىم مۇنداق سوئالنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى مۇمكىن:

«ئەجىبا ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتىنى بەرپا قىلىشتا، ئۇلارنىڭ ئەمىلىيىتىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟»

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتە، بىز يەنە ئىسلام ئوتتۇرىغا قويغان سوئال ۋە ئۇنىڭ جاۋابىغا قايتىشىمىز زۆرۈر:

﴿ أَأَنتُمْ أَعْلَمُ أَمِ اللّهُ﴾

**«..... سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر ياكى ئاللاھ ئوبدان بىلەمدۇ؟.....»** (سۈرە بەقەرە **140** - ئايەت)

﴿ وَاللّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ﴾

**«..... ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.....»** (سۈرە بەقەرە **216** - ئايەت)

دەل ئاللاھ نازىل قىلغان، پەيغەمبىرىمىز يەتكۈزگەندەك، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى ئاللاھنىڭ قانۇن دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ. ناۋادا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بەخت-سائادىتى بىلەن ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ئۆزئارا زىددىيەتلىكتە ھېس قىلىپ قالسا، ئۇنداقتا، ئۇلار ئالدى بىلەن ئورۇنسىز غەم-خىياللار تەرىپىدىن ئازدۇرۇلغان بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا الظَّنَّ وَمَا تَهْوَى الْأَنفُسُ وَلَقَدْ جَاءهُم مِّن رَّبِّهِمُ الْهُدَى، أَمْ لِلْإِنسَانِ مَا تَمَنَّى، فَلِلَّهِ الْآخِرَةُ وَالْأُولَى﴾

**«..... ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن شەك-شۈبھىسىز ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان) كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە نەپسىلىرىنىڭ خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ.**

**ئىنسان نېمىنى ئارزۇ قىلسا شۇ بولامدۇ؟ ئاخىرەت ۋە دۇنيا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر ( يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ خاھىشى بويىچە بولىدۇ ) .»** ( سۈرە نەجىم 23 ـ 25 ئايەت )

ئىككىنچىدىن، ئۇلار كاپىرلاردۇر..... ھەر قانداق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاللاھنىڭ قانۇنى بىلەن زىت كېلىدىكەن، دەپ قارايمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ، بۇ دىنىنىڭ ئىچىدە بىر دەقىقىمۇ تۇرالمايدۇ، شۇنداقلا يەنە ئىسلام چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىمۇ بولالمايدۇ!

# كائىناتنىڭ بۈيۈك قانۇنى

ئىسلام چوقۇنۇش (ئىبادەت)نىڭ پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشىنى ئاساس قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە رېئال (ئەمىلي) تۇرمۇشىدا ئېتىقادىنىڭ بىناسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ، ھەمدە بۇ خىل چوقۇنۇشنى كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد، دىنى ئەمەللەر ۋە قانۇن قاتارلىق ھەممە تەرەپلىرىدە نامايان قىلىدۇ. ئىسلام پەقەت بۇ خىل چوقۇنۇش، بۇ خىل شەكىلنى ئاساس قىلىپ، پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا بولغان ۋاقىتتا، ئاندىن «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمىنىڭ ئەمىلي مەنىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولىدۇ، بۇ خىل چوقۇنۇشنىڭ ئۇسۇلىنى پەقەت ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئارقىلىق قوبۇل قىلغان ۋاقىتتا، ئاندىن «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن كەلىمىنىڭ ئەمىلي مەزمۇنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولىدۇ.

ئىسلام بۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل بىناسىنى بەرپا قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن بۇ كەلىمىنى ئىسلامى تۇرمۇش يولىنىڭ نامايەندىسى قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ قىياپىتىنى سۈرەتلەپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئىسلام بۇ خىل ئۆزگىچە شەكىلدىكى ئېتىقاد بىناسىنى بەرپا قىلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان بارلىق تۈزۈملەردىن پەرقلىنىدىغان تۈزۈمى بولىدۇ. بۇ نۇقتا، ئىسلامى دۇنيا قاراشتىكى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پرىنسىپقا تەۋە بولۇپ، ئۇ پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پۈتكۈل كائىناتنىڭ

مەۋجۇتلۇقنى چۈشەندۈردۇ؛ بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش يولىلا ئەمەس، بەلكى يەنە پۈتكۈل كائىناتقا مەنسۇپ بولغان بىر يول.

ئىسلامى دۇنيا قاراشىنىڭ ئاساسى بولسا: پۈتكۈل كائىنات ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتى بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئۇنى يارىتىشنى ئىرادە قىلىشى بىلەن ئۇ يارىتىلغان، ھەمدە ئاللاھ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر خىل تەركىبلەر ئۈچۈن ماس ھالدىكى ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرغان، يەنى كائىناتنىڭ ماكرو ۋە مىكرو جەھەتلەردىكى ھەرىكەتلىرىگە رېتىملىق تەرتىپ بەلگىلىگەن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّمَا قَوْلُنَا لِشَيْءٍ إِذَا أَرَدْنَاهُ أَن نَّقُولَ لَهُ كُن فَيَكُونُ﴾

**«بىز بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دەيمىز ـ دە ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.»** (سۈرە نەھل 40 ـ ئايەت)

﴿ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا﴾

**«..... ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى (مۇكەممەل قانۇن بەلگىلىدى).»** (سۈرە فۇرقان 2 ـ ئايەت)

كائىناتنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ بىر ئارقا كۆرۈنىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا، بىر كۈچ ئۇنى باشقۇرۇپ (كونترول) قىلىپ تۇرىدۇ. بىر خىل قانۇن ئۇنى ھەركەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. بىر خىل قانۇن ئۇنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. بۇ خىل قانۇن كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى ئوتتۇرىسىدا ماسلاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ، ئۇلارنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى تەشكىللەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار توقۇنۇشۇپ قالمايدۇ، قالايمىقان بولۇپ كەتمەيدۇ، زىددىيەت كېلىپ چىقمايدۇ، ھەرىكىتىدىن تۇيۇقسىز «چاتاق» چىقمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك، تەرتىپلىك ھەرىكىتىنىڭ توختىشى ـ ئاللاھ ئىرادە قىلغان ئەڭ ئاخىرقى مۇددەتكىچە بولىدۇ. خۇددى پۈتكۈل كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنى باشقۇرۇۋاتقان ئاشۇ كۈچكە، ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان قانۇنىيەتكە، ئۇنى تەڭشەپ تۇرۇۋاتقان قانۇنىيەتكە بويسۇنغىنىغا ئوخشاش، كائىناتتا ھەر قانداق بىر دەقىقىدە بۇ كۈچكە قارشىلىق قىلىش، بۇ قانۇنىيەتنى ئىنكار قىلىش، بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىش بولۇپ باقمىغان، ئۇ ئىزچىل

تۇردە تەرتىپلىك ھالدا ئۆز ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئاللاھ ئىرادە قىلمايدىكەن، ئۇ گۇمران بولمايدۇ، چاتىقى چىقمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ رَبَّكُمُ اللّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ يُغْشِي اللَّيْلَ النَّهَارَ يَطْلُبُهُ حَثِيثًا وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ وَالنُّجُومَ مُسَخَّرَاتٍ بِأَمْرِهِ أَلاَ لَهُ الْخَلْقُ وَالأَمْرُ تَبَارَكَ اللّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ﴾

**«شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە ياراتتى)، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، ئاللاھ كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)؛ ئاللاھ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر.»** (سۈرە ئەئراف 54 ـ ئايەت)

ئىنسان كائىناتنىڭ بىر ئەزاسى، ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتىنى باشقۇرۇۋاتقان قانۇنىيەت، پۈتكۈل كائىناتنى باشقۇرۇۋاتقان قانۇنىيەت بىلەن ھەرگىزمۇ قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئەمەس. ئاللاھ كائىناتنى ياراتقاندەك، ئىنساننىمۇ ياراتتى، ئىنساننىڭ ماددى قۇرۇلمىسى تۇپراقتىن ئېلىنغان، ئاللاھ بۇ تۇپراق (لاي)غا تۇپراقنىڭ ماھىيىتىدە ئەسلىدە بولمىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى ئاتا قىلىپ، ھاياتلىققا ئىگە ئىنساننى ياراتتى، ئۇنىڭ تەمىناتى ئاللاھنىڭ ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق پۈتۈلگەن. ئىنساننىڭ تەن قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاللاھ بەلگىلىگەن تەبىئى قانۇنىيەتكە ئۇ خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، بويسۇنۇشى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىرادىسى بىلەن (ئەلۋەتتە ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلۇشى كېرەك، لېكىن ئۇ ئىككىسى بۇۋاققا ھاياتلىق بەخش ئېتەلمەيدۇ)، ئۇنىڭغا ھاياتلىق بېرىپ، ساغلاملىق ئاتا قىلىنمايدۇ، قانۇنىيەت بويىچە، ئاللاھ بەلگىلىگەن ھامىلىدارلىق مەزگىلى ۋە تۇغۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ، ئاللاھ بەلگىلىك نىسبەتتە ياراتقان ھاۋادىن نەپەسلىنىدۇ، نەپەسلىنىش قېتىم سانى ۋە ئۇسۇلىنى ئاللاھ

بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ سېزىمى، ئاغرىقى، ئاچلىقى، ئۇسسۇزلۇقى، يېيىشى، ئىچىشى، يېمەكلىكلەرنى ھەزىم قىلىشى..... بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھايات ياشىيالىشى، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىختىيارىچە تاللىشى بىلەن بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇنىيەت بويىچە بولىدۇ. بۇ جەھەتتە، ئۇ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق جانلىق ۋە جانسىزلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى، بەلگىلىمىسى ۋە قانۇنىيىتىگە شەرتسىز بويسۇنىدۇ.

كائىناتنى ياراتقان، ئىنساننىمۇ ياراتقان، ھەمدە ئىنسانىيەتنى كائىنات ئۇچۇن بەلگىلىگەن بارلىق قانۇنىيەتلەرگە بويسۇندۇرغان ئاللاھ پاكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. دەل شۇ زات، ئىنسانىيەت ئۇچۇن بۈيۈك ئىسلامى قانۇن تۈزۈپ بېرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئىختىيارى تاللايدىغان ئاشۇ قىسمىنى ئىسلامى قانۇن ئارقىلىق تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىنى بىردەكلىككە ئىگە قىلىپ، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ ئاساستىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلامى قانۇن، پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ تۇغما تەبىئىتى ۋە پۈتكۈل كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىلاھى قانۇن بولۇپ، بىردەك ماسلاشقان ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان غايەت چوڭ سىستېمىغا پەرۋەردىگار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئومۇمى قانۇننىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھنىڭ ھەر بىر جۈملە سۆزى، ھەر بىر بۇيرۇقى، ھەر بىر چەكلىمىسى، ھەر بىر ۋەدىسى، ھەر بىر ئاگاھلاندۇرۇشى، ھەر بىر قانۇنى، ھەر بىر كۆرسەتمىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كائىناتنىڭ ئومۇمى قانۇننىڭ تەركىبى قىسمىدۇر.

بىز كۆرۈۋاتقان ھەر بىر دەقىقىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار، ئاللاھ بەلگىلىگەن مەڭگۈلۈك ھەقىقەتكە ئاساسەن ئەمەلىيلىشىۋاتقان ئاللاھنىڭ تەقدىرى بولۇپ، تەبىئي قانۇنىيەت، يەنە ئاللاھ بەلگىلىگەن بارلىق كائىنات قانۇنىيىتىنىڭ ئىنتايىن توغرىلىقى ۋە ھەقىقىيلىكى دەپ ئاتىغىنىمىزغا ئوخشاش، بۇ تەركىبى قىسىملارمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن توغرا، ھەم ھەقىقي.

ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىنى قۇرۇپ چىقىشى ئۇچۇن تۈزۈپ بەرگەن بۈيۈك ئىسلام قانۇنى، بۇ مەنادىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پۈتكۈل كائىناتنىڭ قانۇنى ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ كائىناتنىڭ ئومۇمى قانۇنىيىتى بىلەن ئۆزئارا

قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئىسلام قانۇنىغا ئەمەل قىلىش، ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كائىنات ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقنى ئەمەلىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ بىر زۆرۈرىيەتتىن كېلىپ چىققان. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تەبىئى قانۇنىيىتىنى ئىدارە قىلىش ۋە ئىنساننىڭ تاشقى پائالىيەتلىرىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىدارە قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ بىر زۆرۈرىيەتتىن كەلگەن، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى بىلەن سىرتقى ئىپادىسىنىڭ ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت زۆرۈرىيەتتىن كەلگەن.

ئىنسانىيەت بارلىق كائىنات قانۇنىيىتىنى ئىگەللىيەلمىگەنلىكى، ھەم كائىنات ئومۇمى قانۇنىيىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنىڭ تولۇق بىلەلمىگەنلىكى، ھەتتا ئۇلار ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتىنى ئىدارە قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى شۇ ئىنسانئۆيلىك قانۇنىيىتىگە بويسۇندۇرۇشقا قارىتا، ئۇلارنىڭ ياقتۇرۇش-ياقتۇرماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ھېچقانداق مۇكەممەل تونۇشقا ئىگە بولالمىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت تۇرمۇشى ۋە كائىناتنىڭ ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇتلەق ماسلىقنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان، ھەتتا ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس تۇغما تەبىئىتى ۋە تاشقى پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان بىر خىل تۈزۈم تۈزۈپ چىقالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىل يۈكسەك ئىمتىيازغا ئىگە بولالايدىغىنى، پەقەتلا كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى، كائىنات ۋە ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇغۇچى- ئاللاھدۇر. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بىر تۈتاش قانۇنىيەتنى تاللىغان.

شۇڭا، بۇ خىل ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇنغا بويسۇنۇش بىر تۈرلۈك مۇقەررەر بۇرچقا ئايلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئىسلامنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېتىقاد ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان بىر تۈرلۈك بۇرچتىن ئىبارەت. چوقۇنۇش (ئىبادەت) پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا بولمىغۇچە، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئارقىلىق بۇ خىل چوقۇنۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلمىغۇچە، ئىسلامنىڭ بىرىنچى تۈۋرۈكى بولغان- «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن بۇ كەلىمىنىڭ ھەقىقي مەنىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ، شۇنداقلا يەنە شەخسي

تۇرمۇش ياكى كوللېكتىپ تۇرمۇش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىسلام مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئىنسانىيەت تۇرمۇشى ۋە كائىنات قانۇنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇتلەق ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەنپەئەتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولسا ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ چۇشكۈنلۈككە دۇچار بولۇشىدىن ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. پەقەت مۇشۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئىنسان ئۆزى بىلەن تېنچلىقتا بىرگە تۇرالايدۇ، كائىنات بىلەن تېنچلىقتا بىللە تۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش ھەرىكىتى بىلەن كائىنات ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقتا ئەگىشىپ، ئورتاق بىر نىشانغا ئىنتىلىش نەتىجىسىدە تەبىئىي ھالدا بارلىققا كېلىدۇ، ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن تېنچلىقتا بىللە تۇرۇشىغا كەلسەك، ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ساغلام تۇغما تەبىئىتى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەگىشىپ بارلىققا كېلىدۇ، ئىنسان ئۆزىنىڭ تۇغما تەبىئىتى بىلەن قايتا يەنە جەڭگاھ قۇرۇپ ئۆزئارا قىرغىن قىلىشمايدۇ. چۈنكى ئىسلامنىڭ بۈيۈك ئىلاھى قانۇنى ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس تۇغما تەبىئىتى بىلەن سىرتقى پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىنىچ ھەم خاتىرجەملىكنى ماسلاشتۇرىدۇ. بۇ بىر ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋىتىدە بىر ئۇيغۇنلاشتۇرۇش (ماسلاشتۇرۇش) ماكانى بەرپا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىرلىككە كەلگەن بىر يولغا ئورتاق قەدەم تاشلايدۇ. ئۇ يول بولسا دەل كائىناتنىڭ ئومۇمى قانۇنىيىتى ئىچىدىكى بىر تەركىۋى قىسمىدىن ئىبارەت.

بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ توغرا يولغا ئەمەل قىلىشى تۈپەيلىدىن، ئۇلار تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا چۈشىنىۋېلىپ، ئۇنىڭدا كۆمۈلۈپ ياتقان ھەر خىل ئېنېرگىيە مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەر قايسى بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردىكى بايلىقلارنى قېزىپ چىقىپ، ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئىسلام قانۇنى بويىچە، ھەم زىددىيەتلەشتۈرمەي ۋە توقۇنۇشتۇرمىغان ھالدا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەرنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

ئاللاھنىڭ قانۇنى بىلەن قارىمۇ-قارشى بولغىنى، ئىنساننىڭ نەپسى-

خاھىشى بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَوِ اتَّبَعَ الْحَقُّ أَهْوَاءهُمْ لَفَسَدَتِ السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ﴾

**«ئەگەر ھەقىقەت ( يەنى قۇرئان ) ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇندۇرۇلغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراب بولغان بولاتتى......»** (سۈرە مۇئمىنۇن 71 - ئايەت)

شۇڭا، ئىسلامى دۇنيا قاراش بۇ دىننى بەرپا قىلىدىغان ھەقىقەتنى ۋە ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى مەخلۇقاتلارنى بەرپا قىلىدىغان ھەقىقەتنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇنىڭغا تايىنىپ، بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادىكى بارلىق مەسىلىلەر ئۆز لايىقىدا ھەل قىلىنىشقا ئېرىشتى. ئاللاھ ھەممىنى مۇشۇ ئۆلچەم ئارقىلىق ئۆلچەپ، ئىتائەت قىلغانلارنى مۇكاپاتلاپ، ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالايدۇ. مانا بۇ بىردىن-بىر ھەقىقەت، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ھەقىقەت يوق. ئۇ ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى بارلىق ئىشلار ئۇچۇن تۈزۈپ بەرگەن ئومۇمى قانۇنىيىتى. كائىناتتىكى ھەممە ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، جانسىزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَقَدْ أَنزَلْنَا إِلَيْكُمْ كِتَابًا فِيهِ ذِكْرُكُمْ أَفَلَا تَعْقِلُونَ* وَكَمْ قَصَمْنَا مِن قَرْيَةٍ كَانَتْ ظَالِمَةً وَأَنشَأْنَا بَعْدَهَا قَوْمًا آخَرِينَ، فَلَمَّا أَحَسُّوا بَأْسَنَا إِذَا هُم مِّنْهَا يَرْكُضُونَ، لَا تَرْكُضُوا وَارْجِعُوا إِلَى مَا أُتْرِفْتُمْ فِيهِ وَمَسَاكِنِكُمْ لَعَلَّكُمْ تُسْأَلُونَ* قَالُوا يَا وَيْلَنَا إِنَّا كُنَّا ظَالِمِينَ*فَمَا زَالَت تِّلْكَ دَعْوَاهُمْ حَتَّى جَعَلْنَاهُمْ حَصِيدًا خَامِدِينَ* وَمَا خَلَقْنَا السَّمَاء وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا لَاعِبِينَ، لَوْ أَرَدْنَا أَن نَّتَّخِذَ لَهْوًا لَّاتَّخَذْنَاهُ*مِن لَّدُنَّا إِن كُنَّا فَاعِلِينَ، بَلْ نَقْذِفُ بِالْحَقِّ عَلَى الْبَاطِلِ فَيَدْمَغُهُ فَإِذَا هُوَ زَاهِقٌ وَلَكُمُ الْوَيْلُ مِمَّا تَصِفُونَ* وَلَهُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَنْ عِندَهُ لَا يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِهِ وَلَا يَسْتَحْسِرُونَ*

﴿يُسَبِّحُونَ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ لَا يَفْتُرُونَ﴾

**«سلەرنىڭ شان ـ شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) سلەرگە ھەقىقەتەن نازىل قىلىپ بەردۇق. (بۇنى) چۈشەنمەمسلەر؟ بىز (ئاھالىسى) كۇففار بولغان نۇرغۇن شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق. ئۇلاردىن كېيىن (ئورنىغا) باشقا قەۋمنى پەيدا قىلدۇق. ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ (كەلگەنلىكىنى) ھېس قىلغان چاغدا ئۇشتۇمتۇت قاچىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇلارغا مەسخىرە قىلىپ ئېيتتى) «قاچماڭلار، باياشات تۇرمۇشۇڭلار، تۇرالغۇ جايلىرىڭلارغا قايتىڭلار، سلەردىن (مۇھىم ئىشلاردا مەسلىھەت) سورىلىشى مۇمكىن»، ئۇلار: «ۋاي ئىست! ھەقىقەتەن بىز زالىم بولۇپتۇق» دېيىشتى. ئۇلارنى ئورۇلغان زىرائەتتەك ھالاك قىلىپ، جانلىرىنى ئالغىنىمىزغا قەدەر، ئۇلار يۇقىرىقى پەريادنى تەكرارلاپ تۇردى. بىز ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويناپ ياراتقىنىمىز يوق (يەنى ئۇلارنى بىكار ياراتماستىن، قۇدرىتىمىزنىڭ ئالامەتلىرى سۈپىتىدە ياراتتۇق). ئەگەر بىز ئىچ پۇشۇقى قىلماقچى بولساق، قېشىمىزدىكى نەرسىلەر بىلەن قىلاتتۇق، ئەگەر (شۇنى) ئىرادە قىلغان بولساق (لېكىن بۇ ئۇلۇغ زاتىمىزغا مۇھال بولغانلىقتىن ئۇنداق قىلىشنى ئىرادە قىلمىدۇق). بىز ھەق ئارقىلىق باتىلغا ھۇجۇم قىلىمىز، ھەق باتىلنى يىقىتىدۇ، باتىل ناگاھان يوقىلىدۇ، (ئى كۇففارلار جامائەسى! ئاللاھنى بالىسى بار، خوتۇنى بار دەپ) سۈپەتلىگەن سۆزۈڭلاردىن سلەرگە ۋاي! ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتمايدۇ ۋە ھېرىپمۇ قالمايدۇ. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ.»** (سۈرە ئەنبىيا 10 ـ 20 ئايەت)

ئىنسان تەبىئىتى ئۆز قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن بۇ ھەقىقەتلەرنى تامامەن تونۇپ يېتىدۇ. ئادەم تېنىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى ۋە كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتىگە: بۇ كائىناتنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە مەۋجۇت بولغانلىقىنى، ھەقىقەتنىڭ ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيىتى ئىكەنلىكىنى ئىلھام قىلىدۇ. بۇ نۇقتا قانۇنىيەت ئىچىدىن دەلىللەشكە ئېرىشىدۇ، چۈنكى كائىنات تەرتىپسىز ئەمەس، ئۇنىڭ ھەرىكەت ئوربىتىسى قالايمىقان ئەمەس، ھەمدە ئۆزئارا توقۇنۇشمۇ ئەمەس، شۇنداقلا يەنە تاسادىپىي ماس كېلىپ قالغان ۋە تويلىشىپ قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسىمۇ ئەمەس. تۇراقسىز ئارزۇ، شاللاق ھەۋەسكە ئەگىشىپ ئۆزگىرىش تېخىمۇ ئەمەس! ئەمىلىيەتتە، ئۇ ئاللىقاچان بېكىتىلگەن مۇكەممەل ھەم نازۇك تۈزۈمگە

بويسۇنىدۇ! شۇڭا، ئىنسان نەپسى-خاھىشىنىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئاجايىپ ھەقىقەتتىن ئايرىلغان ۋاقتىدا، ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ تۇغما تەبىئىتى ئوتتۇرىسىدا يەكلەش باشلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ نەپسى-خاھىشىغا بويسۇنۇپ، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ئىسلام قانۇنى چۆرۈۋېتىپ، ئۆزلىرى تۈزگەن تۇرمۇش قانۇنىغا بويسۇنىدۇ؛ يۇۋاشلىق بىلەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان كائىناتقا ئوخشاش، ئاللاھقا باش ئېگىپ ئىتائەت قىلمايدۇ!

بۇ خىل يەكلەش، خۇددى ئىنسان ۋە كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەنگە ئوخشاش، شەخسىمۇ، كوللېكتىپ، مىللەت، ئەجدادلار ۋە ئەۋلادلار ئارىسىدىمۇ يۈز بېرىدۇ. تۈيۈقسىزدىنلا، ئىنسانلارنىڭ ئىقتىدارى، مال-مۈلكى ۋە بايلىق مەنبەئى بىردىنلا دۇنيانى ۋەيران قىلىپ، ئازاب-ئوقۇبەت ئېلىپ كېلىدىغان قۇرالغا ئايلىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى قۇرۇش، بەخت-سائادەتكە ئىنتىلىش ۋاستىسى بولالمايدۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە، يەر شارىدا ئاللاھنىڭ ئىسلام قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتىكى ئېنىق نىشانىنىڭ پەقەت ئۇ دۇنيا ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىش ئەمەسلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدۇق. بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا بولسا ئۆزئارا بىر-بىرىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ئىككى باسقۇچ بولۇپ، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ بۇ ئىككى باسقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانلار تۇرمۇشىنى ئاللاھ بەلگىلىگەن كائىناتنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلىدۇ.

قانۇنىيەت بىلەن ماسلىشىش ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتىنى ئۇ دۇنياغا كېچىكتۈرمەستىن، بىرىنچى باسقۇچتىلا رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، ئەمىللەشتۈرىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بەخت-سائادىتىنى ئۇ دۇنيادا مۇكەممەل چەككە يەتكۈزىدۇ.

مانا بۇ ئىسلامنىڭ كائىنات قارىشىنىڭ ئاساسى نۇقتىسى. شۇنداقلا يەنە ئىسلامنىڭ بۇ پايانسىز كائىناتتا ياشاۋاتقان ئىنسانغا قارىتا قارىشى. بۇ خىل قاراشنىڭ ئىنسانلار تونۇغان باشقا ھەر خىل دەھرىيلىك (دىندىن خالىي) قاراشلار بىلەن ماھىيەتلىك پەرقى بار. شۇڭلاشقا، ئۇ باشقا ھەر خىل تۈزۈم ۋە نەزەرىيىلەردىكى ھەر قانداق دۇنيا قاراشلار ئىگە بولمىغان نۇرغۇنلىغان ئىلاھى بۇرچ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

ئىسلام قانۇنىدىن ئىبارەت بۇ ئىلاھى بۇرچنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بۇ دۇنيا

قاراشتا، ئىنسانلار تۇرمۇشى بىلەن كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى، بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىنسانلارنىڭ تۇغما تەبىئىتىدىكى قانۇنىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن كائىناتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە كائىناتنىڭ ئومۇمى قانۇنىيىتى بىلەن ئىنسانلار تۇرمۇشىنى تەرتىپكە سالىدىغان قانۇن ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر ئېھتىياجى. شۇنداق قىلىپ، ئىسلام قانۇنىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ چوقۇنۇشى (ئىبادىتى)نىڭ پەقەت ئاللاھقىلا خاس بولۇشى ئەمەلگە ئاشىدۇ، چۈنكى ھەر قانداق بىر ئادەم ئاللاھقا چوقۇنۇشتا، ئىتائەت قىلىشتا ئاللاھنىڭ كائىناتىغا چوقۇنۇشى كېرەك، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى كېرەك، دەپ تەلۋىلەرچە بىلجىرلىمايدۇ!

ئىسلامى ئۈممەتنىڭ پېشۋاسى بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆزىنى زېمىندا ئىنسانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە دەپ ئاتىۋالغان زالىم پادىشاھ. نەمرۇد ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان دىئالوگ (سۆزلىشىش) بۇ خىل ماسلىقنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ئۆزىنى يولسىزلىق بىلەن كائىناتتىكى ئاسمان جىسىملىرى ۋە يۇلتۇزلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە دەپ ئاتىۋالغان زالىم پادىشاھقا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: پەقەت كائىناتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولغان بىردىنبىر ئىلاھنىڭلا ئىنسانلار تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا مات بولۇپ گەپ قىلالماي قالدى. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِي حَآجَّ إِبْرَاهِيمَ فِي رِبِّهِ أَنْ آتَاهُ اللّهُ الْمُلْكَ إِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّيَ الَّذِي يُحْيِي وَيُمِيتُ قَالَ أَنَا أُحْيِي وَأُمِيتُ قَالَ إِبْرَاهِيمُ فَإِنَّ اللّهَ يَأْتِي بِالشَّمْسِ مِنَ الْمَشْرِقِ فَأْتِ بِهَا مِنَ الْمَغْرِبِ فَبُهِتَ الَّذِي كَفَرَ وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾

**«پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىششكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد)نى**

**كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى زاماندا ئىبراھىم ( ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ ) : «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ( ئۆلۈكنى ) تىرىلدۈرەلەيدۇ، ( تىرىكنى ) ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېدى. ئۇ: «مەنمۇ ( ئۆلۈكنى ) تىرىلدۈرەلەيمەن، ( تىرىكنى ) ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى ( نەمرۇد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ بىرنى ئۆلتۈردى، بىرنى قويۇپ بەردى ) . ئىبراھىم ( نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ ) : «ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، ( خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن» دېدى. ( بۇنداق پاكىت ئالدىدا ) كاپىر ئىبغىز ئاچالماي قالدى. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.»** ( سۈرە بەقەرە **258 - ئايەت** )

بۇنداق پولاتتەك پاكىت ئالدىدا، زالىم پادىشاھ مىت قىلالماي قالدى!

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَفَغَيْرَ دِينِ اللَّهِ يَبْغُونَ وَلَهُ أَسْلَمَ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَإِلَيْهِ يُرْجَعُونَ﴾

**«ئۇلار ( يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ) ئاللاھنىڭ دىنىدىن ( يەنى ئىسلام دىنىدىن ) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھقا بويسۇنغان تۇرسا، ئۇلار ( قىيامەت كۈنى ) ئاللاھ تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ.»** ( سۈرە ئال ئىمران **83 - ئايەت** )

ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەقىقەتنى ئېنىق بايان قىلىپ بەردى!

## ئىسلام - دەل مەدەنىيەت

ئىسلام پەقەت ئىسلامى جەمئىيەت ۋە جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل جەمئىيەتنىلا تونۇيدۇ.

ئىسلامى جەمئىيەت بولسا، ئېتىقاد، ئەمەل - ئىبادەتلەر، قانۇن، تۈزۈم، ئەخلاق ۋە مىجەز - خۇلىق قاتارلىق جەھەتلەردىن ئىسلامنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان جەمئىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيتى بولسا - ئىسلامنى ئەمەلىيلەشتۈرمەيدىغان جەمئىيەت بولۇپ، ئىسلامى ئېتىقاد، دۇنيا قاراش، قىممەت قارىشى، ئىسلامى ئۆلچەم، قانۇن، تۈزۈم، ئەخلاق ۋە مىجەز - خۇلق قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆزلىرى

ھايات كەچۈرۈۋاتقان جەمئىيەتنى ئىدارە قىلمايدۇ.

ئىسلامى جەمئىيەت ھەرگىزمۇ ئۆزىنى «مۇسۇلمان» ئاتىۋېلىپ، ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتىدىغان، ھەج قىلىدىغان، ئەمما ئىسلام قانۇنىنى ئاساسى قانۇن قىلمايدىغان بىر توپ كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان جەمئىيەت ئەمەس. ئىسلامى جەمئىيەت يەنە كىشىلەر ئۆزلىرى ئىجاد قىلىپ «ئىسلامى جەمئىيەت» دەپ چىرايلىق نامنى قويۇۋېلىپ، «ئىسلامغا تەدرىجى تەرەققى قىلىدىغان» جەمئىيەتمۇ ئەمەس. ھالبۇكى، بۇ مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ ئېتىراپ قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بايان قىلغان ھەقىقىي ئىسلام ئەمەس.

جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيىتىنىڭ ئىپادىسى خىلمۇ-خىل، لېكىن ئۇلارنىڭ ماھىيىتى ھەممىسى جاھالەتپەرەسلىك:

بەزى ۋاقىتتا، ئۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ئارقىلىق تارىخنى تەھلىل قىلىپ، ئاتالمىش «ئىلمىي سوتسىيالىزم» تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش شەكلىدىكى جەمئىيەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

بەزى ۋاقىتتا، ئۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلمايدۇ، لېكىن ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى باشقىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ھۆكۈمرانلىق ئىمتىيازىنى تارتىۋالىدىغان جەمئىيەتتە ئىپادىلىنىدۇ. تۇرمۇش تۈزۈمىدە ئاللاھنىڭ ئىلاھى قانۇنىنى ئەمەلىيلەشتۈرمەيدۇ، شۇنداقلا يەنە ئاللاھ بەلگىلىگەن قىممەت قارىشىنى تۇرمۇشنىڭ مەڭگۈلۈك نىزامى قىلمايدۇ. بۇ خىل جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ بۇتخانىلاردا، چېركاۋلاردا، مەسجىدلەردە ئىبادەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. لېكىن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئىسلام قانۇنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىنى قەتئىي چەكلەيدۇ. شۇڭا، بۇ خىل جەمئىيەت ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ئىلاھلىقىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ ياكى بىكار قىلغان بولىدۇ، ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَهُوَ الَّذِي فِي السَّمَاءِ إِلَهٌ وَفِي الْأَرْضِ إِلَهٌ﴾

**«ئاللاھ ئاسماندىمۇ ئىلاھتۇر، زېمىندىمۇ ئىلاھتۇر. . . »** (سۈرە زۇخرۇف 84 ـ ئايەت)

شۇڭا، بۇ خىل جەمئىيەت ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلغان ئاللاھنىڭ دىنى دائىرىسىگە تەۋە ئەمەس. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنِ الْحُكْمُ إِلاَّ لِلّهِ أَمَرَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ﴾

**«. . . . . بارچە هۆكۈم پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان بۇ توغرا دىندۇر. . . .»** (سۈرە يۈسۈف 40 ـ ئايەت)

دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇ خىل جەمئىيەتلەر گەرچە ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، كىشىلەرنىڭ بۇتخانىلاردا، چېركاۋلاردا، مەسجىدلەردە ئىبادەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىسىمۇ، يەنىلا جاھىلىيەت جەمئىيىتىگە مەنسۇپ.

ئىسلامى جەمئىيەت ـ ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن بىردىنبىر مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. باشقا ھەر خىل رەڭگارەڭ جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قالاق مەدەنىيەتسىز جەمئىيەتلەردۇر. بۇ بىر زور ھەقىقەتنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم.

بىر قېتىم مەن مەتبۇئاتتىكى كىتاۋىمغا «مەدەنىيەتلىك ئىسلامى جەمىيەتكە يۈرۈش قىلايلى» دەپ نام قويدۇم. كېيىن، مەن يەنە كىتاۋىمنىڭ نامىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئۆزگەرتىپ، «مەدەنىيەت» دېگەن سۆزنى ئېلىۋېتىپ، پەقەت «ئىسلامى جەمئىيەتكە يۈرۈش قىلايلى» دەپ نام قويۇپ، خۇددى ئۇنىڭ تېمىسىدەكلا قانائەت ھاسىل قىلدىم.

كىتاۋىمنىڭ نامىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى فرانسۇز تىلىدا ماقالە يازىدىغان بىر ئالجىرىيىلىك يازغۇچىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ مېنىڭ مۇنداق قىلىشىمنى «ئىسلامنى مۇھاپىزەت قىلىش يۈشۈرۈن پسىخىكىنىڭ تەسىرى»دىن كېلىپ چىققان دەپ تەھلىل قىلغان. ئۇ يازغۇچى بۇنىڭدىن ناھايىتى ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ھەمدە بۇ خىل ئاڭسىز رەۋىشتىكى پسىخىك تەسىرنى مېنىڭ رىئاللىقا يۈزلىنىشىمگە توسالغۇ بولىدىغان «مەسىلە» دەپ قارىغان.

مەن بۇ يازغۇچىدىن كەچۈرۈم سورايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئىلگىرى مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ تېما ھەققىدىكى كىتاۋىمنى ئەمدىلا يازماقچى بولۇۋاتقان ۋاقتىمدا، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلاتتىم. ئەينى ۋاقىتتا، مەندىكى قىيىنچىلىق ـ خۇددى دۇچ كەلگىنىمدەكلا، مەدەنىيەتنىڭ تەبىرىنىڭ نېمىلىكى ئىدى.

ئۆز ۋاقتىدا مەن تېخى روھىيىتىمدىكى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلۇمدىكى «مەدەنىيەتنىڭ داشقاللىرىنىڭ» بېسىمىدىن قۇتۇلالمىغان ئىدىم. بۇ ئەخلەت ـ

داشــقاللارنىڭ مەنبئــى ســرتتىن كەلــگەن بولــۇپ، بــۇلار مىنىــڭ ئــىسلامى ئىچىمغا نىسبەتەن يات نەرسىلەر ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا، مىنىڭ ئىسلامغا مايىللىقىم ناھايىتى ئىنىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەخلەت-داشقاللار يەنىلا مىنىڭ كۆزلىرىمنى تۇسۇۋېلىپ، مىنىڭ دۇنيا قارىشىمدا بىر قەۋەت تۇمان پەيدا قىلغان ئىدى. غەرب ئىدىيىسىنىڭ مەدەنىيەتكە قارىتا ئۇقۇمى كۆزلىرىمنى تورلاشتۇرۇپ، قىممەت قارىشىمنى توسۇۋېلىپ، مىنىڭ ئىسلامنى ساپ ھەم ئىنىق تونۇشۇمغا تۇسالغۇ بولغان ئىدى.

كېيىن، مەسىلە ئايدىڭلاشتى. ئىسلامى جەمئىيەتلا مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت، ئۇنداقتا «مەدەنىيەت» دېگەن سۆزنى قوشۇش بىھۇدە ئىش بولۇپ، قۇرۇق گەپ قىلغاندەك بىر ئىش بولىدۇ، ئۇ ھېچقانداق يېڭى مەزمۇن قوشالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىچىگە خۇددى مىنىڭ دۇنيا قارىشىمغا ئېلىپ كەلگەندەك ئاشۇنداق بىر قەۋەت تۇمان ئېلىپ كىلىپ، شەيئىلەرنى ساپ ھەم ئىنىق تونۇشقا سىرتتىن كەلگەن غەرب تۇسى ئارقىلىق توسالغۇ بولىدۇ!

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىختىلاپ دەل مەدەنىيەتنىڭ تەبىرىدە بولۇپ، بۇ بىر زور ھەقىقەت چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇلۇشى كېرەك.

جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئىسلامى قانۇن ئارقىلىق نامايان بولغان، ھەمدە ئاللاھ ئۈچۈنلا بولغان ۋاقىتتا، ئاندىن ئىنسانىيەت ئادەمنىڭ ئادەمگە بولغان قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي ئازاتلىققا ئېرىشىپ، ئەركىنلىكنىڭ بىردىنبىر ئىجتىمائىي ئەندىزىسىگە ئىگە بولالايدۇ. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندا، ئۇ ئاندىن «ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيىتى» بولالايدۇ. چۈنكى ھەقىقىي ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر ئاساسى پرىنسىپ-ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي ھەم ئومۇمىيۈزلۈك ئەركىنلىكى ۋە ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ مۇتلەق قەدىر-قىممىتىدىن ئىبارەت. ئەمىلىيەتتە، بىر جەمئىيەتتە بىر قىسىم كىشىلەر ئىتائەتمەنلىك بىلەن يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تۈزگەن ئىنسانىي قانۇنلارنىڭ «قۇلى»غا ئايلانغان ۋاقىتتا، بۇ كىشىلەر ئىلاھلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، جەمئىيەتنىڭ ھەر قانداق بىر ئەزاسىنىڭ نە ئەركىنلىكى، نە قەدىر-قىممىتىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ!

بىز چوقۇم ئالغا قاراپ بىر چامدام ئېلىپ، قانۇننىڭ ھەرگىزمۇ خۇددى بۈگۈنكى كۈندىكى كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «قانۇن» دېگەن سۆزنى تار

مەنىدە چۈشەنگەنگە ئوخشاش، قانۇن ماددىلىرى دائىرىسىدە چەكلەنمەيدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئىدىيۋى قاراش، تۇرمۇش يولى، قىممەت ئۆلچىمى، ئەنئەنە ۋە ئىجتىمائى ئادەت..... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قانۇندۇر. چۈنكى ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ ھەم ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. شۇڭا، بىر قىسىم كىشىلەر يەنە بىر قىسىم كىشىلەرگە بۇ خىل چەكلىمىنى تاڭغان، ھەمدە بۇ كىشىلەر بۇ خىل چەكلىمىگە ئىتائەت قىلغان ۋاقىتتا، بۇ خىل جەمئىيەت ئازاتلىققا ئېرىشكەن ئەركىنلىك جەمئىيىتى بولماستىن، بەلكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، بىر قىسىم كىشىلەر ئىلاھلارغا ئايلىنىپ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر قۇللارغا ئايلانغان جەمئىيەت بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل جەمئىيەت قالاق مەدەنىيەتسىز جەمئىيەت بولۇپ، ئىسلامى تىل بىلەن ئېيتقاندا دەل جاھىلىيەت جەمئىيىتىدۇر.

پەقەت ئىسلامى جەمئىيەتلا، بىردىنبىر ئىلاھ بولغان ئاللاھ باشقۇرغان جەمئىيەت بولۇپ، ئىسلامى جەمئىيەتتە، ئىنسانىيەت ئادەملەرنىڭ ئادەملەرگە چوقۇنۇشى (ئىبادەت قىلىشى)دىن ئازات بولىدۇ، ھەمدە ئادەملەرنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا چوقۇنۇشىغا (ئىبادەت قىلىشىغا) يۈزلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تايىنىدىغان ئاساسقا، ھەقىقىي ھەم تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بولۇپ، دەل ئاللاھ بەلگىلىگەنگە ئوخشاش، ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتىنىڭ بولۇشى ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇ دەل ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى خەلىپىسى (ئورۇنباسارى) ئىكەنلىكىنى جاكارلىغانلىق. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئالى بېھىشلەردە ھۆرمەت ۋە شان-شەرەپلەردىن بەھرىمەن بولغۇسى ئىكەنلىكىنى جاكارلاشتۇر.

ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرنىڭ تۈپكى رېشتىسى، ئېتىقاد، دۇنيا قاراش، ئىدىيە ۋە تۇرمۇش يولىغا ئايلانغاندا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەئى ئادەم قۇل قىلىدىغان بۇ دۇنيادىكى ئىلاھلارنىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا كەلگەن، ھەمدە، ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە قارىتا ئەڭ ئالى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى نامايان بولغان ۋاقىتتا، بۇ خىل جەمئىيەت ئىنساننىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئالاھىدىلىكى- مەنىۋىيىتى بىلەن ئىدىيىسىنى نامايان قىلىدىغان تىپىك جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ. ئەمما، بىر جەمئىيەتتىكى

مۇناسىۋەت رىشتىسى- ئىرق، تەن رەڭگى، رايون ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەشتۈرگۈچى ئامىللار بولغان ۋاقىتتا، ناھايىتى روشەنكى، ئىرق، تەن رەڭگى، مىللەت، رايون قاتارلىقلار ئىنساننىڭ ئەڭ يۇقىرى ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، چۈنكى، ئىرق، تەن رەڭگى، مىللەت، رايون قاتارلىق ئامىللارنى چۆرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئادەم يەنىلا ئادەم-دە!

بىراق، ئۇ مەنىۋىيىتى ۋە ئوي-پىكرىنى چۆرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئاللىقاچان ئادىمىيلىكىنى يوقاتقان بولىدۇ. لېكىن، ئىنسان ئېتىقادنى، دۇنيا قارىشىنى، ئىدىيىسى ۋە تۇرمۇش يولىنى ئىختىيارى يوسۇندا ئۆزگەرتەلەيدىغان مۇتلەق ئىرادىگە ئىگە. ئەمما ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىرقى ۋە تەن رەڭگىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئۆزى توغۇلغان مىللەت ۋە ئۆسۈپ چوڭ بولغان رايونغا چەكلىمە قويۇش ھوقۇقى بولمايدۇ. شۇڭا بىر جەمئىيەتتە، ئىجتىمائى مۇناسىۋەت رىشتىسى بىلەن ئىنساننىڭ ئەركىن ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى تاللىشى ئۆزئارا بىرلەشكەن ۋاقىتتا، بۇنداق جەمئىيەت ئاندىن مەدەنىيەتلىك جەمىيەت بۇلالايدۇ. ئەمما، بىر جەمىيەت ئىنساننىڭ ئەركىن ئىرادىسىدىن باشقا ئامىللار ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋاقىتتا، ئۇ بىر مەدەنىيەتسىز قالاق جەمئىيەت بولىدۇ، ئىسلامى تىل بىلەن ئىپادىلىگەندە، ئۇ بىر جاھىلىيەت جەمئىيىتىدۇر.

پەقەت ئىسلامى جەمئىيەتتە، جەمئىيەتنى مۇناسىۋەتلەشتۈرىدىغان تۈپ رىشتە ئېتىقادتا نامايەن بولىدۇ، ئېتىقاد- نېگىرلار (قارا تەنلىكلەر) بىلەن ئاق تەنلىكلەرنى، قوڭۇر تەنلىكلەر بىلەن سېرىق تەنلىكلەرنى، ئەرەبلەر بىلەن رىملىقلارنى، پارسلار بىلەن ئېفىئوپىيەلىكلەرنى، شۇنداقلا يەر شارىدىكى بارلىق ئىرقلارنى بىر تەۋەلىككە مەنسۇپ قىلىپ، بىر «ئۇممەت»نى قۇرۇپ چىقىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بۇ «ئۇممەت»نىڭ ئىلاھى- ئاللاھ، ئۇنىڭ بارلىق چوقۇنۇشلىرى (ئىبادەتلىرى) ئاللاھ ئۇچۇنلا بولىدۇ، ئۇ ئۇممەت ئىچىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك بولغانلار ئەڭ تەقۋادارلاردۇر، ھەر قانداق ئىنسانى قانۇنلارنىڭ ئالدىدا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ قانۇنى ئالدىدا ھەممە ئادەم باپ باراۋەردۇر.

ئىنسانپەرۋەرلىك جەمئىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىممەت ئۆلچىمى بولغاندا، ئادىمىيلىك يۈكسەك قەدىر-قىممەتلىك ئورۇنغا قويۇلغان ۋاقىتتا، بۇ جەمئىيەت ئاندىن مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ. ھالبۇكى «ماددا» قانداق شەكىللەردە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئەڭ يۇقىرى قىممەت ئۆلچىمگە

ئايلانغان ۋاقىتتا، ماركسىزىمنىڭ تارىخى ماتېرىيالىزم شەكلىدە بولسۇن ياكى «ماددى ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدە» بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خۇددى ياۋرۇپا-ئامېرىكا ۋە باشقا ماددى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەڭ يۇقىرى قىممەت ئۆلچىمى قىلىدىغان بارلىق جەمئىيەتلەرگە ئوخشاش، ماددى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئادەمنىڭ قىممىتى ۋە ئادىمىيلىكىنى قۇربانلىق بويۇمىغا ئايلاندۇردى، چۈشكۈنلىشىشتە چېكىگە يەتتى. بۇ خىل جەمئىيەت مەدەنىيەتسىز جەمئىيەت بولۇپ، ئىسلامى تىل بىلەن ئېيتقاندا، جاھىلىيەت جەمئىيىتىدۇر.

مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت نەزەرىيە جەھەتتە ماددىنى تۆۋەن كۆرمەيدۇ، ئۇنى بىز تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقان كائىناتنىڭ تەركىۋى قىسمى. بىز بىلەن ماددا ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، بىر-بىرىنى تولۇقلاش ۋە بىر-بىرىگە ماسلىشىش مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايدۇ، ماددى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىنمۇ ماددىنى تۆۋەن كۆرمەيدۇ. ئۇنى ئاللاھ ئىنسانىيەتكە تاپشۇرغان، ئاللاھقا ۋاكالىتەن زېمىننى ئىسلاھ قىلىش بۇرچىنى ئادا قىلىشتىكى مۇھىم ئامىللاردىن بىرى دەپ قارايدۇ. لېكىن، مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئەڭ يۇقىرى قىممەت ئۆلچىمى قىلىپ، ماددى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئادىمىيلىكىنى قۇربان قىلىپ، چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پاتمايدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە قەدىر-قىممىتىنى قۇربان قىلمايدۇ. ئائىلە ئاساسى ۋە قۇرۇلمىسىنى قۇربان قىلمايدۇ، ئەخلاقى پەزىلىتى ۋە مۇقەددەس بۇرچىنى..... شۇنداقلا يەنە جەمئىيەتتە ماددى ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن چۈشكۈنلەشكەن باشقا بارلىق ئەڭ يۇقىرى قىممەت ئۆلچىمى، گۈزەل ئەخلاق ۋە مۇقەددەس بۇرچلارنى قۇربان قىلمايدۇ.

ئىنسانىنىڭ قىممىتى، ئىنسانى ئەخلاق ئۆلچىمى ئىجتىمائى ئاساسقا ئايلىنىپ، مۇشۇ ئاساس جەمئىيەتنى تېرەپ تۇرغان ۋاقىتتا، بۇ جەمئىيەت ئاندىن مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ. ئىنسانىنىڭ قىممىتى، ئىنسانى ئەخلاق ئۆلچىمى ھەرگىزمۇ تارىخى ماتېرىيالىزمچىلار ۋە «ئىلمىي سوتسىيالىزم»چىلار تەرغىب قىلغاندەك، مۇجمەل، دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان «ئاقار جىسىم» ئەمەس، شۇنداقلا يەنە تۇراقسىز، تەدرىجى تەرەققى قىلىدىغان «ئۆزگىرىشچان جىسىم»مۇ ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇ تۇراقلىق بولۇپ، مۇئەييەن ئىشەنچلىك مەنبئى بار.

ئىنسانىنىڭ قىممىتى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى ئادىمىيلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى

ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىي ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدۇ، ئىنساننى ھايۋاندىن ھالقىتىدۇ، ھەمدە ھەممە شەيئىلەردىن ئۈستۈن بولغان ئاشۇ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكىنىڭ قىممىتى ۋە ئەخلاقى ئۆلچىمىنى تەرەققى قىلدۇرىدۇ. ھەرگىزمۇ ئىنسان بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئادەمنى ھايۋانلاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈرىدىغان ئورتاقلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاشۇ بىر قىسىم ئالاھىلىكىنىڭ قىممىتى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنى تەرەققى قىلدۇرمايدۇ.

بىز بۇ ئۆلچەم ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقتىمىزدا، بىر مۇقىم، كەسكىن، ئېنىق بولغان چېگرا سىزىقنى بايقايمىز. بۇ يەردە، تەدرىجى تەرەققىياتچىلار ۋە «ئىلمىي سوتسىيالىزم»چىلارنىڭ ئۆزۈندىن بېرى ئۇرۇنۇپ كەلگەن ھەق بىلەن ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش نەيرەڭلىرىنىڭ بىھۇدە ئورۇنۇشلىرىغا ھەرگىزمۇ ئىمكانىيەت يوق!

مۇئەييەن مۇھىتتىكى قائىدە ۋە قانۇنلار ھەرگىزمۇ ئەخلاق قىممەت قارىشىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ، ئەكسىچە، مۇھىت پەرقىنىڭ ئارقىسىدا، بىر مۇقىم ئۆلچەم بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، دۇنيادا بىر يۇرۇش «يېزا ئىگىلىك»چە ئەخلاق ۋە قىممەت بولمايدۇ. بىر يۇرۇش «سانائەت»چە ئەخلاق ۋە قىممەت بولمايدۇ. بىر يۇرۇش «كاپىتالىزم»چە ئەخلاق ۋە قىممەت بولمايدۇ، بىر يۇرۇش «سوتسىيالىزم»چە ئەخلاق ۋە قىممەت بولمايدۇ، بىر يۇرۇش «پرولتارىيات»چە ئەخلاق ۋە قىممەت بولمايدۇ، بىر يۇرۇش «بۇرژۇئازىيە»چە ئەخلاق ۋە قىممەتمۇ بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەخلاق ئۆلچىمى مۇھىت، تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسىدىن مۇستەسنا بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ يۈزەكى شەكلەن ئۆزگىرىش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ماھىيەتتە، بۇ بىر قاتار ئامىللارنىڭ ئارقىسىدىكى پەقەت «ئادىمىيلىشىش» جەھەتتىكى ئەخلاق ۋە قىممەت بىلەن «ھايۋانلىشىش» جەھەتتىكى ئەخلاق ۋە قىممەتتىن ئىبارەت، ئەگەر مۇشۇنداق ئىپادىلەش مۇۋاپىق بولسا، ئىسلامى تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئىسلامى ئەخلاق ۋە قىممەت بىلەن جاھالەتپەرەسلىك ئەخلاق ۋە قىممەتتىن ئىبارەت.

ئىسلام ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقلىنىدىغان ئادىمىيلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ئادىمىيلىك ئارقىلىق ئۇنىڭ قىممەت ئۆلچىمى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنى تۇرغۇزىدۇ. ھەمدە ئۇ ئىدارە قىلىۋاتقان جەمئىيەتتە ئۇنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇپ چىقىدۇ، مۇستەھكەملەيدۇ، قوغدايدۇ. بۇ جەمئىيەتلەر

مەيلى يېزا ئىگىلىكى جەمئىيىتى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولسۇن، ياكى سانائەت جەمئىيىتى باسقۇچىدە تۇرۇۋاتقان بولسۇن، سۇ ۋە ئوت-چۆپلەرنى قوغلىشىپ هايات كەچۈرىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتى بولسۇن، ياكى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشايدىغان شەھەر جەمئىيىتى بولسۇن، نامرات جەمئىيەت بولسۇن، ياكى هاللىق جەمئىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ باشتىن-ئاخىرى ئىنسانىۋىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى، يۈكسىلىشىنى، ئالى مەقامغا يېتىشىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىسلام ئىنسانىۋىلىكنىڭ ئارقىغا يېنىپ، هايۋانى سەۋىيىگە چېكىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چۈنكى ئەخلاق ۋە قىممەت ئۆلچىمىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش لىنىيىسى بولسا هايۋانىيلىقنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك سەۋىيىسىدىن ئادىمىيلىكنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەش، ئەگەر بۇ لىنىيىدە ئارقىغا چېكىنىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ماددى مەدەنىيەتنىڭ قانچىلىك تەرەققى قىلىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ هەرگىزمۇ هەقىقىي مەدەنىيەت بولالمايدۇ. ئەكسىچە، سېپى ئۆزىدىن قالاقلىق، جاهالەتپەرەسلىك بولىدۇ.

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسىغا ئايلىنىپ، ئەر-ئايالنىڭ ئىش تەقسىم قىلىشىلىش هەم هەمكارلىشىش ئاساسىغا بەرپا بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئائىلىنىڭ ئەڭ مۇهىم ۋەزىپىسىگە ئايلانغان ۋاقىتتا، بۇ جەمئىيەت ئاندىن مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ. پەقەت بۇ خىل ئەهۋال ئاستىدا، ئىسلامى تۈرمۇش يولىنىڭ سايىسى ئاستىدا، ئائىلە ئاندىن يېڭى ئەۋلادلارنىڭ قىممەت ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنى بەرپا قىلىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشىنىڭ بازىسىغا ئايلىنالايدۇ، چۈنكى ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ جەمئىيەت هۈجەيرىسىدىن باشقا جايدا، بۇ مەقسەتنىڭ ئىشقا ئېشىشى هەقىقەتەن تەس، بۇ نۇقتىنى ئالدىنقى قىسىملاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. ۋاهالەنكى، ئېچىۋېتىلگەن ئىككى جىنس مۇناسىۋىتى ۋە قانۇنسىز (نىكاهسىز) توغۇلغان باللار جەمئىيەتنىڭ ئاساسىغا ئايلانغاندا، ئىككى جىنس مۇناسىۋىتى ئائىلە مەجبۇرىيىتى ۋە ئىش تەقسىم قىلىشىلىپ هەمكارلىشىش ئاساسىغا بەرپا قىلىنماستىن، بەلكى ئىشقى-مۇهەببەت، جىنسىي تەلەپ ۋە هېسسىيات ئاساسىغا بەرپا قىلىنغاندا، خوتۇن-قىزلارنىڭ رولى ياسىنىش، باشقىلارنى ئۆزىگە قىزىقتۇرۇش، ئازدۇرۇشقا ئايلانغاندا، خوتۇن-قىزلار ئۆزى خالاپ ياكى جەمئىيەتنىڭ ئۇلارنى خىزمەت قىلىشنى تاللاشقا قىستىشى بىلەن مېهمانخانا، پاراخوت ياكى

ئايرۇپىلانلاردىكى كۆتكۈچىلەرگە ئايلىنىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئاساسى مەسئۇلىيىتىدىن ۋاز كەچكەن ۋاقىتتا، خوتۇن-قىزلار بارلىق زېھنىنى ماددى ئىشلەپچىقىرىش ياكى ماشىنا ياساشقا سەرپ قىلىپ، ئادىمىيلىك جەھەتتىن تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا چولىسى تەگمىگەن ۋاقىتتا، ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارايدىغان بولساق، بۇ بىر قالاق «مەدەنىيەت» بولۇپ، ئىسلامى تىل بىلەن ئېيتقاندا، دەل جاھالەتپەرەسلىكتىن ئىبارەت. چۈنكى بۇ چاغدا، ماددى ئىشلەپچىقىرىش ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىنمۇ مۇھىم، تېخىمۇ قىممەتكە ئىگە، تېخىمۇ ئېتىبارلىق بىلەن قارىلىدۇ.

ئائىلە ۋە ئىككى جىنس مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتلىك ياكى قالاق، ئىسلام ياكى جاھالەتپەرەسلىك ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدىغان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. بۇ مۇناسىۋەتتە، هايۋانلارچە جىنسي تەلەپ، ئەخلاق ۋە قىممەت قاراش جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى بۆلۈك-پۇشقاقلىرىغا قەدەر يامراپ كەتكەن بولۇپ، گەرچە بۇ جەمئىيەت ئىلىم-پەن، ئىقتىساد، سانائەت.... جەھەتلەردە يۇكسەك پەللىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ئەمەس. بۇ ئۆلچەم ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرلەش دەرىجىسىنى ئۆلچىگەن ۋاقىتتا ھەرگىزمۇ خاتالىق يۈز بەرمەيدۇ.

هازىرقى زامان جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيىتىدە، ئەخلاقتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم ئىنتايىن تار دائىرىدە چەكلەندى، ھەتتا ئادەمنى هايۋاندىن پەرقلەندۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى بۇ دائىرىدىن چىقىرىۋېلىتىلدى. شۇڭا، بۇ جەمئىيەتلەردە، قانۇنسىز هالدىكى ئىككى جىنس مۇناسىۋىتى، ھەتتا ئوخشاش جىنسلىقلار مۇناسىۋىتىمۇ ئەخلاقنىڭ بۇلغىنىشى دەپ قارالمايدۇ. ئەخلاقتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم ئىقتىسادى مۇئامىلە ۋە سىياسىي ئىشلار دائىرىسىدىلا ، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا پەقەت «دۆلەت مەنپەئەتى» دائىرىسىدىلا چەكلەندى. كىرستىن جىر بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئىچكى كابىنىت مىنىستىرى بىرو فېرموئور ئوتتۇرىسىدىكى سەتچىلىكنى مىسال قىلساق، ئەنگلىيە جەمئىيىتىنىڭ سەتچىلىك دەپ قارىغىنى ھەرگىزمۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھسىز بىللە بولۇش مۇناسىۋىتى بولماستىن، بەلكى كىرستىن يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىخانىسىنىڭ دېڭىز ئارمىيە

مەسلىھەتچىسى (دىپلوماتىك ۋەكىل ياردەمچىسى)نىڭ ئاشنىسى بولۇپ، بۇ «خېنىم» بىلەن ھېلىقى مىنىستىر ئەپەندىنىڭ مۇناسىۋىتى دۆلەت مەخپىيەتلىكىگە تەھدىت شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھېلىقى مىنىستىر ئەپەندىم ئەنگلىيە پارلامېنتىدا يالغان ئېيتقانلىقى سەۋەبلىك بىر مەيدان سەتچىلىكنى پەيدا قىلغان. ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىدىكى بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن سەتچىلىكلەر، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن نۇرغۇنلىغان ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا جاسۇسلىرى سەتچىلىكىنىڭ، سەتچىلىك بولۇشىدىكى سەۋەب، ھەرگىزمۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش جىنسلىقلار مۇناسىۋىتى بولماستىن، بەلكى دۆلەت مەخپىيەتچىلىكىگە تەھدىت شەكىللەندۈرگەنلىكىدە.

يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەتلەردە، يازغۇچى، تەھرىر، ھېكايە-رومان ئاپتورلىرى ياش قىزلار ۋە نىكاھلانغان ئاياللارغا ئوچۇق ئاشكارا ھالدا: «جىنسى ئەركىنلىك ھەرگىزمۇ ئەخلاقنىڭ بۇلغىنىشى ئەمەس، ئەكسىچە، ئەخلاقنىڭ بۇلغىنىشى بولسا، يىگىت بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە مۇھەببەتنىڭ زاڭلىق قىلىنىشى، بىر-بىرىنى قەلبىدىن ياخشى كۆرۈشمەسلىك؛ ئاياللار ئېرىگە نىسبەتەن ھېسسىياتىنى يوقاتقان ۋاقىتتا، داۋاملىق ھالدا، ئىپپىتىنى ساقلاش بولسا ئەخلاقنىڭ بۇلغىنىشىدۇر، گۈزەل ئەخلاق بولسا يېڭىدىن خۇشاللىق تېپىش ئۈچۈن ئۈچىنچى شەخس ئىزدەش» دەپ بولۇشىچە كاپشىدى. بۇ خىل ۋەقەلىكنى ئاساسى تېما قىلغان ھېكايە-رومانلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن باش ماقالىلار، ئەسەرلەر، رەسىم-سۈرەتلەر، يۇمۇر ۋە چاقچاقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى چۈشكۈنلىشىشكە «ئىلھام» قىلماقتا.

ئەگەر بىز ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىئىنەزىرى، ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش لىنىيىسىنى ئۆلچەم قىلىپ، بۇ جەمئىيەتلەرنى كۆزىتىدىغان بولساق، بۇنداق جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسى، مەدەنىيەتسىز قالاق جەمئىيەتلەردۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش لىنىيىسىنىڭ نىشانى بولسا ھايۋانى نەپسىنى كونترول قىلىپ، مەجبۇرىيەتنى ئاساس قىلىش ۋە ئۇنى ئائىلە ئىچىدىلا چەكلەشتىن ئىبارەت. بۇ ئارقىلىق ئىنسانپەرۋەرلىك رولىنى جارى

قىلدۇرۇش، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنى ئاخىرقى نىشان قىلماسلىق. ئائىلىنىڭ مەقسىتى يېڭى بىر ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ ھازىرقى ئەۋلادلارغا ئۇلاپ، ئادىمىيلىكنى گەۋدىلەندۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت. ناھايىتى روشەنكى، ھايۋانىيلىقتىن ۋاز كېچىپ، ئادىمىيلىك دائىرىسى ئىچىدە ئالغا ئىلگىرلەپ يۈكسىلىدىغان يېڭى بىر ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش پەقەت بىخەتەرلىك كاپالىتىگە ئىگە بولغان، ھېسسىياتى تۇراقلىق، قارىغۇلارچە ھېسسىياتقا بېرىلمەستىن بەلكى ئىككى تەرەپنىڭ مەجبۇرىيىتى ئاساسىغا بەرپا قىلىنغان ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ بىر دارىلئېتامدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. زەھەرلەش خاراكتېرىدىكى «يېتەكچىلىك» ۋە «ئىلھام» ئېلىپ بېرىپ، ئەخلاق ئۇقۇمىنى تار دائىرىدە چەكلەيدىغان بارلىق جىنسىي ئەخلاقلارنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىدىغان جەمئىيەتتە، يېڭى بىر ئەۋلادلارنى تەربىيىلەيدىغان دارىلئېتامنىڭ بەرپا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

يۇقارقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، پەقەت ئىسلامى قىممەت مىزانى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى، ئىسلامى تەربىيە ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنى قوغداش تەدبىرىلا، ئىنسانىيەتكە مۇناسىپ كېلىدۇ. ئەگەر بىز ھەم «ئاقما جىسىم» بولمىغان ھەم «ئۆزگىرىشچان جىسىم» بولمىغان تۇراقلىق بولغان ئىنسانپەرۋەرلىك مىزانى ئارقىلىق سىنچىلاپ قارايدىغان بولساق، پەقەت ئىسلامنىڭلا مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى، ئىسلامى جەمئىيەتنىڭلا مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

ئەڭ ئاخىرىدا، ئىنسانىيەت ئاللاھدىن باشقىغا قىلىنغان بارلىق چوقۇنۇش (ئىبادەت)لارنى چۆرۈپ تاشلاپ، پەقەت ئاللاھقىلا چوقۇنۇش (ئىبادەت قىلىش)تىن ئىبارەت يېتەكچىلىك پرىنسىپى ئارقىلىق، ئاللاھنىڭ ئىلاھى تۈرمۇش يولىنى ئەمىلىلەشتۈرۈپ، باشقا ھەر قانداق يولنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىپ، تۇرمۇشتىكى ئىشلىرىدا باشقا ھەر قانداق ئىنسانى قانۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى رەت قىلىپ، پەقەت ئاللاھنىڭ ئىسلام قانۇنىنىلا يۈرگۈزۈپ، ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن ئەخلاق ۋە قىممەت قارىشى ئارقىلىق ئىنسانىيەت تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، باشقا بارلىق ئادەم ئالدايدىغان ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش، ئاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ بۇ ماددى دۇنياغا ئورۇنلاشتۇرغان بارلىق كائىنات قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ۋە

تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئالغا ئىلگىرلىشى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، ئاللاھنىڭ زېمىنغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بارلىق بايلىق مەنبەلىرى، ئېنىرگىيە مەنبەلىرى ۋە خەزىنىلەرنى ئېچىش لازىم. بىز بۇ يېتەكچىلىك پرىنسىپى ئارقىلىق زېمىندا ئاللاھنىڭ خەلىپىسى (ۋاكالەتچىسى) بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ دۇنيانى ئىدارە قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئاللاھنىڭ كائىنات قانۇنىيەتلىرىگە قاتمۇ-قات پەردىلەرنى يېپىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنسانىيەتكە خەلىپىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش زۆرۈر بولغان بۇ قاتمۇ-قات پەردىلەرنى ئاچىدىغان ئىقتىدار ئاتا قىلغانلىقىنى بايقايمىز. يەنى، ئادەم ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ۋە شەرتىگە بىنائەن بۇ دۇنيادا خەلىپىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا، ئۇ زېمىندىكى خەزىنىلەر، ماددى دۇنيانىڭ ئېنىرگىيە مەنبەلىرىنى ئېچىشقا باشلاپ، تۈرى تولۇق بولغان سانائەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ ئېقىنىدىكى ئۇزاق تارىخى جەريانلاردا توپلانغان بارلىق ھۈنەر-سەنئەت نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىدۇ. ئۇ ئىخلاسمەنلىك بىلەن زەرەر چەككۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش نىشانى بويىچە ئاللاھ ئۇنىڭغا تاپشۇرغان خەلىپىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان بارلىق ئىجادىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان ۋاقىتدا، بۇ ئادەم ئاندىن ھەقىقىي مەدەنىيەتلىك ئادەم بولالايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھايات كەچۈرگەن جەمئىيەت مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىدۇ. لېكىن، بىر تەرەپلىمە ھالدىكى ماددى تەرەققىياتنى، ئىسلام مەدەنىيەت دەپ قارىمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق جەمئىيەت جاھالەتپەرەسلىك بىلەن ئارلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھ قۇرئاندا جاھالەتپەرەسلىك دەۋرلەردىكى بۇ خىل ماددى تەرەققىياتلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَتَبْنُونَ بِكُلِّ رِيعٍ آيَةً تَعْبَثُونَ* وَتَتَّخِذُونَ مَصَانِعَ لَعَلَّكُمْ تَخْلُدُونَ* وَإِذَا بَطَشْتُم بَطَشْتُمْ جَبَّارِينَ* فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَطِيعُونِ* وَاتَّقُوا الَّذِي أَمَدَّكُم بِمَا تَعْلَمُونَ*أَمَدَّكُم بِأَنْعَامٍ وَبَنِينَ*إِنِّي أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ﴾

**«سىلەر ھەر بىر ئېگىز جايغا ئويۇن - كۈلكە ئۈچۈن بىر ئالامەت (يەنى ئېگىز بىنا)**

سالامسلەر، ( گويا سلەر ئۆلمەيدىغاندەك ) دۇنيادا مەڭگۈ قېلىشنى ئۈمد قىلىپ پۇختا سارايلارنى سالامسلەر؟ ئەگەر ( بىراۋنى ) جازالىساڭلار، زالىملاردەك جازالايسىلەر. سىلەر ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. سلەرگە سلەر بىلىدىغان نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھدىن قورقۇڭلار. ئۇ سىلەرگە چارۋىلارنى، ئوغۇللارنى، باغلارنى، بۇلاقلارنى ئاتا قىلدى. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن.» ( سۈرە شۇئەرا 128 - 135 ئايەت )

﴿أَتُتْرَكُونَ فِي مَا هَاهُنَا آمِنِينَ، وَتَنْحِتُونَ مِنَ الْجِبَالِ بُيُوتًا فَارِهِينَ* فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَطِيعُونِ، الَّذِينَ يُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ وَلَا يُصْلِحُونَ﴾

«سىلەر بۇ يەرلەردە باغچىلاردىن، بۇلاقلاردىن، زىرائەتلەردىن، يۇمشاق پىشقان خورمىلاردىن بەھرىمەن بولۇپ، خاتىرجەم ھالدا داۋاملىق قالىمىز ( دەپ ئويلامسىلەر ) ، خۇشال ھالدا تاغلارنى تېشىپ ئۆي ياسامسىلەر؟ ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار.» ( سۈرە شۇئەرا 146 - 152 ئايەت )

﴿فَلَمَّا نَسُواْ مَا ذُكِّرُواْ بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ حَتَّى إِذَا فَرِحُواْ بِمَا أُوتُواْ أَخَذْنَاهُم بَغْتَةً فَإِذَا هُم مُّبْلِسُونَ*فَقُطِعَ دَابِرُ الْقَوْمِ الَّذِينَ ظَلَمُواْ وَالْحَمْدُ لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

«ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلار ( سىناش ئۈچۈن ) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېئمەتلەردىن خۇشال - خۇرام تۇرغاندا ( ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق ) ، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى. زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى ( يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى ) . جىمى ھەمدۇ - سانا ( پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ، كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.» ( سۈرە ئەنئام 44 - 45 ئايەت )

﴿ حَتَّىَ إِذَا أَخَذَتِ الأَرْضُ زُخْرُفَهَا وَازَّيَّنَتْ وَظَنَّ أَهْلُهَا أَنَّهُمْ قَادِرُونَ عَلَيْهَآ

أَتَاهَا أَمْرُنَا لَيْلاً أَوْ نَهَارًا فَجَعَلْنَاهَا حَصِيدًا كَأَن لَّمْ تَغْنَ بِالأَمْسِ﴾

**« . . . . . هەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۈنىڭدىن مول ـ ھوسۇل ئېلىشقا جەزمى قىلىپ تۇرغان چاغدا، ناگاھان كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا قازايىمىز يەتتى ـ دە، ( زىرائەتلەرنى ) تۈنۈگۈن ( ئېلىگىرى ) يوقتەك، ( پۈتۈنلەي ) ئورۇپ تاشلانغاندەك قىلىۋەتتۇق ( يەنى نابۇت قىلىپ يوق قىلدۇق ) . . . . . »** ( سۈرە **يۇنۇس 24 ـ ئايەت** )

لېكىن يۇقۇرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئىسلام ماددىغا سەل قارىمايدۇ. ماددى تەرەققىياتقىمۇ سەل قارىمايدۇ، بەلكى ئاللاھ كۆرسەتكەن تۇرمۇش يولىدا، بۇ خىل ئالغا ئىلگىرلەشنىڭ شەرىپىنى ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان بىر خىل ئىنئامى، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا بويسۇنغانلىقى تۈپەيلىدىن ئېرىشىدىغان مۇكاپاتىنىڭ خوش خەۋىرى دەپ قارايدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا، يُرْسِلِ السَّمَاء عَلَيْكُم مِّدْرَارًا، وَيُمْدِدْكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَل لَّكُمْ جَنَّاتٍ وَيَجْعَل لَّكُمْ أَنْهَارًا﴾

**«( ئۇلارغا ) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ. »** ( سۈرە نۇھ **10 ـ 12 ئايەت** )

﴿وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْقُرَى آمَنُواْ وَاتَّقَواْ لَفَتَحْنَا عَلَيْهِم بَرَكَاتٍ مِّنَ السَّمَاء وَالأَرْضِ وَلَكِن كَذَّبُواْ فَأَخَذْنَاهُم بِمَا كَانُواْ يَكْسِبُونَ﴾

**«( پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان ) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە ( كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن ) ساقلانغان بولسا ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق، لېكىن ئۇلار ( پەيغەمبەرلەرنى ) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق. »** ( سۈرە ئەئراف **96 ـ ئايەت** )

ئەڭ مۇھىم بولغىنى سانائەتنىڭ ئالغا ئىلگىرلىشىدە پۈت دەسسەپ

تۇرـدىغان ئاساس ۋە سانائەت تەرەققىياتىنىڭ قىممەت ئۆلچىمىنىڭ يېتەكچىلىكى، شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان باشقا بارلىق ئالاھىدىلىكلەر.

ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالغا ئىنتىلىش پرىنسىپى ۋە ئۇنىڭ ئورگانىك تۈزۈلمىسىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، ئىسلامنى ئۆزگىچە جەمئىيەتكە ئايلاندۇرغان بولۇپ، جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ ئورگانىك تۈزۈلمىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن بانا، سەۋەب ئىزدەيدىغان ھەر قانداق نەزەرىيە ئۇنىڭغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. ئىسلامى جەمئىيەت ھەرىكەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئۇزۇن مۇددەتلىك، ھەرىكەت ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ دەرىجىسى ۋە سالاھىيىتى مۇئەييەنلەشتۇرۇلۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋەزىپىسى ۋە ئورنى بەلگىلىنىدۇ.

بۇ خىل جەمئىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ھەرىكەت ماددى دۇنيانىڭ سىرتىدىن، ئىنسانلار مۇھىتىنىڭ سىرتىدىن كەلگەندۇر. ئۇ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يۈزلەنگەن ئىسلامى ئېتىقادتا نامايەن بولىدۇ، بۇ خىل ئېتىقاد ئۇلار ئۈچۈن كائىنات، ھاياتلىق، تارىخ، كىشىلىك تۇرمۇش مىزانى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش مەقسىتىنىڭ ئالاھىدە دۇنيا قارىشىنى تۇرغۇزۇپ بېرىپ، ئۇلار ئۈچۈن بۇ خىل دۇنيا قاراشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان خىزمەت يولىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەتنى قوزغايدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ماددى دۇنيادىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى يەر شارىنىڭ سىرتىدىن، ئىنسانلار مۇھىتىنىڭ تاشقىرىسىدىن ئۇلارغا نازىل بولغان (چۈشكەن). بۇ ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە قۇرۇلمىسىنىڭ بىرىنچى گەۋدىلىك ئۆزگىچىلىكى.

ئۇ ئىنسانلار مۇھىتىنىڭ تاشقىرىسىدىن، ماددى دۇنيانىڭ سىرتىدىكى ئامىللاردىن تەرەققى قىلىدۇ ۋە داۋاملىشىدۇ.

ئاللاھ تەرىپىدىن ئالدىنئالا تەقدىر قىلىنىپ (ئالدىن بەلگىلىنىپ) بولغان بۇ سىرلىق ئامىللارنى، ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان، مۆلچەرلىمىگەن قىلىپ باقمىغان، ئالدى بىلەن، ئىنسانى ئامىللار ئارىلىشىپ قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىسلامى جەمئىيەتنى بەرپا قىلىدىغان ھەرىكەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئالىلىقاچان باشلانغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەككە-يېگانە

ئاللاھنىڭ تەقدىرى بويىچە ئالغا ئىلگىرلەيدىغان مۇقەددەس ئىلاھى ئېتىقادقا ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭمۇ خىزمىتى قانات يېيىشقا باشلايدۇ. بىر ئادەم بۇ خىل ئېتىقادنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىدا، (قانۇنى نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا) يۇشۇرۇن ھالدىكى ئىسلامى جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇشقا باشلايدۇ، بۇ ئادەم بۇ ئېتىقادنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يۇشۇرمايدۇ. بەلكى ئۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە بۇ ئېتىقادنى تارقىتىدۇ، چۈنكى بۇ دەل ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتى بولۇپ، بىر مەيدان جانلىق ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتى. ئىمان-ئېتىقاد نۇرى بىلەن نۇرلانغان بۇ قەلبنىڭ ئەڭ يۇقىرى كۈچى كەسكىن ھالدا بارلىق توساقلاردىن بۆسۈپ ئۆتىدۇ (ئىسلامى ئېتىقادنىڭ بۇ كۈچىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ). ئېتىقاد ئارقىلىق قەلبنى لەرزىگە سالىدىغان بۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئىنساننى مەردانىلىق بىلەن ئالغا قاراپ چامدىتىدۇ.

بۇ ئېتىقادنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ سانى ئۈچ ئادەمگە يەتكەن ۋاقىتتا، بۇ خىل ئېتىقاد ئۇلارغا: «سىلەر ھازىر ئالىقاچان بىر جەمئىيەتنى، بىر مۇستەقىل ئىسلامى جەمئىيەتنى تەشكىل قىلدىڭلار، سىلەر بۇ خىل ئېتىقادقا ئىشەنمەيدىغان جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەتتىن ئالىقاچان قۇتۇلدۇڭلار، كونا ئاساسى قىممەت ئۆلچىمى سىلەرنى يەنە داۋاملىق باشقۇرالمايدۇ» دەپ ئىلھام قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەمىلىيەتتە بىر ئىسلامى جەمئىيەت ئالىقاچان بارلىققا كەلگەن بولىدۇ.

ئۈچى ئونغا، ئونى يۈزگە، يۈزى مىڭغا، مىڭى ئون مىڭ، يىگىرمە مىڭغا ئايلىنىپ، ئىسلامى جەمئىيەت ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. يىلتىز تارتىدۇ، مۇستەھكەملىنىدۇ.

ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، يېڭى بارلىققا كەلگەن جەمئىيەت بىلەن جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان كۈرەشنى قانات يايىدۇ. چۈنكى بۇ يېڭى جەمئىيەت جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرىنى ئۆزىگە تارتقان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزىگە خاس بولغان ئېتىقاد ۋە دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە ئۆلچىمى، مەۋجۇتلۇقى ۋە تەشكىلي سىستېمىسى ئارقىلىق جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەتتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىدۇ. ھەرىكەت باشلانغان بىرىنچى سېكۇنتىدىن باشلاپ تاكى تەڭداشسىز بولغان مۇستەقىل ئەمىلي گەۋدىنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچە، ئىسلامنىڭ قىممەت ۋە

ئۆلچىمىگە ئاساسەن، بۇ يېڭى جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى تەكشۈرۈلۈپ، سالاھىيىتى باھالىنىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بەلگىلىنىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا، جەمئىيەت تەبىئىيلا ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ، جامائەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى جاكارلاپ يۈرۈشى ھاجەتسىز. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئېتىقادى ۋە ئۇنىڭ ئۇزىنى شۇنداقلا جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشۋاتقان قىممەت ئۆلچىمى ئۇنى يۈشۈرۈنۈشقا، ئامىنىڭ سۈرەن-چوقانلىرى ۋە ئارزۇلىرى، ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىشۋاتقان ۋەزىپىسىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا مەجبۇرلايدۇ.

لېكىن ھەرىكەت بولسا ئىسلامى ئېتىقادنىڭ ماھىيىتى، شۇنداقلا بۇ بىر ئېتىقادىن بارلىققا كەلگەن جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى بولۇپ، ئۇ ھەر قانداق ئادەمنىڭ يۇشۇرۇنۇۋېلىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. بۇ جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئەزا چوقۇم ھەرىكەتكە كېلىشى، ھەرىكەت ئۇنىڭ ئېتىقادىدا مەۋجۇت بولۇشى، ھەرىكەت ئۇنىڭ قان-تومۇرىدا مەۋجۇت بولۇشى، ھەرىكەت ئۇنىڭ ئىجتىمائىيىتىدە مەۋجۇت بولۇشى، ھەرىكەت بۇ جەمئىيەتنىڭ ئورگانىك قۇرۇلمىسىدا مەۋجۇت بولۇشى كېرەك، چۈنكى جاھالەتپەرەسلىك ئۇنى قورشاپ تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەخلەت-داشقاللىرى بۇ ئەزا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلانغان بولىدۇ. شۇڭا، كۈرەش ئۇزۇن مۇددەتلىك بولۇپ، ئىسلامى جىھاد دەۋرى قىيامەت (زاماننىڭ ئاخىرىسى)گىچە داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ھەرىكەتنىڭ رېتىمىغا ئەگىشىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئورگانىك قۇرۇلمىسى جەمئىيەت ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئوتتۇرىسىدىكى ماس ھالدىكى تەڭپۇڭلۇق (مۇۋازىنەت)نى ساقلايدۇ ھەمدە تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

بۇ خىل يېتىلىش، بۇ خىل قۇرۇلما، ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ گەۋدىلىك ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئىسلامى جەمئىيەت ئۇچۇن مەۋجۇتلۇق ۋە قۇرۇلما، ماھىيەت ۋە فورما (شەكىل) ئاتا قىلىدى، يەنە ئۇنىڭ تۈزۈمى شۇنداقلا ئۇنىڭ مەمۇرى تەرتىپلىرىگە بىر خىل گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك بېغىشلاپ، ئۇنى ھەر قايسى جەھەتلەردىن مۇستەقىل ئەمەلىي گەۋدىگە ئايلاندۇردى. سىرتتىن كەلگەن ئىجتىمائىيەت چۈشەنچىسى ئۇنى

چۈشىنىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئىسلامغا يات بولغان سىرتتىن كەلگەن يوللارمۇ ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى تەتقىق قىلىپ باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. سىرتتىن كەلگەن باشقا بىر خىل تۈزۈمنىڭ مەمۇرى تەرتىپلىرىمۇ ئۇنى ھەرگىز ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىچە تەبىرىدىن ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىنىمىزدەك، ئىسلامى جەمئىيەت ھەرگىزمۇ پەقەت تارىخى ۋەقەلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىر پارچە غايىۋى سۈرەت (مەنزىرە) ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇ ھازىرقى زاماننىڭ ئېھتىياجى ۋە كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە بولسۇن ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، ئىنسانىيەتنىڭ قەدىر-قىممىتىنى قايتىدىن قايتۇرۇپ كېلىدىغان ئۈلۈغۋار نىشان بولۇپ، ئىنسانىيەتنى قەدەممۇ-قەدەم پېتىۋاتقان جاھالەتپەرەسلىك پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يۈزلەندۈرىدۇ. بۇ نۇقتا، ئىقتىسادى ۋە سانائىتى تەرەققى قىلغان جاھىلىيەتچى مىللەتلەر بولسۇن ياكى ئىقتىسادى ۋە سانائىتى ئارقىدا قالغان جاھىلىيەتچىلەر بولسۇن ھەممىسىگە نىسبەتەن ئوخشاش.

بىز يۇقىرىدا يىغىنچاقلىغان ئاشۇ قىممەت ئۆلچىمىلا، ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقي قىممەت ئۆلچىمى بولۇپ، ئىنسانىيەت پەقەت ئىسلام مەدەنىيىتى دەۋرىدىلا ئۇنىڭغا يېتەلىگەن (بىز ئىسلام مەدەنىيىتى دېگەن بۇ ئاتالغۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان مەناغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، ئۇ ئاشۇ قىممەت ئۆلچىمىگە كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك رىئايە قىلغان ۋاقىتتا گەۋدىلىنىدىغان مەدەنىيەت مەنزىرىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ بۇ بارلىق قىممەت ئۆلچىمىنى چۆرۈۋەتكەندىن كېيىنكى نوقۇل ھالدىكى ئىلىم-پەن، ئىقتىساد ۋە سانائەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى بىلەن تەرەققى قىلىشى ئەمەس).

بۇ قىممەت ئۆلچىمى ھەرگىزمۇ ئىدىئالىستلارنىڭ قۇرۇق خىيالى بولماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتچانلىقا ئىگە. ھەقىقي «ئىسلام» ئۇقۇمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىنسانلار تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى، ئىلىم-پەن، ئىقتىساد ۋە سانائەت تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر قانداق مۇھىتتا ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئىسلامنىڭ قىممەت ئۆلچىمى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا قارشى تۇرمايدۇ. ئەكسىچە، پۈتكۈل تۇرمۇش ساھەسىدە ئىنسانلارنىڭ خەلىپىلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئېتىقاد

مەنتىقىسى ئەسلىدىنلا ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئىلھام بېرىدۇ. لېكىن بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ جەھەتلەردە تېخى ئىلگىرلەشلەرنى ۋە تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن دۆلەت ۋە رايونلارغا قارىتا، ئىسلام ھەرگىزمۇ ئۇ يەرلەردە ئۆزمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دەپ، قول قۇلۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق جاي، ھەر قانداق مۇھىتتا بۇ قىممەت ئۆلچىمىگە تايىنىپ مەدەنىيەت بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ قوللىنىدىغان كونكرت ئۇسۇلىغا كەلسەك، ئىجرا قىلىدىغان بىر مۇقىم ئەندىزىسى يوق. چۈنكى ئۇ ھەر خىل مۇھىتلاردا بار بولغان شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇنداقتا، شەكلى (فورمىسى)، چوڭ-كىچىكلىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش سەۋىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردىن قارىغاندا، ئىسلامى جەمئىيەت بىر مۇقىم تارىخ ئەندىزىسى ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مەدەنىيىتى مۇقىم بولغان تارىخى خاراكتېرلىك قىممەت ئۆلچىمى ئۈستىگە بەرپا قىلىنىدۇ. «تارىخى خاراكتېرلىك» مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا، بىز پەقەت بۇ قىممەت ئۆلچىمىنىڭ مەلۇم تارىخى دەۋردە بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ كىشىلەرگە مەلۇملۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولىمىز، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ تارىخنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، ئۇنىڭ ماھىيەت جەھەتتە ۋاقىت بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانىيەتكە نازىل بولغان (چۈشكەن) ھەقىقەت بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن ياكى ماددى دۇنيادىن كەلگەن ئەمەس.

ئىسلامى مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ ماددى قۇرۇلمىسى ۋە تەشكىللىنىش شەكلى جەھەتتە ئوخشىمىغان ئەندىزىلەرگە ئىگە، لېكىن ئۇنىڭ تۈپ پرىنسىپى ۋە قىممەت ئۆلچىمى تۇراقلىق بولۇپ ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئامىللىرىنى تەشكىل قىلغان: بارلىق چوقۇنۇش (ئىبادەت) ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشتىن ئىبارەت ئېتىقاد ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ بارلىق قۇرۇلمىلىرى تۇتاشتۇرۇلىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى ماددىدىن ئۈستۈن بولۇپ، ئىنساننىڭ ھايۋانىيلىكى ئەمەس بەلكى ئادىمىيلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ئىنسانپەرۋەرلىك قىممەت ئۆلچىمى ئارقىلىق تۇرمۇشقا يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ، ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكى

دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىمايدۇ، ئاللاھنىڭ رۇخسىتى ۋە شەرتى بويىچە ئىنسانىنىڭ زېمىندىكى خەلىپىلىك ھوقۇقى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ ئىسلام قانۇنى ۋە تۇرمۇش يولى ئارقىلىق زېمىندا خەلىپىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا دۇچ كەلگەن بارلىق ئىشلار بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

بۇ مۇقىم پرىنسىپ ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان ئىسلامى مەدەنىيەتنىڭ ئوخشىمىغان ئەندىزىلىرى، ئىلىم-پەن، ئىقتىساد ۋە سانائەتنىڭ ئىلگىرلىشى ۋە تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى ھەر بىر مۇھىتتا ئۇ ھامان شۇ جاينىڭ مۇھىت شارائىتىدىن پايدىلىنىشى كېرەك. شۇڭا ئىسلامى مەدەنىيەتنىڭ ئەندىزىسى ئوخشىماسلىقلارغا ئىگە بولۇپ، بۇ خىل مۇقەررەر ئوخشىماسلىق ئۇنىڭ جانلىق ۋە ھەرىكەتچانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بارلىق مۇھىت ۋە خىلمۇ-خىل سەۋىيىدىكى جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى چوڭ ئائىلىسىگە قاتنىشىپ، ئىسلام پرىنسىپى ۋە قىممەت ئۆلچىمى ئارقىلىق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. لېكىن، بۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈش ئەندىزىسى جەھەتتىكى جانلىقلىقى، ھەرگىزمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەئى، يەنى بۇ مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتى بولغان ئىسلام ئەقىدىسىگە قارىتا خالىغانچە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ، جانلىقلىق ھەرگىزمۇ ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش ئەمەس، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى روشەن پەرق بار.

ئىسلام يالىڭاچ ئافرىقىلىقلار ئارىسىدا مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىپ، ئۇلارغا كىيىم بىلەن بەدىنىنى يۆگەشنى ئۆگەتتى، ئىسلامنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكى، شۇ يەرلىك كىشىلەرنى كىيىم كىيىش مەدەنىيىتىگە ئېلىپ كىردى. ئوخشاشلا، ئىسلام كىشىلەرنىڭ ھورۇنلۇق ۋە قاششاقلىقنى تاشلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، كىشىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئەمگەك قىلىشقا، ماددى دۇنيانىڭ خەزىنىلىرىنى قېزىشقا يېتەكلىدى. شۇنداقلا، ئۇ يەنە ئىجتىمائىيلىششىنى كۈچەيتىپ، جەمەت ۋە قەبىلە شەكلىدىكى تۇرمۇشنى ئىسلام «ئۈممىتى»نىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىغا تەرەققى قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئەڭ مۇھىمى كىشىلەرنى نادانلارچە ھەر خىل نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا چوقۇنۇشقا يۈزلىنىشكە تۈرتكە بولدى. ئەگەر بۇ مەدەنىيەت ھېسابلانمىسا، ئۇنداقتا مەدەنىيەت دېگەن زادى نېمە؟ بۇ

ئالاھىدە مۇھىتتىكى مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇ ئەينى ماكان ۋە زاماندىكى بار بولغان بارلىق شارائىت ۋە مۇمكىنچىلىكلەرگە تايىنىدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام باشقا بىر مۇھىتقا كىرگەن ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇقىم قىممەت ئۆلچىمىگە ئاساسەن، باشقا بىر مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى قۇرۇپ، بۇ مۇھىتتا بار بولغان بارلىق شارائىت ۋە ئەمىلي مۇمكىنچىلىكلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرىدۇ.

ئوخشاشلا، ئىسلامى ئۇسۇل ۋە ئىسلامى يولىغا ئاساسەن، مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ھەرگىزمۇ ئىلىم-پەن، ئىقتىساد ۋە سانائەت تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم بەلگىلىك باسقۇچىدا توختاپ قالمايدۇ. بۇ شارائىتلار ھازىرلانغان ۋاقىتتا، ئۇ بۇ ئىلگىرلەش ۋە تەرەققىياتلاردىن پايدىلىنىپ، مەدەنىيەتنى تېخىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، ئۇنى ئۇلۇغۋار نىشانىغا قاراپ يۈكسەلدۈرىدۇ. ئەگەر مەلۇم رايوندا، بۇ ئەۋزەللىكلەر ھازىرلانمىغان بولسا، ئىسلام ئۇنى بارلىق مۇمكىنچىلىكلەر بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنىڭ ئالغا ئىلگىرلىشى ۋە تەرەققى قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. لېكىن، قانداق ئەھۋالدا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئىسلامى مەدەنىيەت ھامان ئۆزىنىڭ مۇستەقىل بولغان مۇقىم پرىنسىپى ئۈستىگە بەرپا قىلىنىدۇ، ھەر دائىم بىر ئىسلامى جەمئىيەت بەرپا بولغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن ئورگانىك قۇرۇلمىسى مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنى ھەر قانداق بىر جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەتتىن روشەن پەرقلەندۈرىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿صِبْغَةَ اللّهِ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللّهِ صِبْغَةً وَنَحْنُ لَهُ عَابِدونَ﴾

**«ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، ئاللاھدىن دىندىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟»** (سۈرە بەقەرە 138 ـ ئايەت)

# ئىسلام مەدەنىيەت قارىشى

چوقۇنۇش (ئىبادەت)نىڭ شەرتسىز ھالدا ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشى ئىسلام ئېتىقادىنىڭ بىرىنچى تۈۋرۈكىنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئامىلى بولۇپ، ئۇ دەل «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئارقىلىق بۇ خىل چوقۇنۇش (ئىبادەت)نىڭ ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىش بۇ تۈۋرۈكنىڭ ئىككىنچى مۇھىم ئامىلى بولۇپ، ئۇ دەل «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى. بۇ نۇقتىنى «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق- دېگەن كەلىمە تۇرمۇش يولى» دېگەن بابتا سۆزلەپ ئۆتتۇق.

چوقۇنۇش (ئىبادەت) شەرتسىز ھالدا ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇش ئېتىقاد، ئىبادەت پائالىيەتلىرى ۋە قانۇن قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردە ئاللاھنى يەككە-يېگانە بىلىشتە ئىپادىلىنىدۇ. مۇسۇلمان، خوجايىنلىق ئىمتىيازىنىڭ ئاللاھدىن باشقا ھەر قانداق ئادەم ۋە شەيئىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ، شۇنداقلا ئىبادەت پائالىيەتلىرىنى ئاللاھ ياراتقان شەيئىلەر ئۈچۈن قىلىشقىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ھەمدە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ ئىنسانىيەت ئىچىدىكى ھەر قانداق بىر كىشىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشەنمەيدۇ. بۇ نۇقتا ئالدىنقى بابلاردا بايان قىلىندى، ھەمدە چوقۇنۇش، ئېتىقاد، ئىبادەت پائالىيەتلىرى ۋە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە چۈشەندۈرۈش بېرىلدى،

ئەمدى بۇ يەردە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىمىز.

ئىسلام دۇنيا قارىشىدا، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئۇقۇمى، ھەرگىزمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن قانۇن ماددىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، دەتالاشقا دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا ئاللاھقا ئەرز قىلىپ، ئاللاھنىڭ ھۆكمى بويىچە ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ماھىيەتتە، «شەرىئەت»- ئىسلام قانۇنى ئۇقۇمى ھەرگىزمۇ قانۇن ماددىلىرىنى تۇرغۇزۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ھەتتا ئۇ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى پرىنسىپى، تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي فورماتسىيە

(ئىجتىمائىي ھالەت) بىلەنمۇ چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇ خىل تار مەنادىكى ئۇقۇم ھەرگىزمۇ ئىسلام دۇنيا قارىشى ۋە «شەرىئەت» - ئىسلام قانۇنىنىڭ ھەقىقىي مەناسىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئاللاھنىڭ ئىسلام قانۇنى، ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنى تەشكىللەش ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن بارلىق نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئېتىقاد پرىنسىپى، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى پرىنسىپى، ئەخلاق ئۆلچىمى پرىنسىپى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، يۈرۈش-تۇرۇش (ھەرىكەت) پرىنسىپى، شۇنداقلا ئىلىم تەلەپ قىلىش پرىنسىپى قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇ ئېتىقاد قارىشى ۋە دۇنيا قاراش - بۇ دۇنيا قاراشنى تەشكىل قىلغۇچى بارلىق مۇھىم ئامىللار: ئىلاھنىڭ ھەقىقىتى ھەققىدىكى، كائىناتنىڭ ھەقىقىتى ھەققىدىكى كۆرگىلى بولىدىغان ھادىسىلەر ۋە كۆرگىلى بولمايدىغان سىرلاردا، ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىتى ھەققىدىكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى كۆرگىلى بولىدىغان ھادىسىلەر ۋە كۆرۈنمەيدىغان سىرلاردا، ئىنساننىڭ ھەقىقىتى ھەققىدىكى..... بۇ بارلىق ھەقىقەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلاردا ئىپادىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئىنسان بىلەن بۇ بارلىق ھەقىقەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇ (ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى) يەنە سىياسىي، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي فورماتسىيە، شۇنداقلا بۇلارنىڭ ھەممىسى تايىنىدىغان پرىنسىپلاردا ئىپادىلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ھالدا چوقۇنۇش (ئىبادەت)نىڭ پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئىسلام ئاساسى پرىنسىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئۇ (ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى) يەنە بارلىق ئىجتىمائىي فورماتسىيىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى قانۇن ماددىلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ نۇقتا بۈگۈنكى كىشىلەر تەرىپىدىن «قانۇن» دەپ ئاتىلىدۇ، لېكىن بۇ تار مەنادىكى ئۇقۇم ھەرگىزمۇ ئىسلام دۇنيا قارىشىدىكى «شەرىئەت» - ئىسلام قانۇنىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئەخلاق ئۆلچىمى، ئىش-ھەرىكەت، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئۆلچىمىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى شەخسنىڭ ئەخلاقى، كىشىلىك مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا ھەر خىل ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنى

ئاساس قىلىپ خاراكتېرلىنىدۇ.

ئاندىن كېيىن ئۇ يەنە، «بىلىمنىڭ» خىلمۇ-خىل قاتلاملىرى ۋە تەرەپلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بارلىق تەپەككۇر پائالىيەتلىرى ۋە سەنئەت پائالىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئېقىۋاتقان تار مەنادىكى قانۇن تۈزۈش ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلغانغا ئوخشاش، تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە، ئوخشاشلا ئاللاھ تەرەپتىن يېتەكچىلىك قوبۇل قىلىش زۆرۈر.

يۇقۇرىدىكى خىلمۇ-خىل مۇھاكىمە ۋە بايانلار ئارقىلىق، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ۋە قانۇننى ئالاھىدە خاس مەزمۇن قىلغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى مەسىلىسى ئايدىڭلاشقان بولۇشى مۇمكىن.

ئەخلاق ئۆلچىمى، ھەرىكەت پرىنسىپى، شۇنداقلا قىممەت قارىشى بىلەن ئۆلچەم مەسىلىسىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئايدىڭلاشقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بىر جەمئىيەتتە، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى، ھەرىكەت پرىنسىپى، شۇنداقلا قىممەت قارىشى بىلەن ئۆلچەمگە بولغان يېتەكچىلىكنىڭ ھەممىسى بىۋاستە ھالدا بۇ جەمئىيەتنىڭ ئېتىقاد قارىشىنىڭ كونتروللۇقىنىڭ مەنبىئى بولۇپ، بىۋاستە ھالدا ئاشۇ ئېتىقاد قارىشى كونتروللۇقىدىن ئېلىنغان ئېتىقاد تەپسىلاتلىرىنىڭ بىردىنبىر كېلىش مەنبىئى ھېسابلىنىدۇ.

لېكىن، تەپەككۇر پائالىيىتى ۋە سەنئەت پائالىيىتىمۇ ئىسلام دۇنيا قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئىلاھى مەنبىئىنى ئاساس قىلىش لازىم. بۇ مەسىلە، ھەتتا ئىسلامى تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلىرىگە نىسبەتەن غەلىتە ھەم يات تۇيۇلىشى مۇمكىن.

سەنئەت پائالىيىتىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلە ھەققىدە، «ئىسلام سەنئەت ئۇسلۇبى»[7] ناملىق ئەسەر نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئۇ كىتابتا بۇ مەسىلىگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ھەم مۇكەممەل شەرھلەش ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بارلىق سەنئەت پائالىيىتى بولسا كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى، ھېسسىياتى، ئىنكاسى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ھاياتلىققا قارىتا قارىشىنىڭ ئىپادىلىنىشى، دەپ قارايدۇ. بىر مۇسۇلمان سەنئەتكارنىڭ نەزىرىدە بارلىق سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئىجاد

[7] بۇ سەئىد قۇتۇبنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ئەسىرى.

قىلىدىغىنى ۋە پەرقلەندۈرىدىغىنى دەل ئۇنىڭ ئىسلام دۇنيا قارىشىدىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇ (سەنئەت پائالىيىتى) كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، هاياتلىق ۋە تۇرمۇشنىڭ هەر قايسى تەرەپلىرى، شۇنداقلا كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، هاياتلىق ۋە تۇرمۇش بىلەن ياراتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئىنساننىڭ ماهىيىتى، ئىنساننىڭ كائىناتتىكى ئورنى، ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەقسىتى، ئىنساننىڭ مەجبۇرىيىتى، ئىنساني هاياتلىقنىڭ قىممىتىگە قارىتا قارىشىنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام دۇنيا قارىشى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر خىل ئۆلۈك ھالدىكى ئىدىيىۋى قاراش بولماستىن، بەلكى بىر خىل جانلىق، ئىلھام بىلەن لىق تولغان، تەسىر كۈچىگە ئىگە، ئاكتىپ ئالغا ئىنتىلىدىغان، غەيرەت بىلەن يۇقۇرى ئۆرلەيدىغان، ئىنساني قۇرۇلمىسىنىڭ بارلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئېتىقاد قارىشىدىن ئىبارەت.

تەپەككۇر پائالىيىتى، شۇنداقلا چوقۇنۇش (ئىبادەت)نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ھەمدە بۇ پائالىيەتنى ئىسلامى دۇنيا قاراش ۋە ئۇنىڭ ئىلاھى مەنبىئىگە قايتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ يەردە بۇ مەسىلىنى تەپسىلي چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلە بۇ ماقالىنىڭ ئوقۇرمەنلىرىگە نىسبەتەن، ھەتتا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ۋە قانۇن تۈزۈش ھوقۇقىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەن بىر قىسىم مۇسۇلمان ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، بەلكىم يات ھەم چۈشىنىكسىز تۇيۇلىشى مۇمكىن.

بىر مۇسۇلمان ئېتىقاد، كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى دۇنيا قارىشى، ئىبادەت پائالىيەتلىرى، ئەخلاق ئۆلچىمى، ئەخلاق ۋە ھەرىكەت، قىممەت قاراش ۋە ئۆلچەم قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئىشلار توغرىسىدا، ياكى سىياسىي تۈزۈم، ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىقتىسادى تۈزۈمنىڭ پرىنسىپى ۋە قائىدىسى جەھەتلەردىكى ئىشلار توغرىسىدا، ياكى ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ مەقسىتىنى تەھلىل قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش جەھەتلەر توغرىسىدا، پەقەت ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ئىلاھى مەنبەدىن يېتەكچىلىك قوبۇل قىلىشى لازىم. بۇ بارلىق ئىشلاردا، پەقەت پاك ئېتىقادقا ئىگە، تەقۋادار، ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا ھەقىقىي تۈردە ئۆز

ئېتىقادىنى ئەمەلىلەشتۈرىدىغان، ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان مۇسۇلمان تەرىپىدىن يېتەكچىلىك قوبۇل قىلىش كېرەك.

ھالبۇكى، بىر مۇسۇلمان خېمىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە، ئاسترونومىيە، مېدىتسىنا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، مەمۇرى باشقۇرۇش (باشقۇرۇش ماھارىتى جەھەتتە)، ھۈنەر-سەنئەت ماھارىتى، ھەربىي ئىشلار ۋە ئۇرۇش (تېخنىكا جەھەتتىن)، شۇنداقلا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ساپ ئىلىم-پەن جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، ئۇ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ياكى كاپىرلار تەرىپىدىن يېتەكچىلىك ئىزدىسە بولىدۇ. ھەتتا بىر ئىسلامى جەمئىيەت بەرپا بولغان، ئۇنىڭ ئاساسى پرىنسىپى بۇ بارلىق ساھەلەرگە يېتەرلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشىنى تىرىشىپ تەمىنلەۋاتقان تەقدىردىمۇ شۇنداق بولسا بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەرز كۇپايە، ئىسلامى جەمئىيەتتە چوقۇم بىر قىسىم مەخسۇس خادىملار بۇ ئىلىم-پەن ۋە تېخنىكىلارنى تەتقىق قىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئەگەر يېتەرلىك كەسپىي تالانتلىق خادىملار بولمىسا، ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى، مەۋجۇت بولۇشى، تەرەققى قىلىشى ھەتتا مېۋە بېرىشى بىر ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلەنمىسە، ئۇنداقتا پۈتكۈل جەمئىيەت ئاللاھ ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. لېكىن، تاكى ئىسلامى جەمئىيەت يېتەرلىك شارائىتلار بىلەن تەمىنلىگۈچە، بىر مۇسۇلمان بۇ بارلىق ساپ ئىلىم-پەن ھەققىدىكى ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا مۇسۇلمانلاردىن ياكى كاپىرلار تەرىپىدىن يېتەكچىلىك ئىزدىسە بولىدۇ. ھەم يەنە مۇسۇلمانلار ياكى كاپىرلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئىچىدىن مەنپەئەتلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك. چۈنكى بۇ بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىدە بايان قىلىنغان: «سىلەر ئۆزلىرىڭلارنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرىڭلارنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىسىلەر». ئۇنىڭ ھاياتلىق، كائىنات، ئىنسان، ئىنسانى ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى، ئىنساننىڭ مەجبۇرىيىتى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇنداقلا ئىنسان بىلەن ياراتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلىدىغان مۇسۇلمانچە دۇنيا قاراش بىلەن مۇناسىۋىتى بولمايدۇ، ئۇنىڭ شەخسىي ۋە كوللىكتىپ تۇرمۇشنى تەشكىللەش پرىنسىپى، قانۇن تۈزۈش، تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي فورماتسىيە بىلەن مۇناسىۋىتى

بولمايدۇ. ئۇنىڭ جەمئىيەتنى باشقۇرۇش، بۇ جەمئىيەتنىڭ قىياپىتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەخلاق ئۆلچىمى، ئەدەب، ئەنئەنە، ئۆرپ-ئادەت، قىممەت قاراش ۋە ئۆلچەم بىلەن مۇناسىۋەتتى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنى (مۇسۇلماننى) ئېتىقادى جەھەتتە خاتا يولغا باشلاپ، جاھالەتپەرەسلىك ھالىتىگە قايتۇرۇۋېتىش خەۋپى بولمايدۇ!

پۈتكۈل ئىنسانىيەت (شەخس ۋە كوللېكتىپ)نىڭ پائالىيىتى ھەققىدىكى تەھلىل ۋە چۈشەندۈرۈشكە كەلسەك، بۇ يەردە ئىنسان ئۆزى ۋە ئۇنىڭ تارىخى تەرەققىياتىغا ئالاقىدار نەزەرىيىلەر، شۇنداقلا كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قارىتا چۈشەندۈرۈش، ھاياتلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئىنساننىڭ بارلىققا كېلىشى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلەرنى كۆرستىدۇ. تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ھالقىپ كەتكەن جەھەتلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا (ئۇ بولسىمۇ خىمىيە، فىزىكا، ئاستىرونومىيە، مېدىتسىنا پەنلىرىگە ئوخشاش ساپ ئىلىم-پەن بىلەن مۇناسىۋەتتى بولمىغان ھادىسىلەرنى كۆرستىدۇ)، بۇ بارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئىنسانىيەت تۇرمۇشى ۋە پائالىيىتىنىڭ پرىنسىپى، يولى ۋە قانۇن-تۈزۈمىنى تەشكىللەشكە ئوخشاش، ئېتىقاد بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى بار. شۇڭا، بىر مۇسۇلمان پەقەت بۇ جەھەتتىكى يېتەكچىلىكنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن، پاك ئېتىقادقا ئىگە، تەقۋادار، ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان مۇسۇلمان تەرىپىدىن بۇ جەھەتتىكى يېتەكچىلىكنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. مۇھىمى بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى بىر مۇسۇلماننىڭ ئېڭىدا ئۇنىڭ ئېتىقادى بىلەن باغلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا بۇنىڭ چوقۇنۇش (ئىبادەت)نىڭ پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپنىڭ زۆرۈر شەرتى ئىكەنلىكىنى ياكى *«بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى»* دېگەن گۇۋاھلىق كەلىمىسىنىڭ زۆرۈر شەرتى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش قويۇش لازىم.

ھالبۇكى، بىر مۇسۇلمان جاھالەتپەرەسلىك ھەققىدىكى ھەر خىل ئەسەرلەرنى، ئىدىيە ۋە قاراشلارنى تەتقىق قىلىسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ تەتقىقات مەقسىتى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى بەرپا قىلىش ئەمەس، بەلكى پەقەت جاھالەتپەرەسلىكنىڭ قانداق ئازغۇنلۇق يولدا ئىكەنلىكىنى تونۇش. بۇنداق ئىنسانىي قىڭغىرلىقنى قانداق تۈزىتىپ، ئۇنى توغرا باشلاپ، ئىسلامى دۇنيا قاراشنىڭ پاك پرىنسىپى ۋە ئىسلامى ئېتىقادنىڭ

ھەقىقىتى ئىچىگە قانداق قايتۇرۇپ كېلىشنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت.

پەلسەپە، ئىنسانىيەت تارىخى ئىلمى، پسىخولوگىيە (بەزى كۆزىتىش ۋە تەجرىبە نەتىجىسىدىن باشقا ئومۇمى تەھلىل نەزەرىيىسى)، ئېتىكا (ئەدەب-ئەخلاق تەلىماتى)، سېلىشتۇرما دىنشۇناسلىق، سوتسىئولوگىيە (جەمئىيەتشۇناسلىق) (كۆزىتىش، ئىستاتىستىكا قىلىش ۋە بەزى بىۋاسىتە ماتېرىياللاردىن باشقا، ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەر بولسا ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن خۇلاسىلاپ چىقىرىلغان ئومۇمىي نەتىجە، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇنىڭدىكى ئومۇمىي يېتەكچىلىك)، بۇ بارلىق پەنلەرنىڭ تەتقىقات يۈزلىنىشى، ئىلگىرى ۋە ھازىر بولۇشتىن قەتئىينەزەر ھامان جاھالەتپەرەسلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ھەممىسى جاھالەتپەرەسلىك ئېتىقادىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچراپ، جاھالەتپەرەسلىك ئىدىيىسى ئاساسىغا بەرپا قىلىنىدى، مۇبادا ھەممىسى ئەمەس دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ كۆپ قىسىم تەتقىقاتى يېتەكچىلىك خاراكتېرىدىكى پرىنسىپ جەھەتتىن بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن ھالدا ھامان دىنىي ئىدىيىگە دۈشمەنلىك نىيىتىدە بولۇپ كەلدى، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنيا قارىشىغا نىسبەتەن دۈشمەنلىك قارىشى تېخىمۇ چوڭقۇر بولدى.

بۇ خىل تۈسنى ئاساس قىلغان ئىدىيە ھەرىكىتى (ئاتالمىش ئىلىم-پەن ھەرىكىتى)نىڭ ئەھۋالى، خىمىيە، فىزىكا، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە، مېدىتسىنا پەنلىرىنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئېرىشمەكچى بولغان نەتىجىسى بىلەن ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ. پەقەت بۇ تەتقىقاتلار ھەقىقىي تۈردىكى تەجرىبە ۋە تەجرىبە نەتىجىسى ھەققىدىكى ئىستاتىستىكا دائىرىسىدىن ئۆتۈپ كەتمىسىلا، ھەر قانداق شەكىلدىكى پەلسەپىۋى چۈشەندۈرۈش دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلەيدۇ. خۇددى دارۋىنىزمچىلار بىئولوگىيە ئىلمى ئۈچۈن توپلىغان ۋە رەتلىگەن ئىلمىي كۆزىتىش ماتېرىياللىرى دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىپ، ھېچقانداق دەلىلسىز ھالدا، قىياس خاراكتېرىدىكى ئاتالمىش «ئىلىم-پەن» ھۆكۈملىرىنى چىقارغانغا ئوخشاش، ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەت ئۆزىنىڭ خاھىشى ۋە ياخشى كۆرگەن نۇقتىئىنەزىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت (يەنى: ھاياتلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققى قىلىشى ھەققىدە ماددى دۇنيانىڭ سىرتىدىن كەلگەن، تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پەرەز قىلىپ چۈشەندۈرۈشنىڭ

زۆرۇرىيىتى يوق، دەپ بىلجىرلاشتىن ئىبارەت).

بۇنىڭغا ئوخشىغان تەتقىقاتلار جەريانىدا، ئىنسانلارنىڭ بۇ ساھەلەردىكى ئورۇنۇشلىرى بىلەن تەتقىقاتى تېخى ناھايىتى بىمەنە ھەم كۈلكىلىك سەۋىيىدە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلار ھەقىقىي ئىلاھ تەرىپىدىن كەلگەن يېتەرلىك يېتەكچىلىككە ئىگە بولغان، بۇنداقتا بۇ مەسىلە بىلەن ئېتىقاد ۋە بارلىق چوقۇنۇش (ئىبادەت)نىڭ پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپنىڭ قانداقمۇ بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟

«مەدەنىيەت ـ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مىراسى»، ئۇ دۆلەت، ئىرق ۋە دىنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ ساپ ئىلىم ـ پەن ۋە پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشكەن ۋاقىتتا بۇ ھۆكۈم توغرا. لېكىن، ئۇ ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىپ، بۇ پەنلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە قارىتا «مىتافىزىكىچە» پەلسەپىۋى چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزى، ئىنسانلار پائالىيىتى ۋە تارىخىغا قارىتا پەلسەپىۋى چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، ھەتتا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا قارىتا پەلسەپىۋى چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، ئەھۋال ئۇنداق بولمايدۇ. بۇ ھۆكۈمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولسا، ئەمەلىيەتتە خەلقئارا يەھۇدى قىساسچىلىرى ئوينىغان ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى پەقەت بارلىق توسالغۇلارنى يوقىتىۋېتىش (ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچىسى بولسا ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراش جەھەتتىكى توسالغۇ) بولۇپ، بۇ ئارقىلىق دۇنيانى ناركوز قىلىپ، پۈتۈن دۇنيانى راخت كېسىلى (سۆڭەك يۇمشاش كېسىلى)گە گىرىپتار قىلىپ، ئاندىن كېيىن، يەھۇدى قىساسچىلىرىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە ھوقۇق جەھەتتىكى رولچىلارغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ياۋۇز قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى قۇۋلۇق بولسا جازانىخورلۇق قىلىش بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى ئەڭ ئاخىرىدا يەھۇدىيلار گورۇھى كونترول قىلىدىغان پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتلىرىغا توختىماي ئېقىپ كىرىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت.

لېكىن، ئىسلام، ساپ ئىلىم ـ پەن ۋە تېخنىكا ئەمەلىيىتىدىن باشقا، پەقەت ئىككى خىل مەدەنىيەت بار دەپ قارايدۇ. بىرىنچىسى، ئىسلام دۇنيا قارىشى ئاساسىغا بەرپا قىلىنغان ئىسلام مەدەنىيىتى. ئىككىنچىسى، جاھىلىيەتپەرەسلىك مەدەنىيىتى، گەرچە بۇ خىل مەدەنىيەت رەڭگارەڭ

فورماتسىيە (ھالەت)لەر ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ـ ئاللاھنىڭ يېتەكچىلىكىنى مىزان قىلماستىن، بەلكى ئىنسان ئىدىيىسىنى ئىلاھلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىسلام مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيىۋى پائالىيىتى ۋە ئەمەلىي پائالىيىتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق قائىدە، يېتەكچىلىك پرىنسىپى ۋە ئالاھىدىلىكلەر ئىمكانىقەدەر بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرلىشى ۋە ھاياتى كۈچىگە مەڭگۈ كاپالەتلىك قىلىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، ياۋروپانىڭ ھازىرقى زامان سانائەت مەدەنىيىتى ئاساسلىنىدىغان تەجرىبىچىلىك يولى، ھەرگىزمۇ باشلىنىشتىلا ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن بولماستىن، بەلكى شەرق ۋە ئەندىلۇس (ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە)تىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پرىنسىپى ئىسلام دۇنيا قارىشى ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىك پرىنسىپىنىڭ كائىناتتىكى تەبىئىي ھادىسىلەر، كائىناتقا يوشۇرۇنغان كۈچ ۋە خەزىنىلەر ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشتىن كەلگەن. بۇ يول كېيىن ياۋروپا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئاندىن ئىلىم ـ پەننى گۈللەندۈرۈش دەۋرىگە كىرىپ، ياۋروپانى ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىش ۋە ئالغا ئىلگىرلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دۇنياسى قەدەممۇ ـ قەدەم ھەقىقىي ئىسلام روھىدىن ئايرىلىپ (ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئاساسى سەۋەب بار: (1) جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەسلى ئۆزىدىكى سەۋەب. (2) يەھۇدى، خىرىستىئان دۇنيالىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ئىبارەت تاشقى سەۋەب)، ئالغا باسماي بىر ئىزدا توختىتۋېلىش كۆرۈلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلام دۇنياسى تەجرىبىچىلىك يولىدىن ۋاز كەچتى. كېيىن، خىرىستىئان دىنى جەمئىيەتلىرى تەڭرىنىڭ نامى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت خەلقنى ئەزگەن ۋاقىتتا، ياۋروپا ئۆزى ئىگە بولغان تەجرىبىچىلىك يولدىن ئىبارەت بۇ مەشئەل بىلەن ئىسلام ئەقىدىسى پرىنسىپى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئۈزۈپ تاشلاپ، دىنىي جەمئىيەتلەر بىلەن بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش جەريانىدا، بۇ مەشئەلنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرى ئاللاھدىن يىراقلاشتى.

ئوخشاشلا، ياۋروپانىڭ بۇ ئىدىيىۋى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەر قايسى دەۋر ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى جاھالەتپەرەسلىك ئىدىيىۋى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن

قوشۇلۇپ، بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرىگە ئايلىنىپ، ئورتاق بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ماھىيىتى ئىسلام دۇنيا قارىشى ئامىللىرى بىلەن تۈپتىن قارىمۇ-قارشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلامى دۇنيا قاراشقا نىسبەتەن چوڭقۇر دۈشمەنلىكى بار. شۇڭا، ھەر بىر مۇسۇلمان ئىسلامى دۇنيا قاراشتا چىڭ تۇرۇشى، ئەگەر ئىقتىدارى بولسا، ئۆزى پەقەت ئىلاھى مەنبەدىن يېتەكچىلىك ئىزدىشى، بولمىسا، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان، تەقۋادار، ئېتىقادى ۋە سەمىمىيىتىگە ئىشىنىشكە بولىدىغان مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن يېتەكچىلىك ئىزدىشى كېرەك.

بىلىم ۋە بىلىم ئىگىسىگە نىسبەتەن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدىغان بۇ خىل تەشەببۇسقا قارىتا، ئۇ كىشىلەرنىڭ كائىنات، ھاياتلىق، ئىنسانلار پائالىيىتى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەت، قىممەت قاراش، ئەخلاق ئۆلچىمى، شۇنداقلا باشقا بارلىق ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇقتىئىنەزىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان، ھەمدە ئېتىقادىنىڭ ھەر خىل مۇھىم ئامىللىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىلىملەر بىلەن باغلانغان ۋاقىتتا، ئىسلام بۇ خىل تەشەببۇسنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

خېمىيە، فىزىكا، ئاستىرونومىيە، مېدىتسىنا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، مەمۇرى باشقۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ماھارىتى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھەر خىل تۈردىكى ساپ ئىلىم-پەن ئۇسىتىدىكى ئىزدىنىشلەر جەريانىدا، بۇ جەھەتلەردىكى تەتقىقاتلارغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر تەقۋادار مۇسۇلماننى تاپقىلى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىسلام كىشىلەرنىڭ تەقۋادار بولمىغان مۇسۇلمان تەرىپىدىن ياكى كاپىرلار تەرىپىدىن يېتەكچىلىك قوبۇل قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. بۇگۈنكى ئەھۋال دەل مۇشۇنداق بولۇۋاتىدۇ. ئۆزىنى مۇسۇلمان ئاتىۋالغان ئاشۇ كىشىلەر ئىسلام ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇش يولىدىن ئايرىلىپ، ئاللاھنىڭ ئۆلارغا تاپشۇرغان زېمىننى ئىدارە قىلىش ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر خىل زۆرۈر بولغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىسلام دۇنيا قارىشىدىن چەتنىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ۋاكالەتەن بۇ زېمىننى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ بىر بۈيۈك مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا زۆرۈر بولغان شەرتلەردىن ۋاز كېچىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. لېكىن، ئىسلام كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى پرىنسىپ، دۇنيا قاراشنىڭ مۇھىم ئامىللىرى، قۇرئان، ھەدىس ۋە پەيغەمبەر تەرجىمىھالىنى چۈشەندۈرۈش، ئىنسانىيەت تارىخى

تەرەققىياتى ۋە پائالىيىتىنى چۈشەندۈرۈش، ئىجتىمائىي تەشەببۇس، سىياسىي تۈزۈلمە، سىياسىي ئىستىراتىگىيە، ئەدەبىيات، سەنئەتنى نامايان قىلىش..... قاتارلىق جەھەتلەردە، ئىسلامى بولمىغان ماتېرىياللاردىن يېتەكچىلىك قوبۇل قىلىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ، شۇڭا پەقەت ئېتىقادى پاك، ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان ھەمدە تەقۋادار مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن يېتەكچىلىك ئىزدەش كېرەك.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، يۇقارقى جۈملىلەرنى يازغان ئادەم، 40 يىللىق ئوقۇش ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، 40 يىل جەريانىدا، ئۇنىڭ بىرىنچى بۇرچى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى بىلىملەرنى ئوقۇش ۋە تەتقىق قىلىش بولۇپ، بىر قىسمى ئۇنىڭ كەسپىي تەتقىقاتى، يەنە بىر قىسمى ئۇنىڭ شەخسىي قىزىقىشى ئىدى. ئەمما ئۇ ئىسلامى ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراشنىڭ مەنبىئىگە قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىلاھى خەزىنە بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى، تەڭ ئورۇنغا قويۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايقىدى. ئەمىلىيەتتىمۇ، پەقەتلا مۇشۇنداق! ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن بۇ 40 يىللىق ھاياتىغا ئۆكۈنمەيدۇ، چۈنكى ئۇ جاھالەتپەرەسلىكنىڭ ماھىيىتىنى، قىڭغىرلىقىنى، ئازغۇنلۇقىنى، ئۇنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى..... جاھالەتپەرەسلىكنىڭ قۇرۇق تېرە تاراقشىتىپ، مۇبالىغىلاشتۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ساختا ۋە ئالدامچىلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى. يېتەكچىلىكنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتا بىر مۇسۇلماننىڭ بۇ ئىككى مەنبەنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ۋە ئۈزۈل-كېسىل تونۇپ يەتتى.

مۇشۇنداقتىمۇ، يۇقۇرىدىكىلىرى مېنىڭ شەخسىي قاراشلىرىم، بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزى مېنىڭ شەخسىي چۈشەنچىلىرىمدىن تېخىمۇ مۇھىم، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشقا قارىتا ئېنىق كۆرسەتمە چىقارغان، ئەمما بىر مۇسۇلمان ھەدەپ ئۆزىنىڭ قارىشىنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالغان ۋاقىتتا، ئاللاھنىڭ «مىزان»ىدا، ئۇنىڭ ۋەزنى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. خۇددى مۆئمىنلەر ئىختىلاپقا دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا، ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى (ئەلچىسى)گە تاپشۇرۇپ بەرگەنگە ئوخشاش، بىزمۇ بۇنى ئاللاھ ۋە

ئۇنىڭ رەسۇلىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇشىمىز كېرەك.

يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىنى يىغىنچاقلاپ مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَدَّ كَثِيرٌ مِّنْ أَهْلِ الْكِتَابِ لَوْ يَرُدُّونَكُم مِّن بَعْدِ إِيمَانِكُمْ كُفَّاراً حَسَدًا مِّنْ عِندِ أَنفُسِهِم مِّن بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ الْحَقُّ فَاعْفُواْ وَاصْفَحُواْ حَتَّى يَأْتِيَ اللّهُ بِأَمْرِهِ إِنَّ اللّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾

**«ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر (يەنى ئاللاھ سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە) ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.»** (سۈرە بەقەرە 109 ـ ئايەت)

﴿وَلَن تَرْضَى عَنكَ الْيَهُودُ وَلاَ النَّصَارَى حَتَّى تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ قُلْ إِنَّ هُدَى اللّهِ هُوَ الْهُدَى وَلَئِنِ اتَّبَعْتَ أَهْوَاءهُم بَعْدَ الَّذِي جَاءكَ مِنَ الْعِلْمِ مَا لَكَ مِنَ اللّهِ مِن وَلِيٍّ وَلاَ نَصِيرٍ﴾

**«سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگۈچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «توغرا يول پەقەت ئاللاھنىڭ يولىدۇر». ساڭا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن (يەنى پاكىتلىق ھەقىقەت ساڭا ئاشكارا بولغاندىن كېيىن)، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن بولساڭ، (سېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ، مەدەتكارمۇ بولمايدۇ.»** (سۈرە بەقەرە 120 ـ ئايەت)

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوَاْ إِن تُطِيعُواْ فَرِيقًا مِّنَ الَّذِينَ أُوتُواْ الْكِتَابَ يَرُدُّوكُم بَعْدَ

إِيمَانِكُمْ كَافِرِينَ﴾

**«ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر ئەھلى كىتابتىن بىر پىرقىگە ئىتائەت قىلساڭلار، مۇئمىن بولغىنىڭلاردىن كېيىن، ئۇلار سىلەرنى كاپىر قىلىپ قويىدۇ.»** (سۈرە ئال ئىمران 100 ـ ئايەت)

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئەھلى كىتابتىن ھېچقانداق ئىشنى سورىماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ھەرگىزمۇ توغرا يولغا باشلىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەسلىدىنلا ئازغۇنلۇقتا. (ئەگەر ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىساڭلار) سەپسەتىلىرىنى ھەقىقەت دەپ قالىسىلەر، ياكى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىسىلەر. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇسا پەيغەمبەر ئاراڭلاردا ھايات بولغان بولسىمۇ، پەقەت ماڭا ئەگەشكەن بولاتتى.»

يەھۇدى ۋە ناسارالارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىنى ئاللاھ ئاشۇنداق كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن پاش قىلىۋاتسا، بىز يەنىلا ئۇلارنى ياخشى كۆڭۈل بىلەن ئىسلامى ئېتىقادنى ياكى ئىسلام تارىخىنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ، ياكى ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادى تۈزۈمىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ، ياكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتىدۇ، ياكى توغرا يولغا باشلاۋاتىدۇ، ياكى يورۇقلۇققا باشلاۋاتىدۇ دەپ پەرەز قىلغان بولساق، ئۇنداقتا بىز ئاللىقاچان دىۋەڭلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولىمىز. ئاللاھنىڭ ئېنىق ۋەھيىسىنى كۆرگەندىن كېيىنمۇ، يەنىلا ئۇلارنى شۇنداق پەرەز قىلغانلار، ھەقىقەتەن بىر توپ ھۇشىنى تاپمىغان خام خىيالپەرەسلەردۇر. ئوخشاشلا،

﴿قُلْ إِنَّ هُدَى اللَّهِ هُوَ الْهُدَى﴾

**«ئېيتقىنكى، توغرا يول پەقەت ئاللاھنىڭ يولىدۇر.»** (سۈرە بەقەرە 120 ـ ئايەت)

دېگەن ئاللاھنىڭ بۇ ئايىتى، مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا قەتئىي چېك تۇرۇشقا تېگىشلىك بىردىنبىر مەنبەنى بەلگىلەپ بەردى. چۈنكى ئاللاھنىڭ يېتەكچىلىكىدىن قالسا، پەقەت ئازغۇنلۇقلا بار، ئاللاھنىڭ يېتەكچىلىكىدىن باشقا يېتەكچىلىك يوق. بۇ نۇقتا، دەل بۇ «ئېيتقىنكى، توغرا يول پەقەت ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئايەتتە ئېخچام شەكىلدە تەكىتلىك تەلەپپۇز بىلەن بايان قىلىندى. بۇ ئايەت ئۇقتۇرغان مەزمۇن، ھەم

شۇبھىلىنىشكە، ھەم باشقىچە چۈشەندۈرۈش ئىزدەشكە ئىمكانىيەت قالدۇرمايدۇ.

بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللاھ ئاللاھنىڭ نەسىھەتىدىن باش تارتقان، پەقەت بۇ دۇنيا ھاياتىنىلا كۆزلەيدىغان كىشىلەردىن يىراق بولۇشنى كەسكىن بۇيرۇق قىلىدى. ھەمدە بۇ خىل ئادەملەرنىڭ پەرەزدىن باشقا ھېچقانداق ھەقىقىي بىلىمگە ئىگە ئەمەس ئىكەنلىكىنى (بىر مۇسۇلمان پەرەز ياكى گۇمانغا ئەگىشىشتىن چەكلىنىگەن)، بۇ خىل ئادەملەرنىڭ، پەقەت بۇ دۇنيا تۇرمۇشى ھەققىدە يۈزەكى بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، چوڭقۇر ھەقىقىي بىلىمگە ئىگە ئەمەس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَأَعْرِضْ عَن مَّن تَوَلَّى عَن ذِكْرِنَا وَلَمْ يُرِدْ إِلَّا الْحَيَاةَ الدُّنْيَا*ذَلِكَ مَبْلَغُهُم مِّنَ الْعِلْمِ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِ وَهُوَ أَعْلَمُ بِمَنِ اهْتَدَى﴾

**«بىزنىڭ زىكرىمىز ( يەنى ئىمان بىلەن قۇرئان )دىن باش تارتقان، پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلىگەنلەردىن يۈز ئۆرىگىن. ئۇلارنىڭ ئىلمىدىن يەتكەن يېرى ئەنە شۇ، شۇبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ ئۇزىنىڭ يولىدىن ئازغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقان ئادەمنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.»** ( سۈرە نەجم 29 ـ 30 ئايەت )

﴿يَعْلَمُونَ ظَاهِرًا مِّنَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ عَنِ الْآخِرَةِ هُمْ غَافِلُونَ﴾

**«ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن ( يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن ) غەپلەتتىدۇر.»** ( 30 ـ سۈرە 7 ـ ئايەت )

ئاللاھنىڭ نەسىھەتىدىن غەپلەتتە قېلىپ، پەقەت بۇ دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتىنى كۆزلەش ـ بۇگۈنكى دۇنيادىكى بارلىق ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، ئەدىبلەرنىڭ ئەھۋالى بولۇپ، ئۇلار پەقەت يۈزەكىنە بىلىمگە ئىگە. بۇ خىل «بىلىم» ھەرگىزمۇ مۇسۇلمانلار تايىنىدىغان، بارلىق ئىشلىرىدا يېتەكچىلىك قوبۇل قىلىدىغان ئۇ خىل «ھەقىقىي بىلىم» ئەمەس. بىر مۇسۇلمان پەقەت پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىلا ئۇلاردىن يېتەكچىلىك قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھاياتلىق، تۇرمۇش ۋە ئىدىيە ساھەسىدىكى ئومۇمى تەھلىلى ۋە چۈشەندۈرۈشىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن ۋە تەرىپلەنگەن بىلىم ئەمەس، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ ﴾

**«. . . . . بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟. . . .»** (سۈرە زۇمەر 9 ـ ئايەت)

بۇ قايتۇرما سوراق شەكلىدىكى سوراق جۈملە قۇرئاندىكى ئالدىنقى ۋە كېيىنكى مەزمۇنلىرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن ئايەتلەر شەكلىدە ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ئايەت ئىچىدە كەلدى، بۇ ئايەت تۆۋەندىكىچە:

﴿أَمَّنْ هُوَ قَانِتٌ آنَاءَ اللَّيْلِ سَاجِدًا وَقَائِمًا يَحْذَرُ الْآخِرَةَ وَيَرْجُو رَحْمَةَ رَبِّهِ قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُو الْأَلْبَابِ﴾

**«(ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت (ئازابىدىن) قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟). ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ».»** (سۈرە زۇمەر 9 ـ ئايەت)

بۇنداقتا، ئاخىرەت ئازابىدىن قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم ئاندىن ھەقىقىي بىلىمگە ئىگە بولغان بولىدۇ. مانا بۇ قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن ئىنساننى ئاللاھقا تېۋىندۇرىدىغان بىلىم، مانا بۇ ئىنساننى توغرا يولغا باشلايدىغان بىلىم. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئىنسان تەبىئىتىنى خاراب قىلىپ، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلدۇرىدىغان بىلىم بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي بىلىم.

بىلىم ھەرگىزمۇ ئېتىقاد، دىنى مەجبۇرىيەتلەر، قانۇن ماددىلىرى دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، ماھىيەتتە، بىلىم ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق قانۇنىيەتلەر ھەققىدىكى بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىدىن باشقا يەنە بۇ بارلىق قانۇنىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئېتىقاد، دىنىي مەجبۇرىيەت، قانۇن ـ قائىدىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئاللاھقا ۋاكالەتەن بۇ دۇنيانى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ. لېكىن، ئېتىقادى پرىنسىپتىن ئايرىۋېتىلگەن بىلىم، ھەرگىزمۇ قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن بىلىم ئەمەس، ھەرگىزمۇ قۇرئاندا تەرىپلەنگەن كىشىلەرنىڭ بىلىمى ئەمەس. شۈبھىسىزكى، ئېتىقادى پرىنسىپ ۋە ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە، فىزىكا، خىمىيە، گېئولوگىيە (ۋە باشقا كائىنات قانۇنىيەتلىرى ۋە جانلىقلار قانۇنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈرلۈك ئىلىم-پەن بىلىملىرى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل باغلىنىش بولۇپ، بۇ بارلىق بىلىملەرنىڭ ھەممىسى ئىنساننى ئاللاھنىڭ يولىغا يېتەكلەيدۇ). لېكىن نەپسى-خاھىشنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ بىلىملەر ئاللاھنىڭ يولىدىن يىراقلاشقان ۋاقىتتا، خۇددى ياۋروپا ئىلىم-پەننى گۈللەندۈرۈش جەريانىدا قوبۇل قىلغان يولغا ئوخشاش شۇنداق بولىدۇ. ئىنتايىن ئەپسۇسكى، ياۋروپادا ئىلىم-پەننى گۈللەندۈرۈش، ئىلىم-پەن خادىملىرى بىلەن خىرىستىئان دىنى جەمئىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا رەھىمسىزلەرچە كۈرەش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئاللاھدە تارىخى باسقۇچتا بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇ تارىخ ياۋروپانىڭ پىكىر قىلىش شەكلى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىغا قارىتا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ، پەقەت دىنىي جەمئىيەتلەر ئىدىيىسى ۋە خىرىستىئان دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق دىنى ئىدىيىلەرگە قارىتا دۈشمەنلىك قارىشىدىن ئىبارەت زەھەرنى چاچتى، ياۋروپا ئىدىيىسىدە پەيدا بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە بىلىم ساھەسىدە، مەيلى خىيالى پەلسەپە بولسۇن، ياكى سىرتىدىن قارىغاندا دىنى مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ساپ ئىلىم-پەن تەتقىقاتى بولسۇن، ھېچقايسىسى سىرتتا قالمىدى.

ئەگەر غەربنىڭ پىكىر قىلىش شەكلى بىلەن بۇ ئىدىيىلەر ھەر قايسى بىلىم ساھەلىرىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، دىنغا تۇپتىن دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ئاشۇ ئىدىيىۋى پرىنسىپلارنىڭ زەھەرخەندىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بىزنىڭ خۇلاسىمىز شۇكى، ئاشۇ پىكىر قىلىش شەكلى ۋە ئىدىيىۋى مەھسۇلىنىڭ ئىسلامى دۇنيا قاراشقا قارىتا ئاللاھدە يامان نىيىتى بار. بۇ خىل دۈشمەنلىك نىيىتى قەستەن بولۇپ، نۇرغۇن ئەھۋاللاردا، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، ئېتىقادنى، دۇنيا قاراشنى ۋە ئىسلامى چۈشەنچىلىرىنى سۇسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھدە باش قاتۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئىسلامى جەمئىيەت ئاللاھدىلىكلىرىنىڭ ھەر قايسى مۇھىم ئامىللىرىنى بەرپا قىلىشتا تايىنىدىغان بارلىق ئاساسلارنى ۋەيران قىلىدۇ.

شۇڭا، ئىسلامى تەتقىقاتتا، يەنىلا غەربنىڭ پىكىر قىلىش شەكلى ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتىغا تايانغاندا، نومۇسسىز قارىغۇلارغا ئايلىنىپ قالىمىز. شۇڭلاشقا، تۆرلۈك ساپ ئىلىم ـ پەن ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋاقتىمىزدا (بۇ پەن ـ تېخنىكىلار تەتقىقاتىدا بىزنىڭ دەۋرىمىزدە، پەقەت غەرب مەنبەلىرىدىن يېتەكچىلىككە ئىگە بولۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا)، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق تۈستىكى پەلسەپىلەردىن ھۇشيار بولىشىمىز لازىم، چۈنكى بۇنداق پەلسەپىلەر بارلىق دىنى ئىدىيىلەرگە، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنيا قارىشىغا تۈپتىن دۈشمەنلىك بىلەن قارايدۇ، ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر تامچە زەھىرى ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ سۈپسۈزۈك بۇلاقنى بۇلغاشقا يېتىپ ئاشىدۇ.

## مۇسۇلماننىڭ تەۋەلىكى ۋە ئېتىقادى

ئىسلام بىر خىل يېپيېڭى ھەقىقەت قىممەت قارىشى ۋە ئۆلچەم بولۇپ ئىنسانىيەتكە نازىل بولدى، ھەمدە كىشىلەرگە بۇ قىممەت قاراش ۋە ئۆلچەملەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭ مەنبەئىنى چۈشەندۈرگەن ۋاقىتتا، ئىسلام ئاللىقاچان ئىنسانىيەتكە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە رىشتە ھەققىدىكى بىر خىل يېپيېڭى دۇنيا قاراشنى ئېلىپ كەلدى.

خۇددى ئىنسان ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ بۇ دۇنياغا كېلىپ، ئاندىن كېيىن يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتقانغا ئوخشاش، خۇددى ئىنسان ئاللاھنىڭ نېئمىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە رىشتە بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئېلىپ ئاللاھنىڭ ئالدىغا قايتىپ بارغانغا ئوخشاش، ئىسلامنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشتىكى مەقسىتى، دەل ئىنسانىيەتنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئاللاھنىڭ ئىمتىيازىنى ئىنسانىيەتنىڭ قىممەت قاراش ۋە ئۆلچەمنى قوبۇل قىلىشتىكى بىردىنبىر ئىمتىياز قىلىشتىن ئىبارەت.

ئىسلامنىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى مەقسەت، ئىنسانىيەتنىڭ ئاللاھقا باغلىنىدىغان بىر خىل رىشتە مۇناسىۋىتىنى جاكارلاشتىن ئىبارەت، ئەگەر بۇ رىشتە ئۈزۈۋېتىلسە، بارلىق قانداشلىق مۇناسىۋەت ۋە دوستلۇق قايتا مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَا تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ يُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَوْ كَانُوا آبَاءهُمْ أَوْ أَبْنَاءهُمْ أَوْ إِخْوَانَهُمْ أَوْ عَشِيرَتَهُمْ أُوْلَئِكَ كَتَبَ فِي قُلُوبِهِمُ الْإِيمَانَ وَأَيَّدَهُم بِرُوحٍ مِّنْهُ وَيُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ أُوْلَئِكَ حِزْبُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ حِزْبَ اللَّهِ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

**«ئاللاهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس) . . . . . .»** (سۈرە مۇجادەلە 22 ـ ئايەت)

ئاللاھ ئاللاھنىڭ جامائىتىنىڭ بىر نەچچە ئەمەس، پەقەت بىر ئىكەنلىكىنى، قالغان گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىبلىس ۋە زالىملارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿الَّذِينَ آمَنُواْ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَالَّذِينَ كَفَرُواْ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ الطَّاغُوتِ فَقَاتِلُواْ أَوْلِيَاء الشَّيْطَانِ إِنَّ كَيْدَ الشَّيْطَانِ كَانَ ضَعِيفًا﴾

**«مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر.»** (سۈرە نىسا 76 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە پەقەت بىرلا يولنىڭ ئاللاھنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى، باشقا يوللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئازغۇنلۇق يولى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ وَلاَ تَتَّبِعُواْ السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَن سَبِيلِهِ ذَلِكُمْ وَصَّاكُم بِهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

**«بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار. ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ. . . . .»** (سۈرە ئەنئام 153 ـ ئايەت)

ئاللاھ پەقەت بىرلا خىل تۈزۈمنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، ئۇ بولسىمۇ ئىسلام تۈزۈمى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق تۈزۈملەرنىڭ جاھالەتپەرەسلىك ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللّهِ حُكْمًا لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾

**«ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزەرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھدىنمۇ ئادىل كىم بار؟»** (سۈرە مائىدە 50 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە قانۇننىڭ پەقەت بىر ئىكەنلىكىنى، ئۇ بولسىمۇ پەقەت ئاللاھنىڭ (شەرىئىتىدىن) ئىبارەت ئىسلام قانۇنى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نەپسى-خاھىش ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ثُمَّ جَعَلْنَاكَ عَلَى شَرِيعَةٍ مِّنَ الْأَمْرِ فَاتَّبِعْهَا وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَاء الَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾

**«ئاندىن سېنى بىز (ئى مۇھەممەد!) دىن ئىشىدا (روشەن) بىر يولدا قىلدۇق، شۇ يولغا ئەگەشكىن، بىلمەيدىغانلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ نەپسى ـ خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن.»** (سۈرە جاسىيە 18 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە ئالەمدە پەقەت بىرلا ھەقىقەتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَذَلِكُمُ اللّهُ رَبُّكُمُ الْحَقُّ فَمَاذَا بَعْدَ الْحَقِّ إِلاَّ الضَّلاَلُ فَأَنَّى تُصْرَفُونَ﴾

**«..... ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرى نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، نېمىشقا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟»** (سۈرە يۇنۇس 32 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە دۇنيادا پەقەت ئىسلام يۇرتىدىن ئىبارەت بىرلا تېنچلىق يۇرتىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭدا ئىسلامى دۆلەت قۇرۇلۇپ، بارلىق ئىشلار ئاللاھنىڭ «شەرىئىتى»بويىچە باشقۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئاللاھنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى ئىجرا قىلىنىدۇ، دەپ جاكارلايدۇ. ئىسلام يۇرتىدا، مۇسۇلمانلار ئۆزئارا بىر-بىرىنى نازارەت قىلىپ، كېڭىشىش ئارقىلىق دۆلەت سىياسىتىنى ئورتاق بەلگىلەپ، دۆلەت ئىشلىرىنى ئورتاق باشقۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشنىڭ مەنبىئى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇلار بىلەن ياكى ئۇرۇشىدۇ ياكى تېنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، تېنچلىقتا بىللە ئۆتىدۇ،

لېكىن ئۇنى ئىسلامى يۇرت دەپ قاراشقا بولمايدۇ، ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ئىگە ئەمەس. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَالَّذِينَ آوَواْ وَّنَصَرُواْ أُوْلَئِكَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ وَالَّذِينَ آمَنُواْ وَلَمْ يُهَاجِرُواْ مَا لَكُم مِّن وَلاَيَتِهِم مِّن شَيْءٍ حَتَّى يُهَاجِرُواْ وَإِنِ اسْتَنصَرُوكُمْ فِي الدِّينِ فَعَلَيْكُمُ النَّصْرُ إِلاَّ عَلَى قَوْمٍ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُم مِّيثَاقٌ وَاللّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ* وَالَّذينَ كَفَرُواْ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ إِلاَّ تَفْعَلُوهُ تَكُن فِتْنَةٌ فِي الأَرْضِ وَفَسَادٌ كَبِيرٌ* وَالَّذِينَ آمَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَالَّذِينَ آوَواْ وَّنَصَرُواْ أُولَئِكَ هُمُ الْمُؤْمِنُونَ حَقًّا لَّهُم مَّغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ* وَالَّذِينَ آمَنُواْ مِن بَعْدُ وَهَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ مَعَكُمْ فَأُوْلَئِكَ مِنكُمْ وَأُوْلُواْ الأَرْحَامِ بَعْضُهُمْ أَوْلَى بِبَعْضٍ فِي كِتَابِ اللّهِ إِنَّ اللّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾

**«ئىمان ئېيتقانلار، ( ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ ) ھىجرەت قىلغان، پۇل ـ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار ( يەنى مۇھاجىرلار )، ( يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا ) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر ( يەنى ئەنسارلار )، ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر ( يەنى بىر ـ بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر ـ بىرىگە مىراسخوردۇر ). ئىمان ئېيتقان ئەمما ( مەدىنىگە ) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆز ـ ئارا ئىگە بولۇش ( يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش ) بولمايدۇ، ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. كاپىرلار ( ياردەمدە ۋە مىراستا ) بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر، ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ. ئىمان ئېيتقانلار، ( مەدىنىگە ) ھىجرەت قىلغانلار، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، ( يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا ) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر ( يەنى**

**ئەنسارلار ) ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر. ئۇلار ( نىڭ گۇناھى ) مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار ( جەننەتتە ) ئېسىل رىزىققا ئىگە بولىدۇ. كېيىن ئىمان ئېيتىپ ( مەدىنىگە ) ھىجرەت قىلغانلار ۋە سىلەر بىلەن بىللە جىھاد قىلغانلار سىلەردىن سانىلىدۇ. . . . .»** ( سۈرە ئەنفال 72 ـ 75 ئايەت )

ئىسلام دەل مۇشۇنداق ساپلىق ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئىنسانىي يۈكسەلدۈرۈپ، ئىنسانلارنى تار مەنىدىكى تېررىتورىيە ۋە زېمىن مۇناسىۋىتىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. تار مەنادىكى بۇ دۇنيالىق مۇناسىۋەت بولغان قانداشلىق مۇناسىۋىتىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئۇنداقتا، بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنى دەل ـ ئاللاھنىڭ ئىلاھى «شەرىئىتى» يولغا قويۇلغان، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت «بارلىق مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قېرىنداش» دېگەن ئاساس ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان يۇرتتۇر، بىر مۇسۇلماننىڭ تەۋەلىكى دەل ئۇنىڭ ئېتىقادى بولۇپ، بۇ ئېتىقاد ئۇنى ئىسلام يۇرتىدا ئىسلامىي «ئۈممەت»نىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلاندۇرىدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى پەقەت ئاللاھقا بولغان ئېتىقادىدىن ئۇرغۇپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرتتىكى ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى قەلب رىشتە مۇناسىۋىتى ئاللاھقا باغلىنىدۇ.

ئەگەر ئاللاھقا ئېتىقادى بولمايدىكەن، بىر مۇسۇلماننىڭ دادىسى، ئانىسى، قېرىنداشلىرى، ئائىلى ۋە باشقا بارلىق ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى قايتا مەۋجۇت بولمايدۇ. ئەگەر ياراتقۇچى ئىگىسىگە ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ مۇھىم مۇناسىۋەت بولىدىكەن، ئۇلار تېخىمۇ يېقىن قېرىنداشلاردىن بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالاً كَثِيرًا وَنِسَاء وَاتَّقُواْ اللّهَ الَّذِي تَسَاءلُونَ بِهِ وَالأَرْحَامَ إِنَّ اللّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا﴾

**«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن ( يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن ( يەنى ئۆز جىنسىدىن ) ئۇنىڭ جۈپتىنى ( يەنى ھەۋۋانى ) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن ( يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر ـ**

**بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغان نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھدىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. . . . .»** (سۈرە نىسا 1 ـ ئايەت)

ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان ئېتىقاد بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسى پەقەت ئىسلامغا قارشى دۈشمەن سېپىگە قوشۇلمىغان بولسىلا، بۇ ئەھۋال مۇسۇلمان پەرزەنتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشىغا، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇشىغا توسالغۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار دۈشمەن سېپىگە قوشۇلسا، مۇسۇلمان پەرزەنت بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق مۇناسىۋەت ئۈزۈلىدۇ، مۇسۇلمان پەرزەنتنىڭ يەنە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا بولمايدۇ، ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيىنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ھەققىدىكى ھېكايە بۇنىڭ روشەن دەلىلى. بۇ ۋەقە مۇنداق بولغان:

ئىبنى جەرىر ئىبنى زىياددىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيىنىڭ ئوغلى ئابدۇللانى چاقىرتىپ مۇنداق دېدى: «سەن ئەجەبا ئاتاڭنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟»، «ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئاتام نېمىلەرنى دېدى؟» دەپ سورىدى ئابدۇللا. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئاتاڭ، ‹ئەگەر مەدىنىگە قايتىپ بارساق، ئاۋۇ ھۆرمەتلىك ئادەم (رەسۇلۇللاھنى دېمەكچى) پەسلەرنى مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ›دەپتۇ» دېدى. ئابدۇللا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى رەسۇلۇللاھ ئۇ ھەقىقەتەن راست ئېيتىپتۇ، سىلى ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئۇ ئەڭ پەس، ئى رەسۇلۇللاھ! سىلى مەدىنىگە كەلدىلە، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ شەھەردە مەندەك ئاتىسىغا ۋاپادار ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى پۈتۈن مەدىنىلىكلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ئەمما، ئەگەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى مېنى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇسا، مەن چوقۇم ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا تەقدىم قىلىمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «بۇنداق قىلىشىڭغا بولمايدۇ» دېدى. ئەمما، ئۇلار مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئابدۇللا قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ، شەھەر دەرۋازىسى سىرتىدا، ئاتىسىنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە يول قويمايدۇ، ھەمدە: «سەن، ‹ئەگەر بىز مەدىنىگە قايتساق، ئاۋۇ ھۆرمەتلىك ئادەم پەسلەرنى مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ› دەپسەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھۆرمەتنىڭ زادى كىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويۇشۇڭ كېرەك، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ رۇخسىتىسىز، مەدىنىنىڭ سايىلىرى سېنى سەگىتمەيدۇ (يەنى

مەدىنىگە كىرىشىڭ مۇمكىن ئەمەس! دېگەن مەنىدە)» دېدى. ئاتىسى ئاڭلاپ: «ئى خەزرەج قەبىلىسىدىكىلەر! ئوغلۇم مېنى ئائىلەمگە كىرگۈزمەيۋاتىدۇ؟ ئى خەزرەج قەبىلىسىدىكىلەر! ئوغلۇم مېنى ئائىلەمگە كىرگۈزمەيۋاتىدۇ!» دەپ ۋاقىراپ كەتتى. ئابدۇللا ئۇنىڭغا جاۋابەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ رۇخسەت قىلمىغۇچە، سېنى مەدىنىگە ھەرگىز كىرگۈزمەيمەن» دېدى. بىردەمدىلا كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ ئاتىسىنى شەھەرگە كىرگۈزۈش ھەققىدە ئۇنى-بۇنى دەپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى رۇخسەت قىلمىغۇچە، ئۇنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئابدۇللانىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا: «ئۇنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئۇنىڭغا، ئاتىسىنى كىرگۈزۈۋېتىشنى ئېيتىڭلار» دەيدۇ. كۆپچىلىك بېرىلىكتە ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزىنى يەتكۈزىدۇ. ئابدۇللا ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بولىدۇ! پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلى شۇنداق بۇيرۇغان بولسا ئىتائەت قىلىمەن» دېدى.

ئېتىقاد رىشتىسى بەرپا قىلىنغان ۋاقىتتا، گەرچە مۇئمىنلەر ئارىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، قۇدا-باجا بولۇشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئېتىقادقا تايىنىپ قېرىنداشلارغا ئايلىنىدۇ. «بارلىق مۇئمىنلەر قېرىنداش» دېگەن بۇ پرىنسىپ، ھەم بىر خىل چەكلىمە، ھەم بىر خىل تەكىتلەشتىن ئىبارەت. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَالَّذِينَ آوَواْ وَّنَصَرُواْ أُوْلَئِكَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ وَالَّذِينَ آمَنُواْ وَلَمْ يُهَاجِرُواْ مَا لَكُم مِّن وَلاَيَتِهِم مِّن شَيْءٍ حَتَّى يُهَاجِرُواْ وَإِنِ اسْتَنصَرُوكُمْ فِي الدِّينِ فَعَلَيْكُمُ النَّصْرُ إِلاَّ عَلَى قَوْمٍ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُم مِّيثَاقٌ وَاللّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾

**«ئىمان ئېيتقانلار، (ئاللاھنى ۋە پەيغەمبىرنى سۆيۈش يۇزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغانلار، پۇل-ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى**

**مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) ـ ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر (يەنى بىر ـ بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر ـ بىرىگە مىراسخوردۇر)»** (سۈرە ئەنفال 72 ـ ئايەت)

بۇ خىل ئىگە بولۇش مۇناسىۋىتى قان ـ قېرىنداشلىقتىن ھالقىپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، ھەر قايسى ئەۋلادلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، ئىسلام «ئۈممىتى»نى ساداقەت، دوستلۇق ۋە كۆيۈمچانلىق ئاساسىدا، بىر چوڭ ئائىلىدە بىرلەشتۈردى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالَّذِينَ تَبَوَّؤُوا الدَّارَ وَالْإِيمَانَ مِن قَبْلِهِمْ يُحِبُّونَ مَنْ هَاجَرَ إِلَيْهِمْ وَلَا يَجِدُونَ فِي صُدُورِهِمْ حَاجَةً مِّمَّا أُوتُوا وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ* وَالَّذِينَ جَاؤُوا مِن بَعْدِهِمْ يَقُولُونَ رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ وَلَا تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلًّا لِّلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَؤُوفٌ رَّحِيمٌ﴾

**«ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ. ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار مۇھتاج تۇرۇغلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى)دىن ئەلا بىلىدۇ. ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ.»** (سۈرە ھەشر 9 ـ 10 ـ ئايەت)

ئاللاھ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى. ئۇلار ھەر قايسى ئوخشىمىغان تارىخى دەۋرلەردە ئېتىقاد سېپىدە ئالغا قاراپ ئىلگىرلىدى، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَنَادَى نُوحٌ رَّبَّهُ فَقَالَ رَبِّ إِنَّ ابُنِي مِنْ أَهْلِي وَإِنَّ وَعْدَكَ الْحَقُّ وَأَنتَ أَحْكَمُ

الْحَاكِمِينَ* قَالَ يَا نُوحُ إِنَّهُ لَيْسَ مِنْ أَهْلِكَ إِنَّهُ عَمَلٌ غَيْرُ صَالِحٍ فَلاَ تَسْأَلْنِ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنِّي أَعِظُكَ أَن تَكُونَ مِنَ الْجَاهِلِينَ* قَالَ رَبِّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَسْأَلَكَ مَا لَيْسَ لِي بِهِ عِلْمٌ وَإِلاَّ تَغْفِرْ لِي وَتَرْحَمْنِي أَكُن مِّنَ الْخَاسِرِينَ﴾

**«نۇھ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى (سەن ماڭا ئۇلارنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ)، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەققەتەن ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئۇ (مەن نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلى ياماندۇر، سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسەڭنى مەندىن سورىمىغىن، مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن». نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سىغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن».»** (سۈرە ھۇد 45 ـ 47 ئايەت)

﴿وَإِذِ ابْتَلَى إِبْرَاهِيمَ رَبُّهُ بِكَلِمَاتٍ فَأَتَمَّهُنَّ قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامًا قَالَ وَمِن ذُرِّيَّتِي قَالَ لاَ يَنَالُ عَهْدِي الظَّالِمِينَ﴾

**«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمىرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى، ئاللاھ (ئۇنىڭغا): «سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن» دېدى. ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ» دېدى. ئاللاھ: «مېنىڭ (پېشۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى.»** (سۈرە بەقەرە 124 ـ ئايەت)

﴿وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّ اجْعَلْ هَذَا بَلَدًا آمِنًا وَارْزُقْ أَهْلَهُ مِنَ الثَّمَرَاتِ مَنْ آمَنَ مِنْهُم بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ قَالَ وَمَن كَفَرَ فَأُمَتِّعُهُ قَلِيلاً ثُمَّ أَضْطَرُّهُ إِلَى عَذَابِ النَّارِ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ﴾

**«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ**

**بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۇرلۇك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن» دېدى. ئاللاھ: «كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ ( رىزىقتىن ) ئازغىنە مۇددەت ( يەنى ھاياتلىقىدا ) بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى ( ئاخىرەتتە ) دوزاخقا ھەيدەيمەن» دېدى. ( بۇ ) نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت!»** ( سۈرە بەقەرە 126 ـ ئايەت )

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسى ۋە قەۋمىنىڭ گۇمراھلىقتا چىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن يىراقلاشتى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَعْتَزِلُكُمْ وَمَا تَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ وَأَدْعُو رَبِّي عَسَى أَلَّا أَكُونَ بِدُعَاء رَبِّي شَقِيًّا﴾

**«سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق بولىمەن، پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئىبادىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقىمنى ئۈمىد قىلىمەن.»** ( سۈرە مەريەم 48 ـ ئايەت )

ئاللاھ ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ـ ئىزلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿قَدْ كَانَتْ لَكُمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ فِي إِبْرَاهِيمَ وَالَّذِينَ مَعَهُ إِذْ قَالُوا لِقَوْمِهِمْ إِنَّا بُرَاء مِنكُمْ وَمِمَّا تَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّهِ كَفَرْنَا بِكُمْ وَبَدَا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةُ وَالْبَغْضَاء أَبَدًا حَتَّى تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ وَحْدَهُ إِلَّا قَوْلَ إِبْرَاهِيمَ لِأَبِيهِ لَأَسْتَغْفِرَنَّ لَكَ وَمَا أَمْلِكُ لَكَ مِنَ اللَّهِ مِن شَيْءٍ رَّبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا وَإِلَيْكَ أَنَبْنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ﴾

**«ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ( مۆئمىنلەر ) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئۈلگە نەمۇنىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانغا قەدەر ئەبەدى ساقلىنىپ قالىدۇ» دېدى.»** ( سۈرە مۇمتەھىنە 4 ـ ئايەت )

غاردىكى ياشلار (ئەسھابىل كەھف) ئۆز يۇرتلىرىدا، ئائىلىسىدىكىلەر ۋە قەۋمى ئارىسىدا خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمىگەن ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ

يېقىنلىرى، قېرىنداشلىرى، قەۋمى ۋە يۇرتىدىن ئايرىلىپ، قەلبىدىكى ساپ ئېتىقادىغا تايىنىپ ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئۆز پەرۋەردىگارى تەرەپكە يۈزلەندى، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿نَحْنُ نَقُصُّ عَلَيْكَ نَبَأَهُم بِالْحَقِّ إِنَّهُمْ فِتْيَةٌ آمَنُوا بِرَبِّهِمْ وَزِدْنَاهُمْ هُدًى* وَرَبَطْنَا عَلَى قُلُوبِهِمْ إِذْ قَامُوا فَقَالُوا رَبُّنَا رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَن نَّدْعُوَ مِن دُونِهِ إِلَهًا لَقَدْ قُلْنَا إِذًا شَطَطًا* هَؤُلَاءِ قَوْمُنَا اتَّخَذُوا مِن دُونِهِ آلِهَةً لَّوْلَا يَأْتُونَ عَلَيْهِم بِسُلْطَانٍ بَيِّنٍ فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَى عَلَى اللَّهِ كَذِبًا، وَإِذِ اعْتَزَلْتُمُوهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ إِلَّا اللَّهَ فَأْوُوا إِلَى الْكَهْفِ يَنشُرْ لَكُمْ رَبُّكُم مِّن رَّحْمته ويُهَيِّئْ لَكُم مِّنْ أَمْرِكُم مِّرْفَقًا﴾

**«ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقان، بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر. ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ( يەنى ئىرادىسىنى ) مۇستەھكەم قىلدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ( ئىمانسىز زالىم پادىشاھ ئالدىدا ) دەس تۇرۇپ ئېيتتى: «بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، بىز ئۇنى قويۇپ ھەرگىزمۇ باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلمايمىز، ئەگەر بىز ( ئاللاھنىڭ شېرىكى بار ) دەيدىغان بولساق، بۇ چاغدا ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراقلاشقان بولىمىز. بىزنىڭ قەۋمىمىز ئاللاھنى قويۇپ ( بۇتلارنى ) ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىگە نېمىشقا ئېنىق دەلىل كەلتۈرمەيدۇ، ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىم بار؟» ( ئى يىگىتلەر! ) سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر، غارنى پاناھ جاي قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە كەڭ رەھمەت قىلىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.»** ( سۈرە كەھف 13 ـ 16 ئايەت )

نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى گۇمراھلىقتىن قايتمىغان ۋاقىتتا، ئاللاھ ئۇلارنى ئەرلىرى (ئاللاھنىڭ ئىككى پەيغەمبىرى)دىن ئايرىۋەتتى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا لِّلَّذِينَ كَفَرُوا امْرَأَةَ نُوحٍ وَامْرَأَةَ لُوطٍ كَانَتَا تَحْتَ عَبْدَيْنِ مِنْ عِبَادِنَا صَالِحَيْنِ فَخَانَتَاهُمَا فَلَمْ يُغْنِيَا عَنْهُمَا مِنَ اللَّهِ شَيْئًا وَقِيلَ ادْخُلَا النَّارَ مَعَ

الدَّاخِلِينَ﴾

**«ئاللاھ كۇففارلارغا (ئۇلارنىڭ مۇئمىنلەر بىلەن تۇغقانچىلىقىنىڭ پايدا بەرمەسلىكىدە) نۇھنىڭ ئايالىنى ۋە لۇتنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇلار بولسا بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن ئىككى ياخشى بەندىمىزنىڭ ئەمرىدە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئەرلىرىگە (ئىمان ئېيتماسلىق بىلەن) خىيانەت قىلدى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى (يەنى نۇھ بىلەن لۇت) (پەيغەمبەر تۇرۇغلۇق) ئۇلاردىن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمىدى. (ئۇ ئىككىسىگە) «دوزاخقا كىرگۈچىلەر بىلەن بىللە كىرىڭلار» دېيىلدى.»** (سۈرە تەھرىم 10 - ئايەت)

يۇقارقى ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە، فىرئەۋننىڭ ئايالى نىجاتلىققا ئېرىشتى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا لِّلَّذِينَ آمَنُوا امْرَأَةَ فِرْعَوْنَ إِذْ قَالَتْ رَبِّ ابْنِ لِي عِندَكَ بَيْتًا فِي الْجَنَّةِ وَنَجِّنِي مِن فِرْعَوْنَ وَعَمَلِهِ وَنَجِّنِي مِنَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ﴾

**«ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارغا فىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلغىن، مېنى فىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتقۇلدۇرغىن. مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇلدۇرغىن» دېدى.»** (سۈرە تەھرىم 11 - ئايەت)

شۇنداق، ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر ۋە تۇغقانچىلىق رىشتىلىرىنىڭ مىساللىرى قۇرئاندا ئارقا - ئارقىدىن بايان قىلىندى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەسىدە ئاتا بىلەن ئوغۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بايان قىلىندى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەسىدە بالا بىلەن ئاتا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە يۇرتداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بايان قىلىندى، ئەسھابىل كەھف (غار ئىگىلىرى) ۋەقەسىدە ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى، قەۋمى، يۇرتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇجەسسەملەندى. نۇھ ئەلەيھىسسالام، لۇت ئەلەيھىسسالام شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ۋەقەسى ۋە فىرئەۋننىڭ ئايالىنىڭ ۋەقەلىرىدە ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بايان قىلىندى.

شۇنداق قىلىپ، ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلەر تاكى ئىسلام «ئۇممىتى» بارلىققا كەلگىچە، بۇ دۇنيادىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر ۋە رىشتىگە قارىتا

توغرا تونۇش ئىدىيىسىدىكى سەپتە ئالغا قاراپ ئىلگىرلىدى. بۇ ھەقتە تارىختا بارلىققا كەلگەن ھېسابسىز يارقىن نەمۇنىلىك ۋەقەلەرنى بايقايسىز، ئۇلار ئاللاھ ھەقىقىي ئىخلاسمەن ئىسلام «ئۇممىتى» ئۇچۇن تۈزۈپ بەرگەن ئىلاھى يولدا ئالغا ئىلگىرلىدى. ئېتىقادى جەھەتتە ئىختىلاپ يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، ئائىلە بىلەن قەۋمدىن ئىبارەت تار ئۇقۇمدىكى بۇ دۇنيا مۇناسىۋىتى چاك-چېكىدىن ئاجراپ، ئۇنىڭ ئورنىغا، يېپيېڭى بىرىنچى رىشتە بولغان ئېتىقاد ئالماشتى، ئاللاھ ھەقىقىي ئىخلاسمەن مۆئمىنلەرنىڭ سۈپىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَا تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ يُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَوْ كَانُوا آبَاءَهُمْ أَوْ أَبْنَاءَهُمْ أَوْ إِخْوَانَهُمْ أَوْ عَشِيرَتَهُمْ أُولَئِكَ كَتَبَ فِي قُلُوبِهِمُ الْإِيمَانَ وَأَيَّدَهُم بِرُوحٍ مِّنْهُ وَيُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ أُولَئِكَ حِزْبُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ حِزْبَ اللَّهِ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

**«ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا ئاللاھ ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۇز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئاللاھدىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»** (سۈرە مۇجادەلە 22 - ئايەت)

ئارقىدىنلا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ تاغىسى ئەبۇ لەھەب ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە نەۋرە ئاكىسى ئەبۇ جەھىل ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى بايقايمىز. بىز يەنە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان مۇھاجىرلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلە كىشىلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئوتتۇرىسىدا بەدرى ئۇرۇشىدا كەسكىن جەڭ ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىمۇ بايقايمىز. ئېتىقاد رىشتىسى مۇھاجىرلار بىلەن

ئەنسارلارنى بىر-بىرىگە باغلىغان ۋاقتىدا، تۇساتتىنلا، ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئايلاندى، ئەرەب مۇسۇلمانلىرى ۋە رىملىق سۇھەيب، ھەبەشىستان (ئېفىئوفىيە)لىك نىگىر بىلال، پارسلىق سەلمان پارسى قاتارلىق ئەرەب بولمىغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئېتىقاد رىشتىسى باغلاندى. قەبىلە، ئىرق، تېررىتورىيەنى ئاساس قىلغان مەزھەبچىلىك بىردىنلا ئۈن-تىنسىز يوقالدى، ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئۇلارغا: «مەزھەبچىلىكنى چۆرۈۋېتىڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن چىرىندى ئەخلەت» دەپ جاكارلىدى. رەسۇلۇللاھ يەنە: «كىمكى مەزھەبچىلىكنى تەشەببۇس قىلىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس، كىمكى مەزھەبچىلىك ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس، كىمكى مەزھەبچىلىك ئۈچۈن ئۆلىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەزھەبچىلىكتىن ئىبارەت بۇ چىرىندىنىڭ بازىرى قالمىدى، بۇ ئۈچىغا چىققان ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۇپراق ئاستىغا كۆمۈۋېتىلدى، مىللەتچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئىپلاسلىقمۇ ئىزسىز غايىب بولدى. بۇ ۋاقىتتا، ئىنسانلار ئەڭ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەپ، قانداشلىقتىن ئىبارەت مەزھەبچىلىك چىرىندىلىرىنى، تېررىتورىيىنى ئاساس قىلغان مىللەتچىلىك ئىپلاسلىقلىرىنى يىراقلارغا چۆرۈۋەتتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنى ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايى بولماستىن، بەلكى ئىسلام يۇرتى بولدى. يەنى ئىمان ئېتىقاد ھەممىنى باشقۇرغان، ئاللاھنىڭ ئىسلام قانۇنىنى تۈزۈم قىلغان يۇرت، ئۇلار ئولتۇراقلاشقان ۋە قوغدىغان، ھەممە ئۇنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان يۇرت ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بولدى. ئۇ دەل ئىسلامغا ئېتىقاد قىلغان، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى تۇرمۇش يولى قىلىشنى رازىمەنلىك بىلەن تاللىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ۋەتىنى، بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئىسلامغا ئېتىقاد قىلمىسىمۇ، ئەمما ئىسلام قانۇنىنى جەمئىيەت تۈزۈمى قىلىشنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلغان كىشىلەرنىڭ ۋەتىنى بولدى (خۇددى ئىسلام يۇرتىدا ياشاۋاتقان، ئىلاھى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەھلى كىتاب «يەھۇدى ۋە ناسارالار»غا ئوخشاش). بىر مۇسۇلمانغا، تېنچلىق ئەھدىسى تۈزۈلگەن بىر زىممىيگە[8] نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىسلامنىڭ ھەممىنى باشقۇرۇشنى ئاساس قىلمايدىغان، ئىسلام قانۇنىنى تۈزۈم قىلمايدىغان جايلار ئىسلام يۇرتى

[8] زىممىيلەر- مۇسۇلمانلارغا قوغداش ھەققى تاپشۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىدە ئولتۇراقلاشقان، ئىسلام قانۇنىغا بويسۇنىدىغان باشقا دىندىكى خەلقلەر.

ھېسابلانماستىن، بەلكى ئۇرۇش قىرغىنچىلىقىنىڭ ماكانى ھېسابلىنىدۇ. دىنغا نىسبەتەن زۇلۇم قىلغانلىقتىن ئۇرۇش پارتلىغان ۋاقىتتا، بىر مۇسۇلمان شۇ يۇرتتا تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەۋم-قېرىنداشلىرى، قېيىن ئاتا-قېيىن ئانىلىرى شۇ يۇرتتا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مال-مۈلكى شۇ يۇرتتا قالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قوزغىلىپ جىھاد قىلىشى كېرەك.

دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، قەۋم-قېرىنداشلىرى، ئائىلىسى، ساھابىلىرىنىڭ ئائىلىسى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى قېلىپ قالغان مەككە شەھىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان، تاكى مەككە ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام «شەرىئىتى»نى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ ئىسلام يۇرتىغا، «ئۇممەت» يۇرتىغا ئايلاندى.

مانا بۇ ئىسلام، پەقەت مۇشۇلا ئىسلام. ئۇ ھەرگىزمۇ ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا مەنىسىنى بىلمەيلا ئاغزىغا كەلگىنىچە سۆزلەپ قويىدىغان سۆز ئەمەس، شۇنداقلا يەنە ئىسلام ۋەۋسكىسى ئېگىز ئېسىلغان زېمىندا تۇغۇلغانلارنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئەمەس! بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلغانلىقتىن ئېگە بولىدىغان مىراس تېخىمۇ ئەمەس! ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيمًا﴾

**«(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.»** (سۈرە نىسا 65 - ئايەت)

پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئىسلام بولىدۇ، تېررىتورىيە، ئىرق ۋە قانداشلىق، قۇدا-باجىلىق، قەبىلە ۋە جەمەتتىن ھالقىغان مۇشۇنداق يۇرت، ئاندىن ئىسلام يۇرتى بولىدۇ.

ئىسلام ئىنسانىيەتنى تار ئۇقۇمدىكى زېمىن قارىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، كىشىلەرنى ئەركىنلىككە ئىگە قىلىپ ئالىي ئۇپۇقلارغا يۈكسەلدۈردى. ئۇ يەنە ئىنسانىيەتنى ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئاساس قىلمىغان قانداشلىق ئۇقۇمى كىشەنلىرىدىن ئازات قىلىپ چىقىپ، كىشىلەرنى ئەركىن-

ئازادە ھالدا ئەڭ ئالىي ئۆپۆقلارغا يۈكسەلدۈردى.

بىر مۇسۇلمان كىچە ـ كۈندۈز سىغىنىدىغان ھەمدە ئۇنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئىسلام ۋەتىنى ھەرگىزمۇ بىر پارچە زىمىن ئەمەس. مۇسۇلماننىڭ تەۋەلىك سالاھىيىتىنى ئىسپاتلايدىغىنى، ھەرگىزمۇ بىرەر ھۆكۈمەت ئىمزا قويۇپ تارقىتىپ بەرگەن سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئەمەس، بىر مۇسۇلمان ئورۇنلىشىدىغان ۋە قوغدايدىغان جەمەت ھەرگىزمۇ قانداشلىق جەمەتى ئەمەس؛ بىر مۇسۇلمان ئىپتىخارلىنىدىغان ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان بايراق ھەرگىزمۇ مىللەتچىلىك بايرىقى ئەمەس؛ بىر مۇسۇلمان قەلبىدىن ئىنتىزار بولىدىغان ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئاتا قىلغان غەلىبىگە تەشەككۈر ئېيتىش ھەرگىزمۇ قوشۇننىڭ غالىبلىقىدىن پەخىرلەنمەسلىك، ئاللاھ تۆۋەندە بايان قىلغاندەك بولۇش:

﴿إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللَّهِ وَالْفَتْحُ* وَرَأَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينِ اللَّهِ أَفْوَاجًا* فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا﴾

**«ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن، ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر.»** ( ـ سۈرە نەسىر 1 ـ 3 ئايەت )

ئۇ باشقا بايراق ئەمەس، بەلكى ئىسلام بايرىقى ئاستىدىكى غەلىبە، جىھاد دەھرىيلىكنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشنى ۋە ئىسلام قانۇنىنى مەقسەت قىلىدۇ. دەھرىيلىك ئۇقۇمى ئاستىدىكى يۇرتنى قوغداشنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى ئالدىنقى بۆلەكلەردە بايان قىلغان شەرتلەر ئاستىدىكى ئىسلامى يۇرتلارنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى غەنىمەت ئۈچۈن، شان ـ شەرەپ ئۈچۈن، بىرەر پارچە زىمىننى ۋە بىرەر مىللەتنى ياكى ئۆزىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن بولماستىن (ئەگەر ئۇلار دىن ئۈچۈن خورلانغان بولسا قوغداش زۆرۈر)، بەلكى پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا بولىدۇ.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كىشى پەيغەمبىرىمىزدىن: بىر ئادەم قەھرىمان بولۇش ئۈچۈن جەڭ

قىلدى، بىر ئادەم ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلدى، بىر ئادەم شان ـ شەرەپ ئۈچۈن جەڭ قىلدى، بۇلاردىن قايسىسى ئاللاھ يولىدا بولغان بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز جاۋاب بېرىپ: كىمكى ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئەڭ يۇقىرى قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلىدىكەن، شۇ ئادەم ئاللاھنىڭ يولىدا بولغان بولىدۇ، دېدى.»

پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن شېھىتلىك شان ـ شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى دەھرىيلىك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش بولۇپ، ھېچقايسىسى ئاللاھ يولىدىكى جىھاد ئەمەس.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىغا ھۇجۇم قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ دىنىنى يولغا قويۇشىغا توسالغۇ بولىدىغان، ئىسلام قانۇنىنى ئەمەلىلەشتۈرۈشكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان زېمىن ـ گەرچە مۇسۇلماننىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى، جەمەتى، قەۋمى، پۇل ـ مېلى ۋە تىجارىتى...... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ جايلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشنىڭ ماكانى ھېسابلىنىدۇ. ئېتىقادنى يېتەكچى قىلغان، ئىسلام قانۇنىنى ئەمەلىلەشتۈرگەن بارلىق جايلار، گەرچە مۇسۇلماننىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى، جەمەتى، قەۋمى ۋە تىجارىتى..... قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇ يەردە بولمىسىمۇ، ئۇ جايلار ئىسلام يۇرتى بولىدۇ.

ۋەتەن دەل ئىمان ـ ئېتىقاد، تۇرمۇش يولى، ئىسلام قانۇنىنى باشقۇرغان يۇرت بولۇپ، مانا بۇ ئاندىن ئىنسانىيەتنىڭ «ۋەتەن» ئۇقۇمىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ؛ تەۋەلىك دەل ئىمان ـ ئېتىقاد ۋە تۇرمۇش يولى بولۇپ، مانا بۇ ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان رىشتە ئۇقۇمىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

جەمەتۋازلىق ئايرىمچىلىقى، قەبىلە ۋە مىللەت، ئىرق ۋە تىل ئايرىمچىلىقى، يەرلىك مەزھەبچىلىكىنىڭ ھەممىسى قالاق ھەم ئەرزىمەس چاكىنىلىق بولۇپ، ھەممىسى ئىنسانىيەتنىڭ روھى چۈشكۈنلەشكەن ۋاقىتتا تەرەققىي قىلغان جاھالەتپەرەسلىكنىڭ مەزھەبچىلىك نۇقتىئىنەزىرى، پەيغەمبىرىمىز ئۇنى «چىرىندى شاكال ـ ئەخلەت» دەپ ئاتىدى. بۇ خىل سۈپەتلەشتىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنگەنلىكى ۋە يامان كۆرگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

يەھۇدىيلار، ئۆزلىرىنىڭ قەۋمى ۋە ئىرقىنى «ئاللاھنىڭ تاللانغان

بەندىلىرى» دەپ ئاتىۋالغان ۋاقىتتا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ نومۇسسىزلارچە يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرىگە قارىتا رەددىيە بېرىپ، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولغان دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ئەھۋالاتلىرىدا پەقەت ئىمان ـ ئېتىقادىنىڭلا بارلىق قىممەت ئۆلچىمىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى جاكارلاپ مۇنداق دېدى:

﴿وَقَالُواْ كُونُواْ هُودًا أَوْ نَصَارَى تَهْتَدُواْ قُلْ بَلْ مِلَّةَ إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِينَ* قُولُواْ آمَنَّا بِاللّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْنَا وَمَا أُنزِلَ إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَقَ وَيَعْقُوبَ وَالأسْبَاطِ وَمَا أُوتِيَ مُوسَى وَعِيسَى وَمَا أُوتِيَ النَّبِيُّونَ مِن رَّبِّهِمْ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ* فَإِنْ آمَنُواْ بِمِثْلِ مَا آمَنتُم بِهِ فَقَدِ اهْتَدَواْ وَّإِن تَوَلَّوْاْ فَإِنَّمَا هُمْ فِي شِقَاقٍ فَسَيَكْفِيكَهُمُ اللّهُ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ، صِبْغَةَ اللّهِ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللّهِ صِبْغَةً وَنَحْنُ لَهُ عَابِدونَ﴾

**«ئۇلار: «يەھۇدى ياكى ناسارا بولۇڭلار، توغرا يول تاپىسىلەر» دەيدۇ. «ئۇنداق ئەمەس، بىز ئىبراھىمنىڭ ئىسلامغا ئۇيغۇن دىنىغا ئەگىشىمىز، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دېگىن. ئېيتىڭلاركى، «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىيساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز). بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز». ئەگەر ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتاب) سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتسا، ئەلۋەتتە، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، (سەن بىلەن) ئاداۋەتتە بولغان بولىدۇ، ئۇلارغا قارشى ئاللاھ ساڭا كۇپايىدۇر. ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ھىيلە ـ مىكرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ بىز ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز.»**
**(سۈرە بەقەرە 135 ـ 138 ئايەت)**

ئۇنداقتا، «ئاللاھنىڭ ھەقىقىي تاللانغان بەندىلىرى» ئوخشىمىغان ئىرق،

مىللەت ۋە دۆلەتلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، ئاللاھنىڭ بايرىقى ئاستىدا ھىمايە قىلىنغان مۇسۇلمان «ئۇممەت»لەرنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّهِ﴾

**«( ئى مۇھەممەد ئۈممىتى! ) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. . . . .»** ( سۈرە ئال ئىمران 110 ـ ئايەت )

بۇ ئۈممەتنىڭ پېشىۋالىرى دەل ئەرەب مىللىتىدىن بولغان ئەبۇ بەكرى، ھەبەشىستانلىق نېگىر ـ بىلال، رىملىق سۇھەيب، ئىرانلىق سەلمان پارسى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىدۇر. بۇ «ئۇممەت»نىڭ بۇنداق مىسلى كۆرۈلمىگەن بىرىكىشى، ئۆزلۈكسىز تۇردە، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تەۋەلىك دەل ئىمان ـ ئېتىقاد، ۋەتەن ـ دەل ئىسلام يۇرتى، ئەڭ ئالى ھوقۇق ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولدى، ئاساسى قانۇن قۇرئان بولدى.

بۇ ۋەتەن، تەۋەلىك، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى يۈكسەك تونۇش چوقۇم ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم. بۇ جەھەتتە چوقۇم تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سىرتتىن كەلگەن جاھالەتپەرەسلىك قاراشلىرىنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى، ھەر قانداق شەكىلدىكى يۇشۇرۇن مۇشرىكلىكنىڭ ئۇنىڭغا سىڭىپ كىرىشىدىن ساقلىنىشى لازىم. مەسىلەن، يۇرتۋازلىق، مەزھەبچىلىك، ئىرقچىلىق، مىللەتچىلىكتىن كېلىپ چىققان مۇشرىكلىك، قانداشلىق قارىشى ۋە دۇنيانىڭ ئازغىنە مەنپەئەتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان مۇشرىكلىكلەردىن ساقلىنىش لازىم. ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ تارازا مىزانىنىڭ بىر تەرىپىدە قويىدۇ، ھەمدە ئىمان ـ ئېتىقاد ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرىنى تارازا مىزانىنىڭ يەنە بىر پەللىسىدە قويۇپ، كىشىلەرنى تاللاشقا بۇيرۇيدۇ:

﴿قُلْ إِن كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَآؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُم مِّنَ اللّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُواْ حَتَّى يَأْتِيَ اللّهُ بِأَمْرِهِ وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾

**«ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ».»** (سۈرە تەۋبە 24 ـ ئايەت)

ئوخشاشلا، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىغا باشلايدىغان ئىسلامى دەۋەتچىلەرنىڭ قەلبىدە، جاھالەتپەرەسلىكنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىگە قارىتا، ئۇرۇشنىڭ مەنبىئى ۋە ئىسلام يۇرتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىتا قىلچىلىك شۈبھىلىنىش بولماسلىقى كېرەك. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى سەۋەبلىك، نۇرغۇنلىغان ئىسلام دەۋەتچىلىرى: ئەگەر بىر دۆلەتتە بارلىق ئىشلاردا ئىسلامى ھۆكۈم ئاساس قىلىنمىسا، ئىلاھى «شەرىئەت» قانۇنى يولغا قويۇلمىسا، ئۇنداقتا، ئىسلامنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئىسلامى يول ۋە ئىسلام قانۇنى بويىچە باشقۇرمىغىچە، ئۇنداقتا بۇ جايدا ئىسلام يۇرتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، ئىمان ـ ئېتىقادتىن قالسىلا ئاسىيلىق، ئىسلامدىن قالسىلا جاھالەتپەرەسلىك، ھەقىقەتتىن قالسىلا ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ ۋە شۇنداق دەپ قارايدۇ.

# زور ئۆزگىرىش

بىر مۇھىم ئىش بار، مەيلى ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارغا تەبلىغ قىلىدىغانلار بولسۇن، ياكى ئىسلامغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى دەۋەت قىلىدىغانلار بولسۇن، چوقۇم بۇ ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى مەنبە قىلغان، ئىسلام بېسىپ ئۆتكەن يولدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق تونۇۋېلىشى لازىم.

ئىسلام، ھەقىقەتەن ھاياتلىق ۋە كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرىدىغان مۇستەقىل ھەم مۇكەممەل دۇنيا قاراش. ئۇ باشقا بارلىق قاراشلاردىن پەرقلىنىدىغان كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، تۇرمۇشتىكى بارلىق ئىشلارغا قارىتىلغان مۇستەقىل يول ئىكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ، بۇ خىل يولنىڭ ئۆزىنىڭ تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ئامىللىرى ۋە چەكلەش كۈچى بولىدۇ، ھەمدە بۇنى ئاساس قىلىپ، ئالاھىدىلىك بەلگىلىيەلەيدىغان بىر خىل تۇرمۇش تۈزۈمى بەرپا قىلىدۇ.

بۇ خىل دۇنيا قاراش، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان بارلىق رەڭگارەڭ جاھالەتپەرەسلىك دۇنيا قاراش بىلەن تۈپتىن قارىمۇ-قارشى بولۇپ، گەرچە ئۇ بۇ رەڭگارەڭ جاھالەتپەرەسلىك ئىدىيۋى قاراشلار بىلەن بەزى ماھىيەتلىك بولمىغان قىسمەن مەسىلىلەردە قارىماققا ئوخشاشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە، بۇ ماھىيەتلىك بولمىغان قىسمەن مەسىلىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن تۈپ پرىنسىپ، كىشىلەر تونۇپ يەتكەن بارلىق پرىنسىپلار بىلەن ئاسمان-زېمىن پەرق قىلىدۇ.

ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم بۇرچى- بۇ خىل دۇنيا قاراشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىنسانىيەت تۇرمۇشى بەرپا قىلىپ، رېئال تۇرمۇشتا بۇ خىل دۇنيا قاراشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى نامايان قىلىش، يەنى، بۇ زېمىندا ئاللاھ تاللاپ بەرگەن ئىلاھى يولغا ئەمەل قىلىدىغان تۇرمۇش تۈزۈمى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. ئاللاھ بۇ ئىسلام «ئۈممىتى»نى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇ ئارقىلىق بۇ خىل دۇنيا قاراشنى نامايان قىلدى، ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تۈزۈمىنى بەرپا قىلدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ

﴿وَتُؤْمِنُونَ بِاللّهِ﴾

**«( ئى مۇھەممەد ئۇممىتى! ) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر. . . . .»** ( سۈرە ئال ئىمران 110 ـ ئايەت )

ئاللاھ بۇ «ئۇممەت»نىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿الَّذِينَ إِن مَّكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ﴾

**«( ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىششكە ھەقلىق بولغانلار ) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. . . . .»** ( سۈرە ھەج 41 ـ ئايەت )

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىسلامنىڭ بۇرچى ھەرگىزمۇ بوگۈنكى دۇنيادا كەڭ ئەۋج ئالغان رەڭگارەڭ جاھالەتپەرەسلىك ئىدىيىۋى قارىشى ۋە يېتەكچىلىك ئۇرۇندا تۇرۇۋاتقان ھەر خىل جاھالەتپەرەسلىك جەمئىيەتلەر بىلەن مۇرەسسە قىلىش ئەمەس. ئىسلام بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ، ئۇنىڭ بۇرچى بۇنداق ئەمەس، بۈگۈنمۇ بۇنداق ئەمەس، كەلگۈسىدىمۇ ئۇنىڭ بۇرچى بۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى، جاھالەتپەرەسلىك دېگەن ھامان جاھالەتپەرەسلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇقۇمى چوقۇنۇش (ئىبادەت)نىڭ پەقەت ئاللاھقىلا بولۇشىدىن ئىبارەت ئەقىدىدىن، ھەمدە ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەت تۇرمۇشى ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن ئىلاھى يولدىن چەتنەپ كەتكەن؛ يەنى، بۇ مۇقەددەس مەنبەدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ بىلەن قارىمۇ ـ قارشى بولغان ئىنسانىۋى قىممەت ئۆلچىمى (ئىنسان بەلگىلىگەن قىممەت ئۆلچىمى)، ئۆرپ ـ ئادەت، قانۇن ماددىلىرى ۋە سىياسىي تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى. ئەمما ئىسلام دېگەن ھامان ئىسلام بولۇپ، ئۇنىڭ بۇرچى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى جاھالەتپەرەسلىكتىن ئىسلامغا يېتەكلەش!

جاھالەتپەرەسلىك ئادەمنىڭ ئادەمنى قۇل قىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇسۇلى بىر قىسىم كىشىلەر ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىنسانلار ئۈچۈن قانۇن تۈزۈپ بېرىشىدىن ئىبارەت. بۇ خىل قانۇننىڭ قانداق

شەكىلدە ئورۇندىلىشىدىن قەتئىينەزەر.

ئەمما ئىسلام بولسا، كىشىلەرنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا چوقۇنۇشىدۇر، مۇنداقچە ئېيتقاندا، دۇنيا قاراش ۋە ئېتىقادنى، قانۇن ۋە تۈزۈمنى، قىممەت قاراش ۋە هاياتلىق ئۆلچىمىنى پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا قوبۇل قىلىش دېگەنلىكتۇر. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئادەمگە قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىنلىككە ئېرىشىش دېگەنلىكتۇر.

مانا بۇ تېگى-تەكتىدىن ئىسلامنىڭ ماهىيىتىنىڭ ھەقىقىتى بولۇپ، ئىسلامنىڭ بۇ زېمىندا ئوينايدىغان رولىنىڭ ماهىيىتى، بىز ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر ۋە ئىسلامغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرگە قارىتا بۇ ھەقىقەت ئارقىلىق ئىسلامنى نامايان قىلىشىمىز كېرەك.

دۇنيا قاراش جەھەتتىن بولمىسۇن ياكى بۇ خىل دۇنيا قاراشنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي تۈزۈم جەھەتتىن بولمىسۇن، ئىسلام جاھالەتپەرەسلىك بىلەن مۇرەسسە قىلىدىغان سىياسەتنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. ياكى ئىسلام بولىدۇ، ياكى جاھالەتپەرەسلىك بولىدۇ. دۇنيادا يېرىمى ئىسلام، يېرىمى جاھالەتپەرەسلىك بولغان هالەتنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ئىسلام بولمايدۇ. ئىسلامنىڭ قارىشى ئىنتايىن ئېنىق. يەنى: ھەقىقەت بىر نەچچە ئەمەس، پەقەت بىرلا. بۇ ھەقىقەتتىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇق. ھەقىقەت بىلەن ئازغۇنلۇق ئوتتۇرىسىدا ئارىلاشتۇرۇش ۋە كېلىشتۈرۈش ئىمكانىيىتى يوق، ياكى ئاللاھنىڭ قانۇنى ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ياكى جاھالەتپەرەسلىكنىڭ قۇللۇقى، ياكى ئاللاھنىڭ «شەرىئىتى» ياكى قارىغۇلارچە نەپسى-خاهىش. بۇنى مەزمۇن قىلغان ئايەتلەر قۇرئاندا كەينى-كەينىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

﴿وَأَنِ احْكُم بَيْنَهُم بِمَآ أَنزَلَ اللّهُ وَلاَ تَتَّبِعْ أَهْوَاءهُمْ وَاحْذَرْهُمْ أَن يَفْتِنُوكَ عَن بَعْضِ مَا أَنزَلَ اللّهُ إِلَيْكَ فَإِن تَوَلَّوْاْ فَاعْلَمْ أَنَّمَا يُرِيدُ اللّهُ أَن يُصِيبَهُم بِبَعْضِ ذُنُوبِهِمْ وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنَ النَّاسِ لَفَاسِقُونَ﴾

**«ئۇلار (يەهۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ) ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن. ئۇلارنىڭ نەپسى خاهىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. ئۇلارنىڭ**

ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچتۈرۈشىدىن ساقلانغىن......»
( سۈرە مائىدە 49 ـ ئايەت )

﴿فَلِذَلِكَ فَادْعُ وَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَاءهُمْ وَقُلْ آمَنتُ بِمَا أَنزَلَ اللَّهُ مِن كِتَابٍ وَأُمِرْتُ لِأَعْدِلَ بَيْنَكُمُ اللَّهُ رَبُّنَا وَرَبُّكُمْ لَنَا أَعْمَالُنَا وَلَكُمْ أَعْمَالُكُمْ لَا حُجَّةَ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ اللَّهُ يَجْمَعُ بَيْنَنَا وَإِلَيْهِ الْمَصِيرُ﴾

«شۇنىڭ ئۈچۈن ( يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن ) ( ئى مۇھەممەد! ) بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، ئۇلار ( يەنى مۇشرىكلار ) نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن......» ( سۈرە شۇرا 15 ـ ئايەت )

﴿فَإِن لَّمْ يَسْتَجِيبُوا لَكَ فَاعْلَمْ أَنَّمَا يَتَّبِعُونَ أَهْوَاءهُمْ وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّنِ اتَّبَعَ هَوَاهُ بِغَيْرِ هُدًى مِّنَ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾

«ئەگەر ئۇلار ساڭا جاۋاب بەرمىسە، بىلگىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ. ئاللاھ ۋەھيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ ھەقىقەتەن زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.» ( سۈرە قەسەس 50 ـ ئايەت )

﴿ثُمَّ جَعَلْنَاكَ عَلَى شَرِيعَةٍ مِّنَ الْأَمْرِ فَاتَّبِعْهَا وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَاء الَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ* إِنَّهُمْ لَن يُغْنُوا عَنكَ مِنَ اللَّهِ شَيْئًا وإِنَّ الظَّالِمِينَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ وَاللَّهُ وَلِيُّ الْمُتَّقِينَ﴾

«ئاندىن سېنى بىز ( ئى مۇھەممەد! ) دىن ئىشىدا ( روشەن ) بىر يولدا قىلدۇق، شۇ يولغا ئەگەشكىن، بىلمەيدىغانلار ( يەنى مۇشرىكلارنىڭ ) نەپسى ـ خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. شۈبھىسىزكى، ( ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقىغا ماسلىشىدىغان بولساڭ ) ئۇلار سەندىن ئاللاھنىڭ ( ئازابى )دىن ھېچنەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ( دۇنيادا ) زالىملارنىڭ بەزىسى

**بەزىسگە دوستتۇر، ئاللاھ تەقۋادارلارنىڭ دوستىدۇر.»** (سۈرە جاسىيە 18 ـ 19 ئايەت)

﴿أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْمًا لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾

**«ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزەرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھدىنمۇ ئادىل كىم بار؟»** (سۈرە مائىدە 50 ـ ئايەت)

ھەقىقەت بىلەن ئازغۇنلۇق ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى يول بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ھەرگىزمۇ ئۈچىنچى يول يوق. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ چاقىرىقىغا ئەمەل قىلىنمايدىكەن، نەپسى ـ خاھىشىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش كېلىپ چىقىدۇ؛ ئاللاھنىڭ قانۇنى ئىجرا قىلىنمايدىكەن، جاھالەتپەرەسلىكنىڭ قۇل قىلىشى كېلىپ چىقىدۇ، ئاللاھ نازىل قىلغان بارلىق ھۆكۈملەر قوبۇل قىلىنمايدىكەن، ئىنسانلارنى ئاللاھ نازىل قىلغان ھەقىقەتتىن يىراقلاشتۇرۇشتەك ئازغۇنلۇق كېلىپ چىقىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا مۇشۇنداق قەتئىيلىك بىلەن جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ يەنە قايتا تالاش ـ تارتىش قىلىش ۋە پۇرسەتپەرەسلىك قىلىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ.

ئۇنداقتا، ئىسلامنىڭ بۇرچى دەل جاھالەتپەرەسلىكنىڭ ئىنسانلارغا قارىتا كونتروللۇقىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، ئىسلامنىڭ ئۆزگىچە پاك تۇرمۇش يولى بىلەن ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش، ئىسلام پەقەت بۇ خىل ساپ ھەم توغرا رەھبەرلىك ئارقىلىق، ئىنسانىيەتكە بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ سائادەت ئىنسانىيەتنى ئۇلارنىڭ ياراتقۇچى پەرۋەردىگارى تەرەپكە يېتەكلەشتىن بارلىققا كېلىدۇ، بۇ بەخت ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەت مۇناسىۋىتىنىڭ ماسلىشىشى ۋە ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىپ بۇ ئۆزگىچە ئىلاھى يولنى ئەمەللەشتۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەتنى ئاللاھ ئىرادە قىلغان ئالى ئۇپۇقلارغا يۈكسەلدۈرۈشى، ھەمدە نەپسى ـ خاھىشىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. خۇددى رەبئە ئىبنى ئامىر پارىس قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى رۇستەمگە ئېيتقىنىغا ئوخشاش: «ئاللاھ بىزنى، ئاللاھ ئۆزى ئىرادە قىلغان بەندىلىرىنى ئازات قىلىشقا، ئىنساننىڭ ئىنسانغا قۇل بولۇشىدىن، پەقەت ئاللاھقىلا چوقۇنۇشقا (قۇلچىلىق قىلىشقا) يېتەكلەشكە، بۇ دۇنيانىڭ بەختسىزلىكىدىن دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ سائادىتىگە، ھەر خىل دىنلارنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتتى».

ئىسلامنىڭ بۇ دۇنيا كېلىشتىكى مەقستى (مەيلى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرى بولمىسۇن، ياكى بۈگۈنكى كۈندىكى غەرب ۋە شەرقلىقلەر دۇچار بولغان بارلىق ئەھۋاللار بولمىسۇن) ھەرگىزمۇ ئىدىيىۋى قاراش، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئۆرپ-ئادەت ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ نەپسى-خاھىشىنى خاتىرجەم ھالدا نامايان قىلىش ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ مەقستى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەلتۆكۈس قۇمۇرۇپ تاشلاپ ۋە بىكار قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاساسى پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ ئىنسانىيەت تۇرمۇشى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. ئىسلام كەلدى، ئۇ يېپيېڭى بىر خىل تۇرمۇش بەرپا قىلدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئۆزىنى ھەقىقىي تۈردە مەنبە قىلغان بىر خىل يېڭى تۇرمۇش بەرپا قىلدى، ھەمدە بۇ تۇرمۇشنى ئىسلامى يېتەكچىلىككە مەھكەم باغلىدى. بەلكى، بۇ تۇرمۇشنىڭ بەزى قىسمەن جايلىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ جاھالەتپەرەسلىك تۇرمۇشى ئاستىدىكى ئەھۋاللىرى ئوخشىشىپ كېتىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ تۇرمۇشتا ئاللىقاچان ئۇزۇل-كېسىل ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ خىل ئوخشاشلىق پەقەت مەلۇم قىسمەن ئەھۋاللاردىكى ئوخشىشىپ قېلىشتىن ئىبارەت. بۇ كۆككە تاقاشقان باراقسان دەرەخ يىلتىزى بىلەن ئاسمان-زېمىن پەرق قىلىدۇ. بىرسى ئاللاھنىڭ مۇكەممەل پرىنسىپىغا يىلتىز تارتقان، ئەمما يەنە بىرسى ئىنسانىيەتنىڭ ھەددىدىن ئاشقان نەپسى-خاھىشىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالْبَلَدُ الطَّيِّبُ يَخْرُجُ نَبَاتُهُ بِإِذْنِ رَبِّهِ وَالَّذِي خَبُثَ لاَ يَخْرُجُ إِلاَّ نَكِدًا كَذَلِكَ نُصَرِّفُ الآيَاتِ لِقَوْمٍ يَشْكُرُونَ﴾

**«مۇنبەت يەرنىڭ گىياسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ (بۇ ۋەز-نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان مۇئمىننىڭ مىسالىدۇر)، ناچار يەرنىڭ گىياسى ئاز ئۆسىدۇ (بۇ ۋەز نەسىھەتتىن پايدىلانمايدىغان كاپىرنىڭ مىسالىدۇر)......» (سۈرە ئەئراف 58 - ئايەت)**

قەدىمقى جاھالەتپەرەسلىك رەزىل بولۇپ، ھازىرقى زامانىدىكى جاھالەتپەرەسلىكمۇ ئوخشاشلا رەزىل، ئىككىسى پەقەت سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتىلا ئوخشىمايدۇ. ماھىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئاساسى پەقەت بىر، يەنى ئۇ نەپسانىيەتچى ھەم جاھىللارنىڭ نەپسى-خاھىشى بولۇپ، ئۇلار نادانلىق بىلەن

نەپسانىيەتچىلىك پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتقان بولۇپ شەخسىي مەنپەئەتنى سىنىپىي مەنپەئەت، مىللەتنىڭ مەنپەئەتى، ئىرقنىڭ مەنپەئەتىنىڭمۇ ئەڭ ئۈستىگە قويىدۇ، ھەممە ئادالەت ۋە ھەقىقەتنى بېسىپ، كىشىلەرنى بەخت-سائادەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىسلام «شەرىئىتى» نازىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىكارچى قىلىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىمسىزلىكى (نادانلىقى) تۈپەيلىدىن ھاقارەتلەنمەيدىغان، ھەم ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشى تەرىپىدىن بۇلغانمايدىغان، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە يان باسمايدىغان بۈيۈك ئاساسى قانۇننى تۈزۈپ بەردى.

بۇ ئاللاھنىڭ ئىلاھى يولىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن رەڭگارەڭ ئىنسانىي يوللار ئوتتۇرىسىدىكى تۈپ پەرق بولغانلىقتىن، بۇ ئىككىسىنى ئوخشاش بىر تۈزۈم ئاستىدا كېلىشتۈرۈش قۇرۇق ئاۋارىچىلىق، ئىككىسىنى ئوخشاش بىر مۇھىت-شارائىتى ئاستىدا مۇرەسسە قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئوخشاشلا ئىككى خىل يولنىڭ ھەر قايسىسىدىن يېرىمىدىن ئېلىپ، ئۆزئارا ماسلاشتۇرماقمۇ مۇمكىن ئەمەس. خۇددى ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرۈش (مۇشرىكلىك) گۇناھىنى كەچۈرمىگەنگە ئوخشاش، ئاللاھ ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ئىلاھى يولىدىن باشقا ھەر قانداق يولنى قوبۇل قىلىشقىمۇ رۇخسەت قىلمايدۇ، ئىككىسىنىڭ مىسالى بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوق.

بۇ ھەقىقىي ئەھۋالغا قارىتا ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئۇنى ئېنىق تونۇشىمىز كېرەك، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە ئىسلامنى نامايان قىلغان ۋاقتىمىزدا، بىز قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنى شەرھىيلەپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغانلىقىغا، ئىسلامنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىقا بولغان پوزىتسىيىسىدىكى پۈتكۈل ئىدىيىۋى قارىشىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتىدە زور ئۆزگىرىشنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنگە قەدەر، كىشىلەرنى ئىسلامدىن يەنە گۇمانلانمايدىغان قىلىش لازىم. بۇ ئۆزگىرىش ئۇلارغا مۆلچەرلىگۈسىز بەخت-سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى قارىشى ۋە ئىجتىمائىي ھالىتىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئىنسانىيەتنىڭ قەدىر-قىممىتىگە مۇۋاپىق ھالدىكى

ئالىي ئۇيۇقلارغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇلار ئىلگىرى تۇرمۇش كەچۈرگەن چىرىك جاھالەتپەرەسلىك تۈزۈمى تەلتۆكۈس يوقۇلىدۇ. ئىسلامى تۈزۈم بىلەن تاسادىپىي ئوخشىشىپ قالغان بەزى قىسمەن ئوخشاش-چۈشەك ھالقىلاردىن باشقا، ھېچنەرسە قالمايدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ قىسمەن ھالقىلار شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كىلىنمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئوخشاش ھالقىلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى مەنبە بىلەن ئۇلارنى ئىلگىرى ئۆزىگە تارتىپ تۇرغان رەزىل جاھالەتپەرەسلىكنىڭ سېسىقچىلىقى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام ئىلىم-مائارىپ ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ھېچقانداق توسالغۇ پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئالغا قاراپ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بىز، تاكى ئۇلار ئىسلامنىڭ ھەرگىزمۇ نۇرغۇنلىغان ئىنسانىي جەمئىيەتلەرنىڭ تەشەببۇسلىرى ئىچىدىكى بىر خىل تەشەببۇس ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ھەر قانداق ئىنسانىي جەمئىيەتلەرنىڭ تۈزۈمى ئىچىدىكى بىر خىل تۈزۈممۇ ئەمەسلىكىنى، بۇ تەشەببۇس ۋە تۈزۈملەرنىڭ قانچىلىك داغلىق، نامىنىڭ كىشىلەرنى قانچىلىك ئۆزىگە جەلپ قىلىشى، بېزىلىشىنىڭ قانچىلىك كۆركەم، بايرىقىنىڭ قانچىلىك كۆزنى قاماشتۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىسلامنىڭ ھامان ئىسلام ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنگە قەدەر، كىشىلەرنى بۇ ھەقىقىي ئەھۋاللارنى زور كۈچ بىلەن شەرھىيلەپ چۈشەندۈرىشىمىز كېرەك. ئىسلام ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە، مۇستەقىل دۇنيا قاراشقا، مۇستەقىل ئىجتىمائىي فورماتسىيە (ھالەت)كە ئىگە. ئىسلام ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۇلار بۇ بارلىق ئىجتىمائىي ئەھۋاللاردا ئارزۇ قىلغان بەخت-سائادەتنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ، ئىسلام بولسا يۈكسەكلىك، پاكلىق، ئىناقلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ جەۋھىرى، چۈنكى ئۇ ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن.

بىز ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى مۇشۇنداق تونۇپ يەتكەن ۋاقتىمىزدا، ئىسلامنىڭ ماھىيىتىگە بولغان بۇ تونۇش بىزنى كىشىلەرگە ئىسلامنى نامايان قىلغان ۋاقتىمىزدا تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ، قەتئىي ئىرادە، ساپ كۆيۈنۈش، كۆپچىلىككە بولغان مېھرىبانلىق بىلەن كىشىلەرگە دىننى تەشۋىق قىلىش ئىگىسىغا ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئىشەنچ بىزنى ھەقىقەتنىڭ بىز تەرەپتە، ئەمما ئۇلار بولسا خاتالىق ئىچىدە ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەندۇرىدۇ. بۇ كۆيۈنۈش ئىنسانلارنىڭ بەختسىزلىكىنى كۆرىدۇ ھەم ئۇلارنى قانداق قىلغاندا بەخت-

سائادەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ مېھرىبانلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئازغۇنلۇقىنى بايقايدۇ، ھەممە كىشىلەر ئۆزلىرىدىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بىردىنبىر توغرا يولنىڭ زادى نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

بىز ھەرگىزمۇ ئىسلام ئارقىلىق كىشىلەرگە سۈيقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتمەيمىز، لېكىن بىز يەنە ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ نەپسىي خاھىشى ۋە ئازغۇنلۇق ئىدىيىۋى قارىشىغا يول قويالمايمىز. بىز ئۇلارغا ئىنتايىن سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز: سىلەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقان جاھالەتپەرەسلىك بولسا بىر خىل پاسكىنىچىلىق بولۇپ، ئاللاھ سىلەرنى پاكلاشنى خالايدۇ؛ سىلەر ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي تۈزۈم بولسا بىر خىل ئىپلاسلىق بولۇپ، ئاللاھ سىلەرنى ئۇنىڭدىن تازىلاشنى خالايدۇ؛ سىلەر كەچۈرۈۋاتقان بۇ خىل تۇرمۇش پەسكەشلىك بولۇپ، ئاللاھ سىلەرنى ئالىي ئۆيپۇقلارغا يۈكسەلدۈرۈشنى خالايدۇ؛ ئومۇمەن، سىلەر بەختسىزلىك، رەھىمسىزلىك ۋە بالايىئاپەت تەرىپىدىن ئورۇۋېلىنغان بولۇپ، ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يەڭگىللىتىپ، سىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىشنى، سىلەرنى بەختلىك قىلىشنى خالايدۇ. ئىسلام سىلەرنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىڭلارنى، ئىجتىمائىي تۈزۈمىڭلارنى، قىممەت ئۆلچىمىڭلارنى ئۆزگەرتىپ، سىلەرنى بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشقا يۈكسەلدۈرۈشنى خالايدۇ، ئۇ ۋاقىتتا، سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ ھازىر ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ خىل تۇرمۇشۇڭلاردىن سەسكىنىسىلەر؛ ئىسلام سىلەرنى يەنە بىر خىل ئەۋزەل ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قاراپ ئىلگىرىلىتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا، سىلەر بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ شەرقى ـ غەربىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى مەنسىتمەيسىلەر؛ ئىسلام سىلەرنى ئالىي قىممەت ئۆلچىمىگە تەرەققى قىلدۇرىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا، سىلەر بۇ زېمىندا ئېقىۋاتقان (مودا بولغان) قىممەت ئۆلچىمىدىن بىزار بولىسىلەر. ئەگەر سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ بەختسىزلىكىڭلاردىن ئىسلامى تۇرمۇشنىڭ ئەمىلي ئىپادىسىنى كۆرەلمىگەن بولساڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلار (بۇ دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى)نىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاق تۈزۈپ، بۇ تۇرمۇشنى بەرپا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلغانلىقىدىن، بۇ لايىھەنىڭ ئەمەللىشىشىگە توسقۇنلۇق قىلغانلىقىدىن بولغان. ئاللاھقا شۈكرى، بىز قۇرئاندىن، ئىسلام «شەرىئىتى»دىن، بىزنىڭ تارىخىمىزدىن، بىزنىڭ ئەۋزەل دۇنيا قارىشىمىزدىن بۇ تۇرمۇشنىڭ ئاللىقاچان قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ھەقىقىي نامايەن

بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئۇنداقتا، بىزنىڭ ئىسلامنىڭ كەلگۈسىگە قارىتا ئىشەنچىمىز تولۇپ-تاشقان بولۇپ، قىلچە شۈبھىلەنمەيمىز.!

بىز كىشىلەرگە ئىسلامنى نامايان قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلارغا مۇشۇنداق دەۋەت قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى ھەقىقىي ئەھۋال مۇشۇنداق. بۇ ئىسلامنىڭ بىرىنچى قېتىم كىشىلەرگە دەۋەت ئېلىپ بارغان ۋاقتىدا، ئەرەب يېرىم ئارىلىق بولسۇن، ياكى پارس ھەم رىمدا بولسۇن، ياكى دۇنيانىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدىكى ئىسلامى دەۋەت ئېلىپ بېرىلغان جايدا بولسۇن- قوللانغان ئۇسۇلى.

ئىسلام كىشىلەرگە يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قاراش ئۇسۇلى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى ھەقىقەت مۇشۇنداق، ئىسلام ئۇلارغا كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىق تىلى بىلەن دىننى دەۋەت قىلىدۇ، چۈنكى بۇ ئىسلامنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى ئەمىلىي پاكىت، ئىسلام ھەم بىپەرۋالىق قىلماستىن ھەم تېڭىرقىماستىن، بەلكى سەمىمىيلىك بىلەن كىشىلەرگە ئىسلامنى جاكارلايدۇ. چۈنكى بۇ ئىسلامنىڭ ئۇسۇلى. ئىسلام ئەزەلدىن كىشىلەرگە: ئازراق تەڭشەش ئېلىپ بارغاندىن سىرت، ئىسلام ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى، ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى قاتارلىقلارغا مەڭگۈ تەگمەيدۇ! ياكى ئىسلام ئۇلارغا تونۇش بولغان ھالەت ۋە تۈزۈمدىن ئۆرنەك ئالىدۇ (ئۇنى ئۇلگە قىلىدۇ) دېمەيدۇ. خۇددى بۈگۈنكى كۈندە ئارىمىزدىكى بەزى كىشىلەر ئىسلامى دەۋەت ئېلىپ بارغان ۋاقتىتا، بەزى چاغدا «دىموكراتىك ئىسلام» دېگەن ماركىنى، بەزى چاغدا «سوتسىيالىستىك ئىسلام» دېگەن ۋېۋىسكىنى كۆتۈرۈپ چىققىنىغا ئوخشاش، ئىسلامغا خالىغانچە ئىسىم قويىساڭلار بولىدۇ دېمەيدۇ! بەزى چاغدا ئۇلار، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يۈرگۈزۈلىۋاتقان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى، سىياسىي، قانۇن-تۈزۈملەرگە قارىتا ئىسلام پەقەت ئازراقلا تەڭشەش ئېلىپ بارسا بولىدۇ، دەپ بىلجىرلىشىدۇ! ئۇلار تاكى ئەڭ ئاخىرقى ھېيلىگەر ئالدامچىلىق ۋە نەپسى-خاھىشىنى بىمالال ئىختىيارىغا قويىۋېتىش بىلەن مادارا قىلغۇچە شۇنداق قىلىدۇ.

ياق، ئىشنىڭ ھەقىقىتى ئۇنداق ئەمەس، بۇ جاھالەتپەرەسلىك قاپلىغان زېمىندىن ئىسلامغا يۈزلىنىش بولسا بىر مەيدان زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىسلامى تۇرمۇشنىڭ لايىھىسى بىلەن قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان جاھالەتپەرەسلىكنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئاسمان-زېمىن پەرق قىلىدۇ! بۈگۈنكى

كۆنده ئىنسانلار دۇچار بولغان بەختسىزلىك ھەرگىزمۇ ئىجتىمائىي ھالەت ۋە تۈزۈمنىڭ ئازراق تەڭشىلىشى بىلەن تۈگىمەيدۇ. پەقەت بىر مەيدان زور ئۆزگىرىش ئارقىلىقلا، ئىنسانىيەت ئاندىن بۇ چوڭ بەختسىزلىكتىن قۇتۇلالايدۇ. بۇ ئۆزگىرىش بولسا ئىنسانىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن ياراتقۇچى ئاتا قىلغان ئىلاھى تۇرمۇش يولىغا يۈزلىنىش، ئىنسانىڭ تۈزۈمىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پەرۋەردىگارى نازىل قىلغان ئىلاھى تۈزۈمگە يۈزلىنىش؛ ئىنسانى قانۇنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىلاھى قانۇنى ئارقىلىق ئىدارە قىلىشىغا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت.

بۇ ھەقىقەت، بىز بۇ ھەقىقەت ئارقىلىق تاكى ئۇلار ئىسلامدىن قايتا شۈبھىلەنمىگۈچە، ئىسلام بىلەن گۇمراھلىقنى يەنە ئارىلاشتۇرۇۋەتمەيدىغان بولغىچە خىتاب قىلىمىز، دەۋەت قىلىمىز!

بەلكىم، باشلىنىشتىلا كىشىلەردە بۇنىڭغا قارىتا يامان كۆرۈش تۇيغۇسى پەيدا بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار بەلكىم قورقىنىدىن تىكىۋېتىشى مۇمكىن. ئەمما، ئىسلامى دەۋەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىمۇ، كىشىلەر ئوخشاشلا ئىسلامنى يامان كۆرگەن، ئۇنىڭدىن قورقان، ئۇلار مۇئمىنلەرنى قوغلىغان ۋە زىيانكەشلىك قىلغان، چۈنكى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى پەس كۆرۈشىدىن، ئۇلارنىڭ مەئبۇد-ئىلاھلىرىغا ھۇجۇم قىلىشىدىن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمنى چۆرۈپ تاشلىشىدىن، ئۇلارنىڭ ئەنئەنە ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىدىن قورقان، سان جەھەتتىن كۆپ بولمىغان مۇئمىنلەر ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتچە ئىجتىمائىي تۈزۈمى، قىممەت قارىشى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ئەكسىچە ھالدا ئىجتىمائىي تۈزۈم، قىممەت قاراش ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەت يولىنى تۇتقان.

لېكىن، ئاخىرىدا قانداق بولدى؟ ئىسلام ھەقىقىتىنى يامان كۆرگەن، ئۇنىڭدىن قورقان ۋە ئۆزىنى چەتكە ئالغان ئاشۇ كىشىلەر بەس-بەستە ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿كَأَنَّهُمْ حُمُرٌ مُّسْتَنفِرَةٌ* فَرَّتْ مِن قَسْوَرَةٍ﴾

**«گۇيا ئۇلار يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردۇر (يەنى بۇ مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدىن خۇددى يولۋاسنى كۆرۈپ قاچقان ياۋا ئېشەكلەردەك قاچىدۇ).»** (سۇرە مۇددەسسىر 50 ـ 51 ئايەت)

ئۇلار ئىلگىرى بارلىق سۇيىقەست-پىلانلارنى قىلىشتى، بارلىق ھەربىي كۈچىنى ئىشلىتىپ بۇ ھەقىقەتكە قارشىلىق قىلىپ، بۇ ھەقىقەتكە ھۇجۇم قىلدى، بۇ ھەقىقەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنىڭ مەككىدىكى كۈچ-قۇدرىتى ئاجىز ۋاقىتتا، ئۇلار ئۇلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن خورلىدى؛ مۇئمىنلەرنىڭ مەدىنىدە كۈچ-قۇدرىتى زورايغان ۋاقىتتا، ئۇلار بۇ ھەقىقەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا قارشى دەھشەتلىك ئۇرۇش قوزغىدى.

ئىسلامى دەۋەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ۋەزىيەت بۈگۈنكى كۈندىكىدىن ياخشى ئەمەس ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، كىشىلەر تېخى ئىسلامنى چۈشەنمەيتتى. جاھالەتپەرەسلىك ئاستىدىكى بۇ كىشىلەر ئىسلامنى يامان كۆرەتتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئىسلام پەقەت مەككىنىڭ تاغ-جىلغىلىرى بىلەن ئورىلىپ تۇرغان بولۇپ، مەككىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئاق-سۆڭەكلىرى ئۇنى قوغلايتتى. ئەينى ۋاقىتتا، پۈتكۈل دۇنياغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىسلام ناھايىتى ئاز ئادەم بىلىدىغان يات نەرسە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئىسلامنىڭ پرىنسىپى ۋە مەقسىتىگە قارشى بولغان چوڭ ھەم زومىگەر دۆلەتلەردىن بىر نەچچىسى ئۇنى قورشاپ تۇراتتى. لېكىن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام خۇددى بۈگۈنكى كۈندىكىدەكلا قۇدرەتلىك ئىدى. شۈبھىسىزكى ئۇ ئەتىمۇ، كەلگۈسىدىمۇ قۇدرەتلىك بولىدۇ. قۇدرەتلىك ئىچكى ئامىل. بۇ ئىمان-ئېتىقادنىڭ ماھىيىتى ئىچىدە ساقلانغان بولغاچقا، ئەڭ قىيىن شارائىتتىمۇ، ئەڭ جاپالىق مۇھىتتىمۇ، ئىسلام ئوخشاشلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئىسلامنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇ ئاساسلىنىدىغان ئاددي ۋە ئېنىق بولغان ھەقىقەت ئىچىدە ساقلانغان، ئىسلام بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تۇغما تەبىئىتى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىق مۇناسىۋىتىدە ساقلانغان بولۇپ، بۇ تۇغما خاراكتېرنىڭ ئىسلامنىڭ نوپۇزىغا ئۇزۇن مۇددەت قارشى تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئىنسانىيەت ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي، ئىلىم-پەن ۋە ئەقىل-ئىدراكنىڭ تەرەققىي قىلغان باسقۇچتا ياكى قالاق باسقۇچتا تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ كۈچ-قۇدرەت ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسىلىپ ئالغا ئىلگىرلىشىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارى ئىچىدە ساقلانغان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلامنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى يەنە ئۇنىڭ جاھالەتپەرەسلىك ۋە ئۇنىڭ بارلىق ماددى كۈچى بىلەن كۈرەش قىلغان ۋاقىتتىكى سەمىمىيلىكىدە ساقلانغان بولۇپ، ئىسلام ھەرگىزمۇ ئۆز پرىنسىپىدىن قىلچە چەتنىمەيدۇ، ھەم

جاھالەتپەرەسلىكنىڭ نەپسى-خاھىشىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەيدۇ. ھەم ئۇنىڭغا سۈيىقەست ۋە ھىيلە-مىكىر ئىشلەتمەيدۇ. بەلكى ھەقىقەت ساداسى بىلەن نىدا قىلىپ، كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ تارقىلىشىنىڭ پەقەت بەخت-سائادەت، مېھرىبانلىق ۋە ياخشىلىق ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى- ئاللاھ، كىشىلەرنىڭ قەلب دۇنياسىنىڭ كۆزنىكىنى ۋە ئادەم تېنىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئوبدان بىلىدۇ، ھەمدە ھەقىقەت ئارقىلىق، سەمىمىي، قەتئىي، قىلچە ئىككىلەنمەستىن نىدا قىلغان ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ بۇ چاقىرىقىغا قانداق ئاۋاز قوشۇدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ!

دەرۋەقە، ئىنسان تەبىئىتىدە بىر خىل تۇرمۇشتىن يەنە بىر خىل تۇرمۇشقا تامامەن بۇرۇلىدىغان يۈشۈرۈن ئامىل بار بولۇپ، بۇ نۇقتىنى نۇرغۇن ئەھۋاللاردا تۇرمۇشقا نىسبەتەن قىسمەن خاراكتېرلىك تەڭشەش ئېلىپ بارغانغا قارىغاندا، ئىنسان تەبىئىتى تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنسان تەبىئىتىدە يەنە بىر خىل تۇرمۇش تۈزۈمىدىن تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ پاك بولغان باشقا بىر خىل تۇرمۇش تۈزۈمىگە تامامەن بۇرۇلىدىغان يۇشۇرۇن ئامىل بولۇپ، بۇ نۇقتا، ئىنسان تەبىئىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ لوگىكا قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. لېكىن، ئەگەر ئىسلامى تۈزۈم ئۇ يەر-بۇ يەرلەردە پەقەت ئازراقلا ئۆزگىرىش ۋە ئانچە-مۇنچە تەڭشەش ئېلىپ بارىدىغان بولسا، ئۇنداقتا جاھالەتپەرەسلىك تۈزۈمىدىن ئىسلامى تۈزۈمگە ئۆزگىرىشنى قانداقمۇ ئاساسلار بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ؟ چۈنكى، ئەگەر ئىسلامى تۈزۈمنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم تەركىبلىرى بىلەن كونا تۈزۈم ئوخشاش بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا كونا تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىش مەنتىقىغە تېخىمۇ ئۇيغۇن كەلمەمدۇ؟ چۈنكى ئۇ ھېچ بولمىغاندا ئاللىقاچان بەرپا بولۇپ بولغان تۈزۈم بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزگەرتىش ۋە تەڭشەش ئېلىپ بارسا بولىدۇ. ئەمما ئۇنى يوقىتىپ، تېخى بەرپا بولمىغان ھەم ئەمەلىلەشمىگەن تۈزۈمگە ئۆزگىرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ-دە!

ئوخشاشلا، بەزى ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ ئىسلامدىن سۆز ئاچقان ۋاقىتىدا، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلىنىڭ كىشىلەرگە مۇنداق تەسىر بېرىدىغانلىقىنى بايقايمىز: خۇددى ئىسلام جاۋابكار ئورنىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئىسلامنى كۈچەپ ئاقلىغاندەك! ئۇلارنىڭ ئاقلاش جەريانىدا قوللانغان ئۇسۇللىرىدىن بىرى

بولسا ھازىرقى ھەر خىل تۈزۈملەرنىڭ ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق قۇۋلۇق-شۇملۇقلارنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئەمما ئىسلامنىڭ ئۇنداق قىلىشتىن ھايا قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش؛ ھەمدە بۇ ئىشلاردا، ئىسلامنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ھەر خىل «مەدەنىيەت»لەر ئېلىپ بارغان بارلىق ئىشلارنى قىلغاندىن باشقا، 1400 يىلدىن بېرى ھېچنېمە قىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلاش! بۇنداق ئاقلاش نېمىدېگەن زەئىپلىك! ئۇنداق ھىمايە قىلىش نېمىدېگەن بىچارىلىك!

ئىسلام جاھالەتپەرەسلىك تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرى ئىچىدىن ھەرگىزمۇ ئۆزىنى ئاقلايدىغان سۆزلەرنى ئىزدىمەيدۇ. بۇ نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەنۇۋىيىتىدىكى «مەدەنىيەت»نى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇ پەقەت جاھالەتپەرەسلىك تۈزۈمدىن ئىبارەت، خالاس. ئەگەر ئىسلام بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئۇ پەقەت نومۇسسىز ھەم چۈشكۈن تۈزۈمدىن ئىبارەت. ئەگەر بۇ خىل تۈزۈم ئاستىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئاتالمىش «ئىسلام يۇرتى» ياكى «ئىسلام دۇنياسى»دا ياشاۋاتقانلارنىڭ ئەھۋالىدىن ياخشى بولسا، ئۇنداقتا بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئاتالمىش «ئىسلام دۇنياسى»دا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنىڭ شۇ قەدەر بەختسىز بولۇپ كېتىشى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ دەل ئىسلامدىن ۋاز كەچكەنلىكىدە..... بۇ ھەقتە ئىسلامنىڭ كىشىلەرگە تەقدىم قىلىدىغان روشەن دەلىل-پاكىتى شۇكى:

ئىسلام جاھالەتپەرەسلىك تۈزۈمدىن تەخداشسىز دەرىجىدە ئەۋزەل بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىشى جاھالەتپەرەسلىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۆزگەرتىش، ئىنسانىيەتنىڭ ئاتالمىش «مەدەنىيەت» تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، جىنايەت پاتقاقلىرىدا جان تالىشىۋاتقانلىقىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنى ھالاكەتلىك ھاڭدىن قۇتۇلدۇرۇش.

بۇنداقتا، بىز ھازىرقى بەزى ئىدىيە، تەشەببۇس ۋە تۈزۈملەر ئىچىدىن ئىسلام ئۇچۇن ئەندىز ئىزدەش ھەم ئۇنى تەقلىد قىلىش ئۈمىدىدە بولمايمىز، بىز شەرقنىڭ ياكى غەربنىڭ تۈزۈمى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىنى رەت قىلىمىز. بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىمىز. چۈنكى بۇ جاھالەتپەرەسلىك تۈزۈملەر بىلەن ئىسلام ئۈمىد قىلغان ئىنسانىيەتنىڭ ئالىي ئۆيۈقىنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ھەقىقەتەن چۈشكۈن ھەم قالاق.

بىز بۇ ھەقىقىي ئەھۋال بىلەن كىشىلەرگە دىنىنى تەشۋىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، بىز ئۇلارغا مۇكەممەل ئىسلام دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسىنى نامايان قىلىمىز، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ تۇغما تەبىئىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا بىر خىل دۇنيا قاراشتىن يەنە بىر خىل دۇنيا قاراشقا، بىر خىل ئىجتىمائىي ھالەت (فورما)تىن يەنە بىر خىل ئىجتىمائىي ھالەتكە ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن تۇغرا پەرق ئېتىش بارلىققا كېلىدۇ. لېكىن بىز بۇنداق تەلەپپۇز بىلەن كىشىلەرنى تولۇق قايىل قىلىدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىيەلمەيمىز: كېلىڭلار! ھازىر يۇرگۈزۈلۈۋاتقان تۈزۈمدىن تېخى ئەمىلىلەشمىگەن يەنە بىر خىل تۈزۈمگە يۇرۇش قىلايلى. ئۇ تۈزۈم سىلەرنىڭ ھازىرقى تۈزۈمىڭلارغا پەقەت ئازراقلا ئۆزگەرتىش بېرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، سىلەرنىڭ بۇ يېڭى تۈزۈم ئاستىدىكى ئىشلىرىڭلار بىلەن ئەسلىدىكى (جاھالەتلىك) تۈزۈمىڭلار ئاستىدا ئېلىپ بارغان ئىشلىرىڭلار ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولىدۇ. بۇ يېڭى تۈزۈم سىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادىتىڭلار، جەمئىيەت تۈزۈمىڭلار ۋە ئىدىيىۋى قارىشىڭلارغا قارىتا پەقەت كىچىككىنە ئۆزگىرىش ئېلىپ بارىدۇ، سىلەر ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى ساقلاپ قالىدۇ، ئۇلارغا ئازراقمۇ چېقىلمايدۇ، دېمەيمىز!

بۇ خىل ئۇسۇل گەرچە قارىماققا ئاددىيدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە كىشىلەرنى ھەرگىزمۇ جەلپ قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ تېخى ئىشنىڭ ھەقىقىتى ئەمەس. بەلكى ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى بولسا ئىسلام كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنىلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت ھالىتى ۋە تۈزۈمى شۇنداقلا قانۇن ماددىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلام بىلەن كىشىلەر ئىلگىرى ياشىغان جاھالەتپەرەسلىك تۇرمۇش پرىنسىپلىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىشنى قالدۇرمايدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام كىشىلەرنى ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا چوقۇنۇشىدىن (ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئادەمگە چوقۇنۇشىدىن) پەقەت ئاللاھقىلا چوقۇنۇشقا (ئىبادەت قىلىشقا) ئۆزگەرتىدۇ. بۇ نۇقتا بۇ ئۆزگىرىشنىڭ دەرىجىسىنى يېتەرلىك دەلىللەپ بېرىدۇ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقُلِ الْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْ فَمَن شَاء فَلْيُؤْمِن وَمَن شَاء فَلْيَكْفُرْ﴾

**«(ئى مۇھەممەد!) «(بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولدى،**

**خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» دېگىن.»** (سۈرە كەھف 29 ـ ئايەت )

﴿ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ﴾

**«. . . . . كىمكى كۇفرىلىق قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ( بەندىلىرىدىن ) بىھاجەتتۇر. . . . .»** ( سۈرە لوقمان 12 ـ ئايەت )

بۇ مەسىلە ماھىيەتتە ئىمان ـ ئېتىقاد بىلەن ئىمان ـ ئېتىقادنى رەت قىلىش مەسىلىسى، مۇشرىكلىك بىلەن تەۋھىد (ئاللاھنى بىر بىلىش) مەسىلىسى، ئىسلام بىلەن جاھالەتپەرەسلىك مەسىلىسى بولۇپ، بۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇش كېرەك. ئەگەر كىشىلەر ئۆزىنى مۇسۇلمان ئاتىۋېلىپ جاھىلىيەتچە تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۇنداقتا، ئۇلار ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالداشنى ياخشى كۆرۈپ، ئىسلامنىڭ ۋە بۇ جاھالەتپەرەسلىكنىڭ قول تۇتۇشۇپ بىللە شان ـ شەرەپكە ئىگە بولىشىغا ئىشەنسە ۋە بۇنىڭ ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىگە تەسىرى يەتمەيدۇ دەپ ئىشىنىپ يۈرسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۆز قىلمىشى ئۆزىگە! لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئالدىشى ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ھەرگىزمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ، بۇ ھەقىقىي ئىسلام ئەمەس، بۇ ئادەملەر ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە، ئىسلامى دەۋەتنىڭ ئاساسى نۇقتىسى، بۇ ئادەملەرنى جاھالەتپەرەسلىك ھالىتىدىن ئىسلامغا ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى قايتىدىن ھەقىقىي مۇسۇلمان قىلىش.

بىزنىڭ كىشىلەرنى ئىسلامغا يېتەكلىشىمىز ھەرگىزمۇ ئۇلاردىن ھەرقانداق نەپكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بىز بۇ زېمىندا زوراۋانلىق بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنى، ئەسكىلىك قىلىشنى ئارزۇ قىلمايمىز، بىز ئۆزىمىزگە ھەر قانداق ئالاھىدە ھوقۇق ئاتا قىلىشنى ئارزۇ قىلمايمىز، بىزنىڭ مۇكاپاتىمىز كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئەمەس، پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا. بىزنىڭ كىشىلەرنى ئىسلامغا يېتەكلىشىمىز، پەقەت ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىز، ئۇلارنىڭ بىزگە قانچىلىك زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارغا دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلىگەنلىكىمىزدىن. چۈنكى بۇ دەل ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ ئەسلى خىسلىتى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى. بۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر ئىسلامى دەۋەت ئېلىپ كېلىدىغان كەڭ بەخت ـ سائادەتكە يۈزلىنىپ، ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئىسلام ئۇلاردىن

ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلغان ھەر خىل مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇپ يېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارمۇ بىزنىڭ ئۇلار ياشاۋاتقان جاھالەتپەرەسلىك ھالىتىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتقا قارىتا كۆز قارىشىمىزنى چۈشىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ: ئۇ پەقەت جاھالەتپەرەسلىك بولۇپ، ئىسلام بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق؛ ئۇ پەقەت نەپسى-خاھىش بولۇپ، ئىسلام «شەرىئىتى» بويىچە باشقۇرۇش ئەمەس؛ ئەگەر ئۇ ھەقىقەت بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ ئازغۇنلۇق، ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن باشقا يەنە نېمە بار؟

ئىسلامدا، بىز ئۇيات قىلىدىغان ياكى ئاقلاشقا مەجبۇر بولىدىغان ھېچقانداق ئىش يوق؛ ئىسلامدا كىشىلەرگە ئىشلىتىدىغان ھېچقانداق ھىيلە-مىكىر يوق، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى جاكارلىغاندا بىزنى ئىككىلەندۈرىدىغان ھېچنەرسە يوق. جاھالەتپەرەسلىك تۈزۈمى ئالدىدىكى، شەرقلىقلەر ۋە غەربلىكلەر ئالدىدىكى روھىي مەغلۇبىيەت، بەزى مۇسۇلمانلىرىمىزنى ئىنسانىۋى تۈزۈملەر ئىچىدىن ئىسلام ئۈچۈن بەزى قىسمەن ئورتاقلىقلارنى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى، ياكى جاھالەتپەرەسلىكنىڭ ئاتالمىش «مەدەنىي» ھەرىكەتلىرى ئىچىدىن ئىسلامى ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭ بەزى نەرسىلىرىنىڭ ھۆكمى ئۈچۈن ئاساسلىنىدىغان ئىسپاتلارنى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى.

ئەگەر ھەقىقەتەن بەزىلەر ھىمايە قىلىش، ئاقلاش ۋە دەلىل-ئىسپات ئىزدەشكە مۇھتاج بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار كىشىلەرگە ئىسلامنى تەشۋىق قىلغۇچى ئەمەس. بەلكى قاتمۇ-قات زىددىيەتلىك، كەمتۈكلۈك، ئىپلاسلىق قاپلىغان، چۈشكۈن جاھالەتپەرەسلىك تۇرمۇشىنى كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. دەل ئاشۇ كىشىلەر جاھالەتپەرەسلىك ئۈچۈن ئاقلىغۇچى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەل بۇ كىشىلەر ئىسلامغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ھەمدە ئىسلامنى ياخشى كۆرىدىغان لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە سەل قارىغان بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ئىسلامنى ئاقلايدۇ. خۇددى ئىسلام جاۋابكار ئورنىغا قويۇلۇپ، ئۆزى ئۈچۈن چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغاندەك!

ئامېرىكىدىكى بىر نەچچە يىللىق ھاياتىمدا، بەزى بىر قىسىم كىشىلەر بىز بىر نەچچە مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلدى، ئارىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئاقلاش ۋە مۇداپىئە قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللاندى. ئەمما مەن ئۇلارنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ، غەرب جاھالەتپەرەسلىكىگە قايتارما ھۇجۇم

قىلىش مەيدانىدا تۇردۇم، يەنى: ئۇلارنىڭ چۈشكۈن دىنىي ئېتىقادىدىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئىنساننى ھالاك قىلىدىغان ئىجتىمائىي ھالىتى (فورماتسىيىسى)، ئىقتىسادى تۈزۈمى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى سىستېمىسىغىچە؛ ئۇلارنىڭ «ئۈچ ئىلاھ بىر گەۋدە» نەزەرىيىسى، «ئىنساننىڭ ئەسلى گۇناھى» نەزەرىيىسى، «ئەيسانىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى» نەزەرىيىسى قاتارلىق ھەم ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس، ھەم ئىنساننى قەلبىدىن قايىل قىلالمايدىغان نەزەرىيىلەر؛ كاپىتالىزمنىڭ مونوپول قىلىشى ۋە جازانىخورلۇقنىڭ رەزىللىكى؛ قانۇنى چارە ـ تەدبىرلەردىن باشقا ئىجتىمائىي ئۇيۇشچانلىقنى يوقاتقان شەخسنىڭ ئۆزەمچىلىكى، تۇرمۇش ئازغۇنلىقىغا پاتقان مال ـ دۇنياپەرەسلىكتىن ئىبارەت تېتىقسىزلىقى؛ جىنسىي ئەركىنلىك دەپ چىرايلىق نام بەرگەن ھايۋانلارچە ئەركىنلىك، «ئاياللار ئازاتلىقى» دېگەن چىرايلىق نام قويۇلغان ئايال قۇللار (دىدەكلەر) بازىرى، نىكاھ، ئائىلە تۈزۈمىدىكى سېسىق نامى ھەممىگە پۇر كەتكەن ئىرقى ئايرىمچىلىق سىياستىدە ئەكس ئەتكەن رىئال تۇرمۇشتىكى بىمەنىلىكلەر، مۈشكۈلچىلىكلەر ۋە قاتمۇ ـ قات ئېغىرچىلىق..... قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، ئاندىن ئىسلامنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇنلىقى، يۈكسەكلىكى، ئىنسانپەرۋەرلىكلىكى ۋە خۇشخەۋەر ئىكەنلىكىنى، ئىسلام ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزلۈكسىز ئىنتىلگەن ئەمما يېتەلمىگەن يۈكسەك پەللىلەرگە جاھىللىق بىلەن ئىزدىنىشكە قارىتا، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ رىئال مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغان ۋاقىتتا قوللانغان ساغلام ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتىنى ئاساس قىلغان پرىنسىپ ئۈستىدە بىر تەرەپ قىلىش يېتەكچىلىك پرىنسىپىنى چۈشەندۈردۈم.

بۇ دەل بىز دۈچ كەلگەن غەرب تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى بولۇپ، ئىسلام نۇرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ پاكىتلار غەرب تۇرمۇشىنىڭ ئىگىلىرىنى ئۇيالدۇرۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىشقا مەجبۇر بولۇشىدا يېتىپ ئاشىدۇ. لېكىن ئېچىنىشلىقى شۇكى، ئۆزىنى ئىسلامدا دەۋالغان بەزى كىشىلەر جاھالەتپەرەسلىكنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئىپلاسلىقى ئالدىدا روھى مەغلۇبىيىتىنى ئاشكارىلاپ، بۇرۇنقىدەكلا بۇ بىچارە ھەم قالايمىقان غەرب ئەخلەتلىرى ۋە رەزىل شەرق ماتېرىيالىزمچىلىرىنىڭ ئىپلاسلىقلىرى ئىچىدىن ئىسلام ئۈچۈن ئورتاقلىقلارنى ئىزدەۋاتىدۇ!

بۇ يەردە مەن، بىز كىشىلەرگە ئىسلامنى نامايان قىلغۇچىلار،

جاھالەتپەرەسلىكنىڭ بېسىمىنىڭ قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر ئىدىيىۋى ئېكى، ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادىتى بىلەن مۇرەسسە قىلماسلىقىمىز، ھەم ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئالماسلىقىمىز كېرەكلىكىنى قايتا تەكىتلەش زۆرۈر دەپ قارايمەن.

بىزنىڭ بىرىنچى بۇرچىمىز بولسا ئىسلامنىڭ ئىدىيىۋى ئېكى ۋە ئەنئەنىسىنى بۇ جاھالەتپەرەسلىكنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇش بولۇپ، بۇ ۋەزىپە، خۇددى بىزنىڭ بەزى كىشىلىرىمىز خام خىيال قىلغاندەك، بۇ جەرياننى باشلىنىشى بىلەنلا جاھالەتپەرەسلىك بىلەن مۇرەسسە قىلىش ھەم ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بۇ، بۇ جەرياننىڭ بىرىنچى قەدىمىدىلا مەغلۇب بولغانلىقىنى جاكارلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھازىرقى ئىجتىمائى ئىدىيىۋى ئاڭ ۋە ئىجتىمائى ئۆرپ-ئادەتنىڭ بېسىمى ھەقىقەتەن بىر خىل كۈچلۈك ھەم ۋەيران قىلىش كۈچىگە ئىگە بېسىم بولۇپ، بۇ نۇقتا بولۇپمۇ ئاياللار دۇنياسىدا ئېغىر، مۇسۇلمان ئاياللار بۇ جاھالەتپەرەسلىك ئالدىدا ھەقىقەتەن بىر خىل رەھىمسىز ھەم بەختسىز بېسىمغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، لېكىن بىز بۇ ئېزىتقۇلۇقتىن چىقىپ كېتىدىغان يولنى چوقۇم تاپالايمىز. ئالدى بىلەن، بىز ئاساسىمىزنى مۇستەھكەملىشىمىز، ئاندىن كېيىن، ھەممە نەرسىگە ئىگىزدە تۇرۇپ تۆۋەنگە نەزەر سېلىش پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم، بىز يەنە بىز ئارزۇ قىلغان ئىسلام نۇرى ئاستىدىكى تۇرمۇشنىڭ يۈكسەك پەللىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، جاھالەتپەرەسلىكنىڭ بەختسىز ھالدا دوزاختا تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ماھىيەتنى تونۇپ يېتىشىمىز زۆرۈر.

بىزنىڭ ۋەزىپىمىز جاھالەتپەرەسلىك بىلەن قىسمەن مۇرەسسە قىلىشقا ئەگىشىپ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئوخشاشلا، بىزنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىشىمىز، ۋاز كېچىشىمىز ياكى ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىشىمىز سەۋەبلىك ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ! بىزنىڭ مەيدانىمىز ئۇنداق ئارىلاش مۇناسىۋەتلەر بىلەن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. بىز مېھرىبانلىق بىلەن ھەقىقەت ئۈچۈن نىدا قىلىمىز، كەمتەرلىك بىلەن ئىمان-ئېتىقادقا تايىنىپ ھەممىنى ئۈستىگە قويۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا دۇنيانى ھەقىقەت بىلەن تولدۇرىمىز. يەنى ئۇ: بىر جاھالەتپەرەسلىك ئىچىدە ياشاۋېتىپ، ئۆزىمىزنىڭ يولىنى توغرا يول دەپ

ئىشىنەتتۇق. بۇ ئۆزگىرىش بەكمۇ زور بولۇپ، جاھالەتپەرەسلىكتىن ئىسلامغا ئۆزگىرىش بولدى، ئىسلام بىلەن جاھالەتپەرەسلىك ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ ھاڭ بولۇپ، بۇ ھاڭنىڭ ئۇستىگە يېرىم يولدا ئۇچرىشىدىغان كۆۋرۈك سېلىش مۇمكىن ئەمەس، دېگەنلىكتۇر. شۇنداقلا بىزنىڭ بۇرچىمىز جاھالەتپەرەسلىككە تەۋە كىشىلەرنى ئىسلام تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈش، ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «ئىسلام دۇنياسى»دا ياشاپ ئۆزلىرىنى «مۇسۇلمان» ئاتىۋالغان كىشىلەر بولۇشى ياكى ئىسلام زېمىنىنىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان كىشىلەر بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى قاتمۇ-قات قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىمۇ ئىسلامنى تونىغان ھەمدە ئىسلام ئىچىدە ياشاشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئاشۇ كىشىلەر تېتىغان بەختتىن بەھرىمەن قىلىش، ئۇنداق بولمىسا، بىز ئۇلارغا ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىگە بۇيرۇق قىلغان قۇرئان ئايىتىنى جاكارلايمىز:

﴿لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِيَ دِينِ﴾

**«سىلەرنىڭ دىنىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈن.» (سۈرە كافىرۇن 6 - ئايەت)**

# ئىمان - ئېتىقادنىڭ ئۇستۇنلىكى

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ تَهِنُوا وَلاَ تَحْزَنُوا وَأَنتُمُ الأَعْلَوْنَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾

**(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر. (سۈرە ئال ئىمران 139 - ئايەت)**

بۇ ئىلاھى كۆرسەتمىدىن ئىگە بولىدىغان بىرىنچى مەزمۇن دەل بۇ ئايەت تەسۋىرلىگەن جىھاد مەيدانىدىكى جەڭ مەنزىرىسى... لېكىن، بۇ كۆرسەتمىنىڭ ھەقىقى مەنىسى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار دائىرە بۇ مەنزىرە ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەھۋاللاردىن تېخىمۇ كەڭ تېخىمۇ چوڭقۇر.

بۇ ئايەت بىر مۆئمىننىڭ بارلىق شەيئى، بارلىق ھادىسە، بارلىق قىممەت ئۆلچىمى، بارلىق شەخسلەرگە قارىتا ھېسسىياتىنى، ئۇلارنى تونۇغان ۋە ئۇلارغا

باها بەرگەن ۋاقىتتا ، هازىرلاشقا تىگىشلىك بولغان باشتىن-ئاخىرى بىر خىل بولۇشتەك خاراكتىرىنى نامايان قىلدى.

بۇ ئايەت ھەر بىر خىل شەيئى، ھەر بىر خىل ھادىسە، ھەر بىر خىل قىممەت قاراش، ھەر بىر خىل شەخسكە قارىتا مۆئمىننىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇنلىشىشقا تېگىشلىك بولغان ئۇستۇنلۇك قارىشىنى، ئىمان-ئېتىقاد ۋە ئۇنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ ئىمان-ئېتىقادتىن ئىبارەت بۇ مەنبەنىڭ سىرتىدىن كەلگەن بارلىق قىممەت قاراشلاردىن ئۇستۇن ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خاراكتىرىنى نامايان قىلدى.

بۇ ئىمان-ئېتىقاد، ئىمان-ئىتىقاد يولىدىن ئايرىلغان بۇ دۇنيانىڭ (سىياسى، ئىقتىسادى، ھەربي) كۈچىدىن ئۇستۇن. ئىمان-ئېتىقادنى باشلىنىش مەنبئى قىلمىغان بۇ دۇنيانىڭ قىممەت قارشىدىن ئۇستۇن، ئىمان-ئېتىقادتىن بارلىققا كەلمىگەن ئىنسانى ئەنئەنىلەردىن ئۇستۇن، ئىمان-ئېتىقاد تەرىپىدىن تۈزۈلمىگەن ئىنسانى قانۇنلار دىن ئۇستۇن، ئىمان-ئېتىقاد تەرىپىدىن بەرپا قىلىنمىغان بەلكى ئىنسانلار بەرپا قىلغان ئىجتىمائى تۈزۈملەردىن ئۇستۇن.

بۇ ئۇستۇنلۇك... گەرچە كۈچى ئاجىز، ئادەم سانى ئاز، مەبلىغى كەمچىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خۇددى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھازىرلىغاندەك يەنىلا ئۇستۇن.

بۇ ئۇستۇنلۇك زوراۋانلىق ئالدىدا باش ئەگمەيدۇ، بىمەنە ئىجتىمائى ئۆرپ-ئادەت ۋە ئىنسانى قانۇنلار ئالدىدا تەۋرىنىپ قالمايدۇ، شۇنداقلا كىشلەر تەرىپىدىن قۇبۇل قىلىنغان لېكىن ئېتىقادى ئاساسى بولمىغان ئىجتىمائى تۈزۈم ئالدىدىمۇ بېلىنى ئەگمەيدۇ.

جىھاد جەريانىدا زىچ ئىتتىپاقلىشىش، قەتئى تەۋرەنمەسلىك بولسا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئۇلۇغ ئىلاھى كۆرسەتمىلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئۇستۇنلۇك مەنزىرلىرى ئىچىدىكى پەقەت بىر خىل مەنزىرە.

ئىمان-ئېتىقادنىڭ بۇ خىل ئۇستۇنلىكى ھەرگىزمۇ نۇرماللىقتىن ھالقىغان ئىرادىدىن بولغان ئەمەس، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان چاغدىكى جاسارەتمۇ ئەمەس، قايناپ تاشقان قىزغىنلىق تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى، كائىناتنىڭ ماھىيتى ئىچىدە ساقلانغان مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنى ئاساس قىلغان ئۇستۇنلۇك، بۇ مەڭگۈلۈك ھەقىقەت بۇ دۇنيادىكى (سىياسى، ئىقتىسادى، ھەربي) كۈچلەرنىڭ

مەنتىقىسى، ئاللاھدىن ئۈمىدۋار بولمايدىغان ئىدى. ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە بەرگەن ئۇلۇغ مۇكاپاتلىرىدىن بىرى بولغان ئۈمىد ئىنسانغا ئېرىشىدىغان ئەڭ گۈزەل ياشاش مەنىسىنى ۋە ھاياتنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن ئېرىشىدىغان قۇۋۋەتنى بېرىدۇ.

مەنتىقىسى، ئالاھىدە مۇھىتتىكى ئىدىيۋى، ئاڭ، بەلگىلىك جەمىيەتتىكى تەقلىدچىلىق ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدىن ئۈستۈن، چۈنكى ئۇ مەڭگۈلۈك ھەقىقەت مەڭگۈ ھايات ئاللاھقا باغلىنىپ كەلگەن.

ھەر بىر جەمىيەتتە ئۆزىنىڭ ئەۋج ئالغان ۋە جامائەت بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئۆرپ-ئادىتى بولۇپ، قوغدايدىغان مۇستەھكەم ئارقا تىرىكى يوق ھەمدە تايىنىدىغان كۈچلۈك تايانچىسى يوق تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىققان ئادەمگە نىسپەتەن ئۇ ھەممىنى ۋەيران قىلىدىغان تەھدىت ۋە بېسىم شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ كەڭ ئەۋج ئالغان قاراش ۋە ئىدىيەنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرلەندۈرگۈچى كۈچى بولۇپ، ئەگەر قەتئىي ھالدا بىر ھەقىقەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ھەمدە مۇشۇ ھەقىقەتنىڭ ھىمايىسىدە ئاشۇ خىل قاراش ۋە ئىدىيەنى پەسكە ئۇرمىغاندا، بۇ خىل قاراش ۋە ئىدىيەنىڭ مەنبىئىدىن تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ كۈچلۈك مەنبەدىن ياردەم تەلەپ قىلمىغاندا، ئۇنىڭ تەسىرلەندۈرگۈچى كۈچىدىن قۇتۇلماق ئىنتايىن تەس بولىدۇ. بۇ خىل جەمىيەت ئالدىدا، ئەگەر بىر ئادەم دۇنيا ئىنسانلىرىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك، بۇ زېمىنغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇستەھكەم، ھاياتقا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ قىممەتلىك بولغان بىر ئاساسقا تايانمىسا، ئۇ جەمىيەتتە كەڭ ئەۋج ئالغان مەنتىقە، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئۆرپ-ئادەت، قىممەت قاراش، ئىدىيۋى ئاڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ياخشى كۆرىشى ۋە ئىنتىلىشى ئالدىدا يالغۇزلۇق ھەم ئامالسىزلىق ھېس قىلىدۇ.

لېكىن ئاللاھ ھەرگىزمۇ مۆئمىنلەرنى يالغۇز ھالدا ئۇنىڭ بېسىمىغا قارشى تۇرۇشىغا تاشلاپ قويۇشنى، ئۇلارنىڭ بۇ بېسىم ئالدىدا ئىگىلىشىنى، غەم-قايغۇ ۋە مەيۈسلۈك ئارقىلىق ئاجىزلىشىشىنى خالىمايدۇ. شۇڭا، ئاللاھ بۇ ۋەھيىنى نازىل قىلدى:

﴿وَلاَ تَهِنُوا وَلاَ تَحْزَنُوا وَأَنتُمُ الأَعْلَوْنَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾

**( جىھادتىن ) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.** ( سۈرە ئال ئىمران 139 ـ ئايەت )

بۇ كۆرسەتمىنىڭ نازىل بولۇشى، مەيۈسلۈك ۋە قايغۇدىن ئىبارەت بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىدى. مەيۈسلۈك ۋە غەم-قايغۇ بۇ خىل ئەھۋاللاردا كىشىلەرنىڭ روھىيىتىگە ھەمراھ بولىدىغان ئىككى خىل بىۋاستە روھى ھالەت تۇيغۇسى. بۇ ئىلاھى كۆرسەتمە ئىمان-ئېتىقادنىڭ ئۈستۈنلىكى

بىلەن پەقەت سەۋرچانلىق ۋە قەتئىلىك بىلەن بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ خىل ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسى، ئىگىزدە تۇرۇپ تۇۋەنگە قاراپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ۋەھشى كۇچلەرگە، كەڭ ئەۋج ئالغان قىممەت قاراشلارغا، كەڭ تارقالغان ئاڭ ئىدىلوگىيەسىگە، ئىجتىمائى تۇزۇم ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە شۇنداقلا ئازغۇن يوللارغا تۇپلانغان كىشىلەرگە يۇزلىنىدۇ.

ھەقىقەتەن مۆئمىنلەر ئەڭ ئۇستۇن، ئۇلار مەيلى ئاساسى تايانچ بۇلۇش جەھەتتىن بولمىسۇن، مەيلى مەنبە جەھەتتىن بولمىسۇن ئەڭ ئۇستۇن. بىر مۆئمىنگە نىسپەتەن پۇتكۇل دۇنيا نىمىگە ئەرزىيدۇ؟ كىشىلەر يەنە نىمە قىلالايدۇ؟ بۇ زىمىندا كەڭ ئەۋج ئالغان قىممەت قارىشىنىڭ نىمە ئامالى بار؟ ئىنسانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ يولغا قويىدىغان يەنە قانداق ئويۇنلىرى بار؟ بىر مۆئمىن ئاللاھ تەرپىدىن كۆرسەتمە قوبول قىلغان ھەمدە ئاللاھقا تايانغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاللاھنىڭ يولىدا ئالغا ئىلگىرلىگەن ۋاقىتتا، بۇلارنىڭ ھەممىسى نىمىگە ئەرزىيدۇ؟

مۆئمىنلەرنىڭ كائىناتنىڭ مەۋجۇتلىقىغا قارتا چۇشەنچىسى ۋە دۇنيا قارىشى ئەڭ ئۇستۇن. ئىسلام ئىلىپ كەلگەن پەقەت ئاللاھقىلا بولغان بۇ خىل ئىمان بولسا، كائىناتنىڭ ئاخىرقى ھەقىقىتىنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە تونۇتۇپ بىرىدۇ. بىز بۇ خىل ئىمان ـ ئىتىقاد بىلەن دۇنيادىكى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن دۇنيا قاراش، ئەقىيدە ۋە ئىقىملارنى سېلىشتۇرغان ۋاقىتىمىزدا، ئۇلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۇلۇغ پەلسەپىلەر بولۇشى، ياكى بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئەقىدە ۋە ئۆزگەرتىلگەن ئىلاھى كىتاپلارغا مەنسۇپ بولىشى، ۋە ياكى ماتىريالىزىمچىلىق تەلىماتىدىن كېلىپ چىققان بولۇشىدىن قەتئى نەزەر ھەممىسىنىڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەنلىكىنى بايقايمىز، بىز بۇ تەرەپ ـ تەرەپكە نۇر چاچقان، ئاددى ھەم چۇشىنىشلىك بولغان، ئىنسان تەبىئىتىگە ماس ھەم مۇكەممەل ئىمان ـ ئىتىقاد بىلەن ئۇ ئىنسانى ئىدىيەلەرنىڭ ئەخلەتلىرى ۋە چەكتىن ئاشقانلىقىنى سېلىشتۇرغان ۋاقىتىمىزدا، خۇددى ئۇ سىلەرگە ئەزەلدىن تونۇش ئەمەستەك، ئىسلامى ئىتىقادنىڭ ئۇلۇغلىقى بىردىنلا نامايان بولىدۇ! شۇبھىسىزكى، بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن ئادەملەر ئاندىن دۇنيادىكى بارلىق ئادەملەردىن ئۇستۇن بولىدۇ.

ئۇلار ھاياتلىقنى، بارلىق ھادىسە ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆلچىمى ۋە قىممەت

قارىشىنى ئۆلچەشتە ئەڭ ئۈستۈن. ئۇلارنىڭ ئىمانى- ئىسلام ئېلىپ كەلگەن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ سۈپىتىنى تونۇشتىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئىمانى يەر شارىنىڭ مەۋجۇتلۇق دائىرىسى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەقىقەت قىممەت قارىشىنى تونۇشتىن كەلگەن. تەبىئىكى، بۇ خىل ئىمان-ئېتىقاد مۆئمىنلەرگە ھېلىقى رەڭگارەڭ ئىنسانى قىممەت قاراشلاردىن تېخىمۇ ئەۋزەل، تېخىمۇ مۇستەھكەم قىممەت قاراش ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئادەتتىكى كىشىلەر پەقەت بۇرنىنىڭ ئۇچچىنى، پۈتىنىڭ دۈمبىسىنىلا كۆرىدۇ. زاماندىشىلىرى ياكى ئوخشاش بىر مىللىتى ئارىسىدا بولسىمۇ ئورتاق بىر ئۆلچەمدە چىڭ تۇرالمايدۇ. ھەتتا بىر ئادەمنىڭ روھى دۇنياسىدا، ئۇنىڭ ئۆلچىمىدە دەۋىردىن دەۋىرگە ئۆزگىرىش يۈز بىرىپ تۇرىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ۋە خولقى، قەلبى ۋە تۇيغۇسى ئەڭ ئۈستۈن. ئۇلارنىڭ ئاللاھغا بولغان ئىمانى، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىگە بولغان ئىمانى ئۇلارنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ۋە ئاللاھقا ۋاكالىتەن بۇ زىمىننى باشقۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە دەۋەت قىلىدۇ. چۈنكى دەل بۇ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلەر يۈكسەكلىك، پاكلىق، دىيانەتلىك ۋە ئەيمىنىشلەرگە دەۋەت قىلىش ۋە ئىلھام بىرىشلەر بىلەن تولۇپ تاشقان. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتقا بولغان ئىشەنچى ئېلىپ كەلگەن ئىلھام بىلەن، ئاللاھنىڭ مۇكاپاتى ئالدىدا، بۇ دۇنيادىكى ئازار-كۈلپەتلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى دېمەيلا قويايلى، بۇ دۇنيا ھاياتىدا ھېچ نەرسىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتقان تەقدىردىمۇ، مۆئمىنلەرنىڭ قەلبى ئالىيقاچان ئىنتايىن خاتىرجەم بولغان بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ قانۇنى ۋە تۈزۈمى ئەڭ ئۈستۈن. بىر مۆئمىن ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە بولغان بارلىق قانۇنلىرى ۋە تۈزۈملىرىگە تەپسىلى قاراپ چىقىپ، ھەمدە ئۇنى ئىسلام قانۇنى تۈزۈمى بىلەن سېلىشتۇرغان ۋاقىتتا، ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گۇدەكلەرچە ئۇرۇنۇش، قارغۇلارچە ئىزدىنىش ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئىسلامنىڭ بولسا پىشىپ يېتىلگەن قانۇن، مۇكەممەل تۈزۈم ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئۇ ئېگىزدە تۇرۇپ تۆۋەنگە قاراپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ، كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن دەرت-ئەلەم ۋە ئازار-كۈلپەتلەرگە دۇچار بولغان، يولدىن ئازغان ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇ ئۆز قەلبىدە پەقەت بەختسىزلىك ۋە

ئازغۇنلۇقتىن ئەۋزەل بولغان ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسىنىلا سېزىدۇ.

بىرىنچى ئەۋلات مۇسۇلمانلار، زور ھەم ھەشەمەتلىك ئەمما ئۆز ئىچىدىن مازغا يۆگىلىدىغان جاھالەتپەرەسلىكتىن ئىبارەت بۇ قەغەز يولۋاسقا ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلارنى قۇل قىلىدىغان كونا قائىدە-تەرتىپلىرىگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلدى. ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جاھالەتپەرەسلىك ھەرگىزمۇ بىر چەكلىك بولغان بەلگىلىك دەۋر بولماستىن بەلكى، قەدىمقى دەۋرلەردە، بۈگۈنكى كۈندە ياكى كەلگۈسىدە بولۇشتىن قەتئىي نەزەر جەمىيەت ئىسلامى تۈرمۇش يولىدىن چەتنىگەن ۋاقىتتا قايتا مەيدانغا كېلىدىغان چۈشكۈنلۈك ھادىسىدىن ئىبارەت.

پارىسلارنىڭ مەشھۇر قوماندانى رۇستەمنىڭ ھەربي لاگىرىدا، مۇغىرە ئىبنى شۇرەيىب جاھالەتپەرەسلىك ئىدىيىسى، قىممەت قارىشى ۋە تۈزۈمىگە قارتا مانا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلدى. بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان:

ئەبۇ ئوسمان رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى شۇرەيب ھەربي لاگىرنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ پارىسلارنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇلار ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن رۇستەمدىن ئۇنى قوبۇل قىلىشقا يوليۇرۇق سورايدۇ. پارىسلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ھەشەمەتلىك قارارگاھ ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئىبنى شۇرەيب كىرگەن ۋاقىتتا ئۇلار ئالىلىقاچان تەقمۇ-تەق تەييار تۇرغان ئىدى، رۇستەم بېشىغا تاج كەيگەن، ئېسىل يىپىنچىلارنى يېپىنغان ئىدى، قوماندانىنىڭ تەختىگە 300-400 قەدەم كېلىدىغان يەردىن تەخت ئالدىغىچە بولغان يەرگە پارىس گىلىمى سېلىنغان بولۇپ، ئەلچىلەر پەقەت گىلەم ئۈستىدىن ماڭغاندا، ئاندىن قوماندانىنىڭ تەختى ئالدىغا بارالايتتى. ئىبنى شۇرەيب ئۇدۇل ئالدىغا بېرىپ، قوماندانىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى ھەمدە ئۇنىڭ ياستۇقىغا يۆلەندى، پارىسلار ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ بىرلىكتە ئېتىلىپ كىلىپ، ئۇياق بۇياققا تارتقۇشلاپ، مۇغىرە ئىبنى شۇرەيبنى يەرگە بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مۇغىرە: بىز ئەسلىدە سىلەرنى كەڭ قورساق مىللەت دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق، لېكىن بۈگۈن مەن دۇنيادا سىلەردىنمۇ ھاماقەت ئادەملەرنىڭ يوقلۇقىنى كۆرىۋاتىمەن، بىز ئەرەبلەر ھەممىمىز باراۋەر، بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىمىز يەنە بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنى قۇل قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلىمىغۇچە ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. مەن تېخى سىلەرنىمۇ بىزگە ئوخشاش ئۆز

تەۋلىرىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەن كېلىشتىن ئىلگىرى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى ماڭا ئالدىن ئۇقتۇرۇشۇڭلار كېرەك ئىدى. بۇ خىل قۇللۇق سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھەرگىزمۇ ئۇزۇنغا بارمايدۇ، شۇنداقلا بىز سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى مەڭگۈ دورىمايمىز. بۈگۈن مەن بۇ يەرگە ئۆزەمچە كەلمىدىم، بەلكى سىلەر مېنى تەكلىپ قىلىپ كەلدىڭلار، مەن سىلەرنىڭ قوشۇنىڭلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنىڭ بوششىپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم، سىلەر مۇقەررەر يېڭىلىسىلەر، چۈنكى دانا ھۆكۈمرانلىق ھەرگىزمۇ بۇنداق قىلىقلارغا يول قويماسلىقى ۋە بۇنداق كاللىسى ئاددى ئادەملەرنى ئىشقا قويماسلىقى كېرەك.» دەپ توۋلىدى.

قادىسسىيە جېڭى ھارپىسىدا، رەبئە ئىبنى ئامىر رۇستەم ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئالدىدا ئوخشاشلا تەۋرەنمەي تۇردى، بۇ ۋەقە مۇنداق بولغان:

قادىسسىيە جېڭى ئارىلىقىدا، سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەبئە ئىبنى ئامىرنى پارىس قوشۇنىنىڭ قوماندانى گېنېرال ـ رۇستەم بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتتى. ئىبنى ئامىر كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ تەختى يۆلىنىدىغان ياستۇقلار ۋە يىپەك گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، قىممەتلىك گۆھەرلەر جۇلالىنىپ تۇراتتى. تەخت ئۈستىگە پادىشاھلىق تاجى قويۇلغان، يەنە نۇرغۇن نەپىس بۇيۇملار بىلەن زىننەتلەنگەن ئىدى. رۇستەم ئالتۇن ھەل بىرىلگەن تەخت ئۈستىدە ئولتۇراتتى، لېكىن رەبئە خۇرۇم كېيىم تۇمۇر ساۋۇت كەيگەن، ئۇرۇق ئاتقا مىنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتى تاكى گىلەمنىڭ بىر بۇرجىكىگە دەسسىگەنگە قەدەر ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى، ئاندىن كېيىن ئۇ ئېتىدىن چۈشۈپ، ئېتىنى باغلاپ قويدى. ئۇ قولىدا قۇرال ـ ياراق كۆتۈرگەن، ئۈچىسىغا تۆمۈر ساۋۇت كەيگەن ھالەتتە رۇستەم بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدى، بۇنى كۆرگەن مۇھاپىزەتچى ئۇنىڭغا: «قورالىڭنى تاشلا» دېدى، ئۇ: «مەن بۇ يەرگە ئۆزەمچە كەلمىدىم، بەلكى سىلەر مېنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدىڭلار، سىلەر ئارىلىشالمايسىلەر، بولمىسا، مەن قايتىپ كېتىمەن.» دېدى. رۇستەم بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇنى كىرگىلى قويۇڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىدا نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن گىلەمنى سانجىپ، بىر تەرەپتىن نەيزىسىگە تايىنىپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. رۇستەم ئۇنىڭدىن: «سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەخسىتىڭلار نېمە؟» دەپ سورىدى، رەبئە ئىبنى ئامىر

ئۇنىڭغا: «ئاللاھ بىزنى ئەۋەتتى، بىز ئاللاھ خالىغان بەندىلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئىنسانغا چوقۇنۇشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاللاھقىلا چوقۇنۇشقا يۆزلەندۈرىمىز، بۇ دۇنيانىڭ بەختسىزلىكىدىن، دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ سائادىتىگە، ھەر خىل دىنلارنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە يۆزلەندۈرىمىز» دەپ جاۋاپ بەردى.

لېكىن، نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى، بۇگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلار ماددى كۈچلەر ئالدىدا قىپ ـ قىزىل بويسۇنغۇچىنىڭ ھالىتىنى نامايەن قىلدى. ئۇنداقتا، ئۇنى ئويغۇتۇپ، مۆئمىنىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقنى سەمىگە سىلىش كېرەك. بىر مۆئمىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ، ئىگىزدە تۇرۇپ تۆۋەنگە نەزەر سېلىپ، تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن رەقىپلىرىگە مۇئامىلە قىلىپ، جاھالەتپەرەسلىكنىڭ پەقەت ھالاكەتكە قاراپ ماڭغان دەۋر ھادىسىسى ئىكەنلىكىگە، ئىمان ـ ئېتىقادنىڭ شەك ـ شۈبھىسىز زەپەر قۇچىدىغانلىقىغا قەتئى ئىشىنىش كېرەك. ئىمان ـ ئېتىقادنىڭ غەلىبە قىلىشى ئاللىقاچان پۈتۈۋېتىلگەن بىر ئىش بولۇپ، مۆئمىنلەر جاھالەتپەرەسلىككە ھەرگىز باش ئەگمەسلىكى لازىم. ئۇ كىشىلەرنىڭ پەقەت بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا، ئەمما ئۆزىنىڭ قۇربان بېرىشى بىلەن شېھىتلىكتىن ئىبارەت پەۋقۇلئاددە شان ـ شەرەپكە ئېرىشىدىغانلىقىغا قەتئى ئىشىنىش لازىم. مۆئمىن بۇ دۇنيادىن ئايرىلسا پەقەت جەننەتكە قاراپ ماڭىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ رەقىبى بۇ دۇنيادىن ئايرىلسا دوزاخقا قاراپ ماڭىدۇ، ئىككىسى ئوتتۇرسىدىكى پەرق نېمە دېگەن چوڭ! مۆئمىن ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىغان،

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ لاَ يَغُرَّنَّكَ تَقَلُّبُ الَّذِينَ كَفَرُواْ فِي الْبِلاَدِ* مَتَاعٌ قَلِيلٌ ثُمَّ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمِهَادُ* لَكِنِ الَّذِينَ اتَّقَوْاْ رَبَّهُمْ لَهُمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا نُزُلاً مِّنْ عِندِ اللّهِ وَمَا عِندَ اللّهِ خَيْرٌ لِّلأَبْرَارِ ﴾**

**«كاپىرلانىڭ ( پۇل ـ مال، ئابرۇي، مەرتىۋە ئىزدەش يۈزىسىدىن ) شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالدىمىسۇن. بۇ ئازغىنە بەھرىمەن بولۇشتۇر، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمە دېگەن يامان تۆشەك! پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر**

**ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتتىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ، ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان كۈتۈۋېلىشتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر (يەنى مۇكاپات ۋە ھۆرمەت) ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن (كۇففارلار بەھرىمەن بولغان باقاسى يوق ئازغىنە راھەتتىن) ئارتۇقتۇر.»** (سۈرە ئال ئىمران 196 ـ 198 ئايەت)

جەمىيەتتە ئەۋج ئالغان ئەقىدە، ئىدىيۋى ئاڭ، قىممەت قاراش ۋە ئىجتىمائى تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسى مۆئمىننىڭ ئىمان ـ ئېتىقادى، دۇنيا قارىشى، قىممەت ئۆلچىمى بىلەن پۈتۈنلەي قارمۇ ـ قارشى، گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسى يەنىلا باشتىن ئاخىر ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ.

بۇ جاھالەتپەرەسلەر پەقەت نومۇسسىز مەۋقەدە تۇرىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئىگىزدە تۇرۇپ پەسكە نەزەر سېلىپ، تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ ۋە قەدىر ـ قىممەت بىلەن ئىپتىخارلىنىپ، مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىدۇ، مۆئمىننىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن، ئۇلارنى بەخت ـ سائادەتكە يېتەكلەپ، ئۇلارنى ئۆزى ھايات كەچۈرىۋاتقان ئالى ئۇپۇقلارغا يۈكسەلدۈرۈش ئارزۇسى كۈچلۈك ئۇرغۇپ چىقىدۇ.

ساختىلىق داۋراڭ سالىدۇ، ھۆكۈرەيدۇ، جان تالىشىدۇ، پوپوزا قىلىدۇ، ياسالما كۈچ قودرىتى بىلەن ئۆزىنى پەردازلاپ بۇنىڭ بىلەن ئۆزى يۇشۇرغان يىرگىنىشلىق ھەقىقى قىياپىتىنى، رەزىل ماھىيىتىنى ياپىدۇ. ئەمما مۆئمىن ئىگىزدە تۇرۇپ تۇۋەنگە قاراپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ساختىلىقنىڭ سەكراتتا جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىدۇ، ساختىلىق تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنغان كىشىلەر توپىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەم بوشاشمايدۇ ھەم قايغۇرمايدۇ. ئۇ ئۆزى چىڭ تۇرغان ھەقىقەتكە قارتا قەتئى ئىنتىلىشتىن قىلچە بوشاشمايدۇ، ئۇنىڭ قەدىمى ئۆزى ئىنتىلگەن يولدا قەتئىلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرلەيدۇ، ئۇنىڭ ئازغۇن يوللاردىكى ئەخمەق قىلىنغان كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئارزۇسى مەڭگۈ ئاجىزلاشمايدۇ.

جەمىيەت چۈشكۈن نەپسى ـ خاھشى ئىچىگە غەرق بولدى. تاكى جىنايەت پاتقىقىغا پاتقۇچە، ئارزۇ ـ ئىستەكلەر خالىغانچە قويۇۋېتىلدى. مۇشۇنداق تۇرۇپ كىشىلەر ئۆزلىرىچە راھەت سۈرۈۋاتىمىز. كىشەنلەر ۋە ئاسارەتتىن قوتۇلۇپ ئەركىنلىككە ئېرىشتۇق دەپ قارايدۇ، بۇ خىل جەمىيەتتە، قانۇن پەقەت ئۆلۈك ھالەتتىكى ماددىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، قانۇنغا تاقاشمىغان بارلىق ئەيشى ـ ئىشرەت ۋە ھوزۇر ـ ھالاۋەتلەرنىڭ ھەممىسى

قانۇنلۇق بولۇپ، كىشىلەر چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتقان، ئەمما بىر مۆئمىن ئىگىزدە تۇرۇپ تۆۋەنگە قاراپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن جىنايەتكە چوڭقۇر چۆمگەن كىشىلەرگە نەزەر سالىدۇ، ئۇ ئۆزىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ھەم بوشاشمايدۇ ھەم قايغۇرمايدۇ، ئۇ تېتىغان ئىماننىڭ لەززىتى ۋە ئېتىقادىنىڭ شېرىنلىكى ئۇنى بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روھى قايمۇقۇشقا ئۇچرىمايدۇ، پاك ـ پاكىزە كىيىملەرنى سېلىپ پاسكىنا پاتقاققا كىرمەيدۇ.

دىنىنى گۈزەل ئەخلاقلارنى، ئالى قىممەت قاراشلارنى، گۈزەل غايىلەرنى ۋە بارلىق گۈزەل، پاك نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلىغان جەمىيەتتە، بىر مۆئمىننىڭ ئۆز دىنىدا مۇستەھكەم تۇرىشى، خۇددى قولىدا چوغنى تۇتۇپ تۇرغانغا ئوخشايدۇ، ئەمما كاپىرلار ئۇنىڭ مەيدانىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىدىيۋى ئېڭىنى مازاق قىلىدۇ، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنى زاڭلىق قىلىدۇ... بىر مۆئمىن ئىگىزدە تۇرۇپ تۆۋەنگە قاراپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن بۇ مەسخىرە قىلغۇچى، مازاق قىلغۇچى، زاڭلىق قىلغۇچىلارغا مۇئامىلە قىلغان ۋاقىتتا، يەنە نېمە ئۇنى روھسىزلاندۇرالايدۇ؟ خۇددى قەدىمى ھەم پارلاق ئېتىقادنىڭ داغدام يولىدا ئالغا ئىلگىرلىگەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى نوھ ئەلەيھىسسالام دىگەنگە ئوخشاش، نوھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاكارلايدۇ:

﴿ وَيَصْنَعُ الْفُلْكَ وَكُلَّمَا مَرَّ عَلَيْهِ مَلأٌ مِّن قَوْمِهِ سَخِرُواْ مِنْهُ قَالَ إِن تَسْخَرُواْ مِنَّا فَإِنَّا نَسْخَرُ مِنكُمْ كَمَا تَسْخَرُونَ ﴾

**«ئەگەر سىلەر (بۈگۈن) بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار (كېلىچەكتە سىلەر غەرق قىلىنغاندا)، سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك بىزمۇ سىلەرنى چوقۇم مەسخىرە قىلىمىز»** (سۈرە **ھۇد 38 ـ ئايەت**)

مۆئمىن ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىدىن پارلاق يولدىكىلەرنىڭ ھەقىقى مۆيسىنى، شەرمەندىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرىۋالىدۇ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ الَّذِينَ أَجْرَمُوا كَانُواْ مِنَ الَّذِينَ آمَنُوا يَضْحَكُونَ* وَإِذَا مَرُّواْ بِهِمْ يَتَغَامَزُونَ* وَإِذَا انقَلَبُواْ إِلَى أَهْلِهِمُ انقَلَبُواْ فَكِهِينَ* وَإِذَا رَأَوْهُمْ قَالُوا إِنَّ هَؤُلَاء لَضَالُّونَ*

وَمَا أُرْسِلُوا عَلَيْهِمْ حَافِظِينَ* فَالْيَوْمَ الَّذِينَ آمَنُواْ مِنَ الْكُفَّارِ يَضْحَكُونَ* عَلَى الْأَرَائِكِ يَنظُرُونَ* هَلْ ثُوِّبَ الْكُفَّارُ مَا كَانُوا يَفْعَلُونَ ﴾

**«كاپىرلار ھەقىقەتەن مۆئمىنلەرنى ( مەسخىرە قىلىپ ) كۈلەتتى، ( مۆئمىنلەر ) ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆز ـ ئارا كۆز قىسىشاتتى، ئۆيلىرىگە قايتقاندا ( مۆئمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ) مەززە قىلغان ھالدا قايتىشاتتى. مۆئمىنلەرنى كۆرگەندە: «بۇلار شەكسىز ئاداشقانلار» دېيىشەتتى. ئۇلار مۆئمىنلەرنى كۆزىتىشكە ئەۋەتىلگىنى يوق. بۈگۈن ( يەنى قىيامەت كۈنى ) مۆئمىنلەر كاپىرلاردىن كۈلىدۇ، ( كاپىرلارنىڭ ) ھالىغا ( ئېسىل ) تەختلەردە ئولتۇرۇپ نەزەر تاشلايدۇ. ( كاپىر مۆئمىنلەرنى ) مەسخىرە قىلغان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتىمۇ؟»** ( **سۈرە مۇتەففىفىن 29 ـ 36 ئايەت** )

ئىلگىرى، ئۇلۇغ قۇرئاندا ئاللاھ بىزگە كاپىرلارنىڭ مۆئمىنلەرگە قويغان سوئالىنى بايان قىلىپ بەردى:

﴿ وَإِذَا تُتْلَى عَلَيْهِمْ آيَاتُنَا بَيِّنَاتٍ قَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لِلَّذِينَ آمَنُوا أَيُّ الْفَرِيقَيْنِ خَيْرٌ مَّقَامًا وَأَحْسَنُ نَدِيًّا ﴾

**«ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، كاپىرلار مۆئمىنلەرگە: «ئىككى گۇرۇھتىن قايسىسىنىڭ ئورنى ياخشى؟ قايسىسىنىڭ سورۇنى گۈزەل؟» دېدى»**
( **سۈرە مەريەم 73 ـ ئايەت** )

قايسى گۇرۇھنىڭ ئورنى ئۈستۈن؟ ئۆزىنى بەك چوڭ چاغلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭمۇ ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقان كەمبەغەللەرنىڭمۇ؟ زادى قايسى گورۇھنىڭ ئورنى ئۈستۈن؟ نەزر ئىبنى ھارىس، ئەمىر ئىبنى ھىشام، ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ۋە ئەبۇ سوفيان ئىبنى ھەرب[⑨] قاتارلىقلارنىڭمۇ؟ ياكى بىلال،

⑨ بۇ تۆت كىشىنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامنى تەشۋىق قىلىشىغا قارشى تۇرغان مەككىنىڭ قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدىكى ئۇچچىغا چىققان جاھىل ئۇنسۇرلار بولۇپ، ئۇلار ئەڭ ئاخىرى ھەممىسى شەرمەندىلەرچە ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى.

ئەممار، سۇھەيب خەببابىنىڭمۇ؟[10] ئەجەبا پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەشۋىق قىلغىنى خوش-خەۋەر ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا پەيغەمبىرىمىزگە ئەگەشكەنلەر ئاشۇ قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدىكى ھەم ھوقۇقى ھەم تەسىرى بولمىغان بىر ئاددى ئۆيگە-يەنى ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە جەم بولغان مۆئمىنلەر ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلار، ھوقۇق، مەرتىۋە ۋە شان-شەرەپكە شۇنداقلا سەلتەنەتلىك سورۇنغا ئىگە بولغان ئاشۇ ئاقسۆڭەكلەر ئەمەسمۇ؟

ئۇ ھەقىقەتەن بۇ دۇنيانىڭ مەنتىقىسى، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئالى پەللىلەرنى كۆرەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ مەنتىقىسى. مۆئمىنىنىڭ ساختا بىزەكلەر، ئېزىقتۇرغۇچى ئامىللار، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئادالەتسىزلىكى، پادىشاھلارنىڭ ئۆز-يېنىغا تارتىشى، ھوزۇر-ھالاۋەتنىڭ چىللىشى، بىۋاستە تۇيغۇلىرىنىڭ قىڭغىرلىقى قاتارلىقلاردىن قوتۇلۇشىدا، ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بار. ئىمان-ئېتىقاد بولسا پەقەت كۆرەش، جاپا-مۇشەققەت، جىھاد ۋە ئۆزىنى بېغىشلاشتىن ئىبارەت... ئۇنداقتا، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلار باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسايلى! ئۇ قەلبىدىن قەتئىي ئىشەنگەن، قىزغىن سۆيگەن ئىمان پەقەت پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتۇر، ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى ئىزدەش، ياكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى تۈزۈۋالغان قىممەت قاراش ۋە بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى قوغلىشىش ئۈچۈن ئەمەس! ئۇنداقتا، مەنپەئەت ۋە قورۇق خىيالغا مەپتۇن بولغۇچىلار، شان-شەرەپ ۋە زىبۇ-زىننەتكە ئىنتىلگۈچىلەر، ئالتۇن-كۆمۈش ۋە مال-دۇنياغا چوقۇنغۇچىلار، ئاللاھنىڭ مىزانىدا بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان بۇ دۇنيانىڭ كونا قائىدە-تەرتىپلىرىنى ئۇلۇغلايدىغانلار ئىماندىن يىراقلاپ كېتىۋەرسۇن!

ھەقىقەتەن، مۆئمىن ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى، ئىدىيۋى ئېڭى ۋە ئۆلچىمىنى بۇ دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ تەرىپىدىن قوبۇل قىلمايدۇ، ھەتتا كىشىلەرنىڭ باھاسى ئىچىدىن تەسەللى تېپىشنى ئارزۇ قىلمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پەرۋەردىگارى-ئاللاھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ غەمخورلۇقى ئۇنى قانائەتلەندۈرىدۇ، ئاللاھ

---

[10] بۇ تۆت نەپەر ساھابىلارنىڭ ھەممىسى قەيسەرلىك بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كەمبەغەللەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىلال ئىفوفىيەدىن (ھەبەشىستاندىن) كەلگەن قارا تەنلىك، سۇھەيب بولسا رىملىق ئىدى.

ئۇنىڭغا كۆپايە. ئۇ بولارنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانلارنىڭ نەپسى خاھىشى ئىچىدىن قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى ئەگەر بۇنداق بولغاندا ئۇ نەپسى خاھىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەۋرىنىپ قالىدۇ، ئەكسىچە، ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەم تەۋرەنمەيدىغان ھەم ئېغىپ كەتمەيدىغان ئويۇلتاشتەك مۇستەھكەم بولغان مەڭگۈلۈك ھەقىقەت ئۆلچىمى ئىچىدىن قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چەكلىك ھەركەتلىنىدىغان ئاخىرىدا ۋەيران بولىدىغان دۇنيادىن قوبۇل قىلمايدۇ، ئەكسىچە بۇلارنىڭ ھەممىسى كائىناتنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ ماھىيىتى ئىچىدىن ئۇنىڭ قەلبىگە ئۇرغۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى، مەۋجۇتلۇق مەنبىئى بىرلىشىپ كەتكەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىرادىسى قانداقمۇ بوشىشىپ كەتسۇن؟ ئۇ قەلبىدە قانداقمۇ قايغۇرسۇن؟

شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەقىقەتكە ئىگە... ئۇنداقتا ھەقىقەتتىن قالسا ئازغۇنلۇقتىن باشقا يەنە نېمە بار؟ ئازغۇنلۇق ھوقۇق ۋە كۈچكە، مال-دۇنياغا، ئۇنى قوغلاشقۇچىلار ۋە ئەگەشكۈچىلەرگە ئىگە بولىۋەرسۇن! لېكىن بۇلار ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ! مۆئمىن شۈبھىسىزكى ھەقىقەتكە ئىگە، ھەقىقەتتىن قالسا پەقەت گۇمراھلىقلا بار. مۆئمىن ھەرگىزمۇ ھەقىقەتتىن ۋاز كېچىپ گۇمراھلىقنى تاللىمايدۇ. ۋەزىيەتنىڭ قانچىلىك جىددي بولىشى، شارائىتنىڭ قانچىلىك جاپالىق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، پەقەت مۆئمىن بولىدىكەن، ئۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقەتتىن ۋاز كېچىپ گۇمراھلىققا ئەگەشمەيدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ رَبَّنَا لاَ تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً إِنَّكَ أَنتَ الْوَهَّابُ* رَبَّنَا إِنَّكَ جَامِعُ النَّاسِ لِيَوْمٍ لاَّ رَيْبَ فِيهِ إِنَّ اللّهَ لاَ يُخْلِفُ الْمِيعَادَ ﴾

**«پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! شۈبھىسىزكى، كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە (يەنى ھېساپ ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە) كىشىلەرنى توپلىغۇچىسەن. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.»** (سۈرە ئال ئىمران 8-9 ئايەت)

## يول، بۇ يەردە

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالسَّمَاءِ ذَاتِ الْبُرُوجِ* وَالْيَوْمِ الْمَوْعُودِ* وَشَاهِدٍ وَمَشْهُودٍ* قُتِلَ أَصْحَابُ الْأُخْدُودِ* النَّارِ ذَاتِ الْوَقُودِ* إِذْ هُمْ عَلَيْهَا قُعُودٌ* وَهُمْ عَلَى مَا يَفْعَلُونَ بِالْمُؤْمِنِينَ شُهُودٌ* وَمَا نَقَمُوا مِنْهُمْ إِلَّا أَن يُؤْمِنُوا بِاللَّهِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ* الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ، إِنَّ الَّذِينَ فَتَنُوا الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ ثُمَّ لَمْ يَتُوبُوا فَلَهُمْ عَذَابُ جَهَنَّمَ وَلَهُمْ عَذَابُ الْحَرِيقِ، إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَهُمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْكَبِيرُ* إِنَّ بَطْشَ رَبِّكَ لَشَدِيدٌ* إِنَّهُ هُوَ يُبْدِئُ وَيُعِيدُ* وَهُوَ الْغَفُورُ الْوَدُودُ* ذُو الْعَرْشِ الْمَجِيدُ* فَعَّالٌ لِّمَا يُرِيدُ﴾

**«بۇرۇجلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئاسمان بىلەن، قىيامەت كۈنى بىلەن، جۈمە كۈنى بىلەن، ھارپا كۈنى بىلەن قەسەمكى، ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن. ئۇ ئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئورەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۆئمىنلەرگە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇلار مۆئمىنلەرنى پەقەت غالىپ، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈنلا يامان كۆردى. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ھەقىقەتەن اللاغا خاستۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. مۆئمىن ئەر ۋە مۆئمىن ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن، كۇپرىدىن قايتمىغانلار، شۈبھىسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارغا ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، شۈبھىسىزكى، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر. پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازاسى شەك ـ شۈبھىسىز قاتتىقتۇر. ئاللاھ (خالايىقنى) ھەقىقەتەن يوقتىن بار قىلىدۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنى) تىرىلدۈرىدۇ. ئاللاھ (مۆئمىن بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (ئۇلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر، ئەرشنىڭ**

**ئېگىسىدۇر، ناھايىتى ئۇلۇغدۇر، خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر.»** (سۈرە بۇرۇج 1 - 16 ئايەت)

ئورەكلەر ئىگىلىرى ھەققىدىكى ھېكايە خۇددى قۇرئاننىڭ سۈرە «بۇرۇج» تا بايان قىلىنغىنىدەك، ھەقىقەتەن پۈتۈن دۇنيادا ھەرقايسى ماكان ۋە ھەرقايسى زاماندا ئىسلامى ئېتىقاد دەۋەتچىلىرى ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر ھەقىقەت. قۇرئان بۇ ۋەقەلىكنىڭ ئەدەبى ئىستىلىنى تەرتىپلىك بايان قىلىپ، ئۇزاق مۇساپىلەر لىنيەسىنى سۈرەتلەپ، ئىسلامى دەۋەتنىڭ ماھىيىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ، كىشىلەرنىڭ بۇ دەۋەت جەريانىدىكى رولى شۇنداقلا بۇ كەڭ جەڭ مەيدانىدا ( بۇ جەڭ مەيدانى پۈتكۈل يەرشارىدىنمۇ كەڭ، پۈتكۈل دۇنيا تۇرمۇشىدىنمۇ چوڭقۇر) يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق ئىشلاردا مۆئمىنلەر ئۇچۇن يول بەلگىسىنى يورۇتۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىنى قۇراللاندۇرۇپ ئاللاھ يۈز بېرىشنى تەقدىر قىلغان، ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ئىچىدە ساقلانغان بارلىق ئىشلارنى كۈتىۋالىدۇ.

ئۇ بىر بۇلۇڭ مۆئمىنلەر ھەققىدىكى ۋەقەلىك بولۇپ، ئۇلار ئاللاھقا ئىشەنگەن ھەمدە ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان ھەقىقەتنى ئوچۇق-ئاشكارا جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە دۇچار بولدى. ئۇ ئەبلەخلەر جاھانغا پاتماي، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ، ھەقىقەتكە ۋە ھەممىگە قادىر، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت كىشىلىك ھوقۇقنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان قەدىر-قىممىتىنى دەپسەندە قىلىدۇ، ھەمدە مۆئمىنلەرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان چاغدىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى تاماشا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتا كۆيىۋاتقان كۆرۈنۈشىدىن قاقاھلاپ كۈلۈشىدۇ!

بۇ قەلبلەر ئىمان ئارقىلىق زىيانكەشلىكتىن ئۈستۈن كەلدى. ئىمان ئارقىلىق ھاياتنى بويسۇندۇردى، ئۇلار تاكى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگىچە، بۇ ئەبلەخلەرنىڭ ۋەھشىلىك بىلەن ئوت ئارقىلىق سالغان تەھدىتى ئالدىدا تىز پۈكمەي، ئۆز دىنىدىن ۋاز كەچمىدى.

بۇ قەلبلەر ھاياتلىقنىڭ ئۆزلىرىنى قۇل قىلىشتىن قۇتۇلدى. ھاياتقا بولغان مېھرى-مۇھەببىتى كۆز ئالدىدىكى بۇ خىل ئېچىنىشلىق ئۆلۈم مەنزىرىسى ئالدىدا ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىدى. بۇ قەلبلەر بۇ دۇنيانىڭ بارلىق بويۇنتۇرۇقلىرىدىن ۋە جەلىپ قىلىش كۈچلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئىمان-ئېتىقاد ئارقىلىق ھاياتلىقنى بويسۇندۇرۇپ، ھەممىدىن ئۈستۈن كەلدى.

بۇ ئاللاھنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئېپتىخارلىق ھەم يۈكسەك بولغان پاك قەلبىپ ئىگىلىرىنىڭ ئالدىدىكىسى بولسا، ئاللاھغا ئاسىيلىق قىلغان كەچۈرگىلى بولمايدىغان لەنەتكەردى ھايۋانلاردۇر. بۇ ھايۋانلارنىڭ خۇجايىنلىرى ئورەكلەرنىڭ گىرۋەكلىرىدە ئولتۇرۇپ، مۆئمىنلەرنىڭ ئوت ئازاۋىدا قانداق ئازابلانغانلىقىنى، قانداق قىينالغانلىقىنى، لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتنىڭ ئۆلارنىڭ ھاياتىنى قانداق يۇتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلاتتى، بۇ قەدىر-قىممەتلىك ئىنسانلار كۆلگە ۋە تۇتۇنگە ئايلىنىۋاتاتتى. ئەمما ئۇ ئەبلەخلەر بولسا، بۇ خىل مەنزىرىدىن لەززەت ئېلىۋاتاتتى! ھەر قېتىمدا پاك ۋە قەدىر-قىممەتلىك بىر ياش ياكى بىر قىز، بىر كىچىك قىزچاق ياكى بىر موماي، بىر ئۇغۇل ياكى بىر بوۋاي لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا تاشلانغان ۋاقىتتا، بۇ ۋەھشى ھايۋانلارنىڭ خوشاللىقى چېكىگە يېتىپ، ئەسەبىيلىك بىلەن مۆئمىنلەرنىڭ كۆيىۋاتقان قىزىل قانلىرى ۋە ئىچ ئەزالىرى ئالدىدا غالجىرلارچە سەكرىشىپ كېتەتتى!

مانا بۇ ئۇ ئەبلەخلەرنىڭ ئىنسانئوييلىكنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ رەزىللىك پاتقىقىغا پاتقان ۋاقىتتىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان نومۇسسىز ۋەقە، ئۆلار تىرورلۇقنى ھەم شەپقەتسىز جازا مەيدانىنى كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى قىلىۋالدى، ھەتتا ھايۋانلارمۇ ھەرگىز چۈشۈپ قالمايدىغان نومۇسسىزلارچە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، چۈنكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوۋ ئوۋلىشى قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن بولۇپ، ھەرگىزمۇ رەزىللىك بىلەن ئوۋلىنىدىغان ھايۋاننىڭ ئازابلىنىشىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس!

بۇمۇ ئوخشاشلا ئۇ مۆئمىنلەرنىڭ روھىنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، بۇ بۇيۇنتۇرۇقلاردىن قۇتۇلۇپ ئالى پەللىگە يۈكسەلگەنلىكى خاتىرلەنگەن ۋەقە. بۇ ۋەقەنى پۈتۈن دۇنيا تارىخىدا ئىنسانىيەت ئېرىشكەن ھەقىقى ئىنسانى شان-شەرەپ دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

بۇ دۇنيانىڭ مەنتىقىسى بويىچە، زوراۋانلىق ئىمان-ئېتىقاد ئۈستىدىن غەلبە قىلغاندەك، ئاللاھ ئالاھىدە تاللىغان قەتئى ھەم قەدىر-قىممەتلىك، ھەممىدىن ئۈستۈن كېلىپ يۈكسەك پەللىگە يەتكەن مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى، ئىمان-ئېتىقاد بىلەن زوراۋانلىق ئوتتۇرىسىدا پارتىلىغان بۇ مەيدان كۆرەشتە، ھەم ئەھمىيەتسىز ھەم قىممىتى يوقتەك كۆرىنىدۇ.

بۇ ۋەقەنى بايان قىلغان قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەردە ئاللاھنىڭ بۇ

ئەبلەخلەرنىڭ زىمىندىكى رەزىل قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا خۇددى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، ھۇد قەۋمى، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلغانلىقى شۇنداقلا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى قاتتىق جازالىغىنىغا ئوخشاش قاتتىق جازا بەرگەنلىكى تىلغا ئېلىنمايدۇ.

بۇ دۇنيانىڭ مەنتىقىسى بۇيىچە بولغاندا بۇ ئاقىۋەت ئادەمنى قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ!

- ئەجىبا ئىش مۇشۇنداق تۈگەمدۇ؟ ئەجىبا ئىمان - ئېتىقادنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە ئۆرلىگەن ئاشۇ مۆئمىنلەر ئوت ئورەكلىرىدە ئېچىنىشلىق جازالىنىشى بىلەن غايىپ بولامدۇ؟ ئەجىبا كەچۈرگىسىز جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ئۇ ئەبلەخلەر مۇشۇنداقلا قېچىپ قۇتۇلامدۇ؟

بۇ دۇنيانىڭ مەنتىقىسى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى توسۇۋېلىپ، بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئاقىۋەتنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى يۆگىۋالدى!

ئەمما، قۇرئان مۆئمىنلەر ئۇچۇن يىگى بىر زىمىن ئېچىپ بېرىپ، ئۇلارغا باشقا بىر ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئىلگىرى شەيئىلەرنى ئۆلچىگەن ئۆلچىمىنىڭ ماھىيىتىنى شۇنداقلا ئۇلار كۆرەش ئېلىپ بارغان ماكاننى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

شۈبھىسىزكى، تۇرمۇش ۋە ئۇ بېشىدىن كەچۈرگەن بارلىق بەخت ۋە ئازاپ، ئۇ بەھرىمەن بولغان ھەممە نەرسە ۋە مەھرۇم بولغان ھەممە نەرسە، ھەرگىزمۇ ئەڭ يۇقىرى قىممەت ئۆلچىمى ئەمەس، ئۇ يەنە ئەڭ ئاخىرىدا پايدا - زىياننى ھېساپلايدىغان باھا ئۆلچىمىمۇ ئەمەس، غەلىبە قىلىش ھەرگىزمۇ سىرتقى كۆرنۈشتىكى يېڭىش بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئۇ پەقەت نۇرغۇن غەلىبە قىلىش ئۇسۇللى ئىچىدىكى بىر خىل ئۇسۇل، خالاس.

ئاللاھنىڭ ئۆلچىمى بويىچە، ئىمان - ئېتىقادنىڭ قىممىتى ئەڭ ئالى قىممەت، ئاللاھنىڭ بازىرىدا ئىمان - ئېتىقاد ئەڭ بازىرى ئىتتىك تاۋار، ئەڭ چوڭ غەلىبە روھىيەتنىڭ ماددا ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى، ئېتىقادنىڭ ئازابتىن ئۈستۈنلىكى، ئىماننىڭ زىيانكەشلىككە ھۇجۇم قىلىشى.

بۇ ۋەقەدە، مۆئمىنلەرنىڭ روھى ئازاپ - ئۇقۇبەت ۋە ۋەھىمە ئۈستىدىن غالىپ كىلىپ، بۇ دۇنيا ۋە ھاياتلىقنىڭ ئۇلارغا قارتا جەلىپ قىلىش كۈچىنى بويسۇندۇردى، ئۇلارنىڭ روھىيىتى، ھەرخىل زىيانكەشلىكلەرگە ھۇجۇم قىلىپ

ھەر قايسى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ياشىغان ئىنسانلارنى ئۆزلىرىنىڭ بۇ روھى ئارقىلىق شان ـ شەرەپكە ئىگە قىلدى. مانا بۇ ھەقىقى غەلبە!

ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، لېكىن بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى ئىنتايىن قەدىرسىز، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى ئىنتايىن قەدىرلىك بولىدۇ. ھەممە ئادەم بۇنداق غەلىبىگە مۇيەسسەر بولىۋەرمەيدۇ، بۇنداق يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەۋەرمەيدۇ؛ ھەممە ئادەم بۇ خىل بۇيۇنتۇرۇقلاردىن قۇتۇلۇپ، بۇنداق ئالى ئۇيۇقلارنى خالىغانچە ئەركىن ـ ئازادە سەيلى قىلىشقا مۇيەسسەر بولىۋەرمەيدۇ. ماھىيەتتە، ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ ئالاھىدە تاللىشى ۋە كۆيۈنىشىدۇر. ئاللاھنىڭ بىر قىسىم ھۆرمەتلىك بەندىلىرىنى بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئەمما ئۆلارنى ئۆزگىچە شان ـ شەرەپكە، جەننەتتىكى شان ـ شەرەپكە ۋە بۇ دۇنيادىكى شان ـ شەرەپكە ئىگە قىلىش. بىز چوڭ مىڭىمىزدىكى بوغۇن (ئەۋلاد) لار ئارا ھاڭنى چىقىرىۋېتىپ ھەرقايسى دەۋردىكى ئىنسانلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارىغان ۋاقتىمىزدە، بۇ نوقتىنى بايقىشىمىز تەس ئەمەس!

ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ مۆئمىنلەرنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادتىن ۋاز كېچىپ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا تامامەن بولاتتى، لېكىن بۇنداق بولغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زىيىنى قانچىلىك بولىدۇ؟ پۈتكۈل ئىنسانلار زىيىنى قانچىلىك بولىدۇ؟ ئىمان ـ ئېتىقاد بولمىسا ھاياتلىقنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، ئەركىنلىك بولمايدۇ، ياشاش پەقەت خورلۇقتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇ ئەبلەخلەر مۆئمىنلەرنىڭ جىسمىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ روھىيىتىنى قامال قىلماقچى بولغان ۋاقىتتا، ھايات ياشاش بىر خىل خورلۇققا ئايلىنىدۇ؛ ئەگەر مۆئمىنلەر بۇ ئۇلۇغ مەنانى يوققا چىقارغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ زىيىنى قانچىلىك ئېچىنىشلىق بولىدۇ؟

ئۇ ھەقىقەتەن بىر خىل ئۇلۇغ مەنا، ئىنتايىن يۈكسەك قىممەتكە ئىگە. ئۇلار بۇ يەر شارىدا داۋاملىق ياشىغان ۋاقىتتا، لاۋۇلدىغان ئوتنىڭ كۆيدۈرىشىنى ھىس قىلغان ۋاقىتتا، بۇ قىممەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ جىسمى كۆيىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇلار ئوت يالقۇنىدا پاكلىنىشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئالى قىممەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ!

ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ جەڭ مەيدانى يەر شارى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ھەمدە بۇ دۇنيا ھاياتى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، جەڭ مەيدانىدىكى تاماشىبىنلار، پەقەت بىر ئەۋلاد كىشىلەرلا ئەمەس. ئەمىلىيەتتە، ئاسمانلارمۇ زېمىندىكى بۇ ۋەقەگە

قاتنىشىپ، ئۇنى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن گۇۋاھچى بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئۆلچىمى بىلەن ئۇنى ئۆلچەيدۇ، بۇ خىل ئۆلچەم بىلەن زېمىندىكى ھەر قانداق بىر ئەۋلاد كىشىنىڭ ئۆلچىمى ئوخشىمايدۇ، زېمىندىكى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆلچىمى بىلەنمۇ ئوخشىمايدۇ. ئاسمانلاردا زېمىندىكى ئالى پەزىلەتلىك روھلاردىن تۈمەن مىلىيۇن ھەسسىلەپ بولۇپ، شۈبھىسىزكى، ئاسمانلاردىكى ماختاش ۋە شان - شەرەپ يەر شارىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق ئۆلچىمى ۋە ئاساسىدىن مۇتلەق ئەھمىيەتلىك بولۇپ، مۇتلەق توغرىدۇر!

بۇ بارلىق ئىشلاردىن كېيىن يەنە ئۇ دۇنيا بار. ۋەقەلىكنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتمايلى ياكى بىر مۆئمىننىڭ بۇ ھەقىقى ئەھۋالىنى ھېس قىلىشىدىن ئېلىپ ئېيتمايلى، ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيا ئايرىلماستىن، ئۇ دۇنيا بۇ دۇنياغا زىچ باغلانغان ھالدا ئەڭ ئاخىرقى ماكان بولىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، جەڭ ئاخىرلاشقىنى يوق، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى تېخى چىقمىدى، بۇ زېمىندىكى تاشقى كۆرۈنۈشنى ئۆلچەم قىلىپ چىقارغان ھۆكۈم توغرا ئەمەس، چۈنكى پۈتكۈل ۋەقەلىك ئىچىدىكى ئىنتايىن ئەرزىمەس ۋە ئەھمىيەتسىز بولغان تاشقى كۆرۈنۈش قىسمىنىڭ ھۆكمىدۇر.

بىرىنچى خىل قاراش بولسا نەزەر دائىرىسى تار ھەم خۇلاسە چىقىرىشقا ئالدىراقسانلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشى.

ئىككىنچى خىل قاراش بولسا قۇرئان يېتىشتۈرگەن مۆئمىنلەر ئىنتىلگەن ھەممە تەرەپكە ئېتىۋار بېرىدىغان، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولغان كۆز قاراش، چۈنكى ئۇ توغرا ئېتىقاد قارشىنى ئاساس قىلغان ھەقىقەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

شۇڭا، ئاللاھ مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىمانى، ئىتائەت قىلىشى، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشى ۋە ھاياتتىكى ئازابلارنى يېڭىشى ئۈچۈن قەلبلەرگە خاتىرجەملىك بېغىشلاشتىن ئىبارەت مۇكاپاتنى ۋەدە قىلدى،

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿الَّذِينَ آمَنُواْ وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُم بِذِكْرِ اللّهِ أَلاَ بِذِكْرِ اللّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾

**«(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.»** (سۈرە رەئد 28 -

**ئايەت )**

**﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَيَجْعَلُ لَهُمُ الرَّحْمَنُ وُدًّا﴾**

**«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھ ھەقىقەتەن ( ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ.»** ( سۈرە مەريەم 96 ـ ئايەت )

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاسماندىكى خاتىرىمۇ بايان قىلىدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ۋاپات بولغان ۋاقىتتا، ئاللاھ پەرىشتىلەرگە: «سىلەر مېنىڭ بەندەمنىڭ پەرزەنتىنىڭ جېنىنى ئالدىڭلارمۇ؟» دەيدۇ، پەرىشتىلەر «شۇنداق » دەيدۇ. ئاللاھ «سىلەر ھەقىقەتەن بەندەمنىڭ يۈرەك پارىسىنى ئېلىپ كەلدىڭلارمۇ» دەيدۇ، پەرىشتىلەر: «شۇنداق» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئاللاھ: «بەندەم نېمە دېدى» دەپ سورايدۇ، پەرىشتىلەر: «بەندەڭ سېنى مەدھىيىلىدى، ھەمدە، بىز ھەممىمىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز، دېدى» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئاللاھ: «سىلەر بەندەم ئۈچۈن جەننەتتە بىر قەسىر بىنا قىلىڭلار، ھەمدە ئۇنى «ھەمدە ئېيتقۇچىلار قەسرى» دەپ ئاتاڭلار، دەيدۇ.» (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بەندەم مېنى ئەسلىسە، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا بولىمەن، ئۇ قەلبىدە مېنى ياد ئەتسە، مەنمۇ قەلبىمدە ياد ئېتىمەن، ئۇ مېنى بىر توپ كىشىلەر ئىچىدە ياد ئەتسە، مەنمۇ ئۇنى ئۇلاردىن تېخىمۇ ياخشى بولغان جامائەت ئىچىدە ياد ئېتىمەن. ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. ئەگەر ئۇ مەن تەرەپكە مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭ تەرىپىگە يۈگرەپ بارىمەن»». (مۇسلىم ۋە بۇخارىنىڭ رىۋايىتى)

ئاسماندىكىلەرنىڭ زېمىندىكى مۆئمىنلەر ئۈچۈن پايپىتەك بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿الَّذِينَ يَحْمِلُونَ الْعَرْشَ وَمَنْ حَوْلَهُ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَيُؤْمِنُونَ بِهِ وَيَسْتَغْفِرُونَ لِلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَيْءٍ رَّحْمَةً وَعِلْمًا فَاغْفِرْ لِلَّذِينَ تَابُوا**

وَاتَّبَعُوا سَبِيلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ﴾

**«ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدە ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۆئمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.»»** (سۈرە غافىر 7 ـ ئايەت)

ئەڭ ئاخىرىدا، شەھىدلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مەڭگۈلۈك ھاياتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاء عِندَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ* فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُواْ بِهِم مِّنْ خَلْفِهِمْ أَلاَّ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ* يَسْتَبْشِرُونَ بِنِعْمَةٍ مِّنَ اللّهِ وَفَضْلٍ وَأَنَّ اللّهَ لاَ يُضِيعُ أَجْرَ الْمُؤْمِنِينَ﴾

**«ئاللاھ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ. (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇلۇپ تۇرۇلىدۇ). ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (شەھىد بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش ـ خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ. ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نېئمەت ۋە پەزلنى مۆئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى ئاللاھنىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش ـ خەۋەر بىرىشنى تىلەيدۇ. »** (سۈرە ئال ئىمران 169 ـ 171 ئايەت)

ئاللاھ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار، زالىملار ۋە گۇناھكارلارنى گەرچە بۇ دۇنيادا بەلگىلىك مۇددەتكىچە ياشاشتىن بەھرىمەن قىلسىمۇ، ئەمما ئاخىرەتتە قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلارغا مۇشۇ دۇنيادىلا جازا بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاساسلىقى يەنىلا ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئەڭ ئاخىرقى ھېسابىنى قىلىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿لاَ يَغُرَّنَّكَ تَقَلُّبُ الَّذِينَ كَفَرُواْ فِي الْبِلاَدِ* مَتَاعٌ قَلِيلٌ ثُمَّ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمِهَادُ﴾

**«كاپىرلارنىڭ ( پۇل ـ مال، ئابروي، مەرتىۋە ئىزدەش يۈزىسىدىن ) شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالدىمىسۇن. بۇ ئازغىنە بەھرىمەن بولۇشتۇر، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمە دېگەن يامان تۆشەك!»** ( سۈرە ئال ئىمران 196 ـ 197 ئايەت )

﴿وَلاَ تَحْسَبَنَّ اللّهَ غَافِلاً عَمَّا يَعْمَلُ الظَّالِمُونَ إِنَّمَا يُؤَخِّرُهُمْ لِيَوْمٍ تَشْخَصُ فِيهِ الأَبْصَارُ* مُهْطِعِينَ مُقْنِعِي رُءُوسِهِمْ لاَ يَرْتَدُّ إِلَيْهِمْ طَرْفُهُمْ وَأَفْئِدَتُهُمْ هَوَاء﴾

**«زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن، ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى ( شۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن ) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە ( يەنى قىيامەت كۈنىگىچە ) كېچىكتۈرىدۇ. ( بۇ كۈندە ) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئالغا قاراپ چاپىدۇ، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، ( تېڭىرقىغانلىقتىن ) دىللىرى ( ئەقىل ـ ئىدىراكتىن ) خالى بولۇپ قالىدۇ. »** ( سۈرە ئىبراھىم 42 ـ 43 ئايەت )

﴿فَذَرْهُمْ يَخُوضُوا وَيَلْعَبُوا حَتَّى يُلَاقُوا يَوْمَهُمُ الَّذِي يُوعَدُونَ* يَوْمَ يَخْرُجُونَ مِنَ الْأَجْدَاثِ سِرَاعًا كَأَنَّهُمْ إِلَى نُصُبٍ يُوفِضُونَ، خَاشِعَةً أَبْصَارُهُمْ تَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌ ذَلِكَ الْيَوْمُ الَّذِي كَانُوا يُوعَدُونَ﴾

**«( ئى مۇھەممەد ) ئۇلارنى قويۇۋەتكىن، ياكى ئۇلار ۋەدە قىلىنغان كۈنگە مۇلاقات بولغانغا قەدەر ( باتىلغا ) چۆمسۇن، ( دۇنياسىدا ) ئوينىسۇن. ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، خۇددى تىكلەپ قويۇلغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك ( مەھشەرگاھقا ) يۈگۈرىدۇ. ئۇلار ( ئاللاھدىن ئۈمىدسىز ) يۇقىرى قارىيالمايدۇ، ئۇلارنى خورلۇق ئورىۋالىدۇ، ئەنە شۇ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر. »** ( سۈرە مائارىج 42 ـ 44 ئايەت )

شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلار بىلەن ئاسماندىكىلەرنىڭ ھاياتى، دۇنيا بىلەن ئاخىرەت بىرلىشىپ كەتتى. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق، ئىمان ـ ئېتىقاد بىلەن زوراۋانلىق كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ

جەڭ مەيدانى پەقەت بىر ياشاۋاتقان زىمىنلا ئەمەس، بۇ دۇنيا هاياتى هاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى هالقىسى ئەمەس، ھەمدە بۇ دۇنيا هاياتى بۇ كۆرەشتە كىمنىڭ يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلىدىغانلىقىغا هۆكۈم قىلىدىغان ۋاقىتمۇ ئەمەس. ئوخشاشلا، تۇرمۇش ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق بەخت ۋە ئازاپ، ئۇ بەھرىمەن بولغان ۋە مەھرۇم بولغان ھەممە نەرسە، ھەقىقەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىممىتىنى ئۆلچىيەلمەيدۇ. ماكان ئۇقۇمى كېڭەيدى، ۋاقىت ئۇقۇمىمۇ كېڭەيدى، قىممەت ئۆلچىمىنىڭ مىزانىمۇ كېڭەيدى، مۆئمىنلەرنىڭ روهى مەنزىلىمۇ ئېچىلدى، ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشى يۈكسەلدى. يەنە بىر جەھەتتىن زىمىن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەممە نەرسە، بۇ دۇنيا هاياتى ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە نەرسە ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىدۇ، ئەمما مۆئمىنىنىڭ ئوبرازى ئۇ كۆرگەن ۋە تونۇپ يەتكەن دائىرە ۋە مەنزىلىنىڭ كېڭىيىشى ۋە يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ بارغانچە زورىيىدۇ. بۇ يەردە بىز ئورەك ئىگىلىرىنىڭ ۋەقەسىدە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يۈكسەك ئېتىقاد قارشى بەرپا قىلىش جەھەتتە، ھەقىقەتەن تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

قۇرئاندىكى سۈرە «بۇرۇج» تا بايان قىلىنغان ئورەك ئىگىلىرىنىڭ ۋەقەسى، ئىسلامى دەۋەتنىڭ ماهىيەتلىك ئالاهىدىلىكى شۇنداقلا بىر دەۋەتچى كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرغان ۋاقىتتا قانداق مەيداندا تۇرۇشقا قارىتا كۆرسەتمە بولۇپ، بىزنىڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن هالدا ئۆز خاتالىقلىرىمىز ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئىسلامى دەۋەت تارىخى بىز ئۈچۈن بىزنىڭ بۇ پىلانىمىزدا يۈز بەرگەن ھەرخىل ئىسلامى دەۋەت شەكىللىرىنىڭ ئوخشىمىغان ئاقىۋىتىنىڭ تارىخى مىساللىرىنى خاتىرلەپ بەردى.

نوھ ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋمى، هۇد ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋمى، شۇئەيب ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋمى ۋە لۇت ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئوخشىمىغان ئاقىۋەتلىرىنى خاتىرلىدى، بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سانى ئىنتايىن ئاز بولغان ئاشۇ مۆئمىنلەرنىڭ قۇتقۇزۇلغانلىقىنى بايان قىلدى، قۇرئان پەقەت ئۇلارنىڭ قۇتۇلغانلىقىنىلا تىلغا ئالدى. ئاندىن كېيىن ئاشۇ نىجاتلىققا ئېرىشكەن مۆئمىنلەرنىڭ بۇ زىمىندا ئوينىغان رولى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قايتا تىلغا ئالمىدى.

بۇ تارىخى مىساللار بىر پاكىتنى مۆئەييەنلەشتۈرۈپ بەردى، يەنى ئاللاھ

بەزى ۋاقىتتا ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ زالىملارغا مۇشۇ دۇنيا ھاياتىدىلا ئۆزىنىڭ بىر قىسىم جازاسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تېتىتىدۇ، لېكىن، ئەڭ ئاخىرقى جازا ئۇ دۇنيادا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

ئىسلامنىڭ تارقىلىشى بىزگە يەنە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قۇتقۇزۇلغانلىقىنى، ھەمدە مەلۇم بەلگىلىك دەۋىردە مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ زىمىندا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنلىكىنى، ئۇلار بۇ مەزگىلدە پۈتۈنلەي توغرا يولغا ئەمەل قىلىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنە پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ دىنى بويىچە ھايات كەچۈرۈپ ۋە ئۇنى ئەمىلىلەشتۈرمىگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدا تارىختىكى قىلمىشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىلگىرلەشلەرنىڭ بولغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ...... بۇ بىرىنچى خىل نەمۇنىلەرگە ئوخشىمايدىغان باشقا بىرخىل تېپلارنىڭ ئاقىۋىتى.

ئىسلامنىڭ تارقىلىش تارىخى بىزگە يەنە توغرا يول ۋە ئىمان - ئېتىقادنى رەت قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىققان نۇرغۇن مۇشرىكلارنىڭ ئاقىۋىتىنى، شۇنداقلا ئىمان - ئېتىقادنىڭ مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىدە مۆجىزىدەك مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۇمۇمى يۈزلۈك غەلبىگە ئېرىشكەنلىكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە، ئىنسانىيەت ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان شەكىلدە ئاللاھ كۆرسەتكەن ھايات يولى ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئىدارە قىلىشتا، تەڭداشسىز تۆھپىلەرنى ۋۇجۇتقا چىقارغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

ئوخشاشلا، ئىسلامنىڭ تارقىلىش تارىخى بىزگە خۇددى كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆرەك ئىگىلىرىنىڭ ئۇسۇلىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىزگە يەنە قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئىمان-ئېتىقاد تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن بىر قەدەر ئاز ساندىكى باشقا نەمۇنىلەرنىمۇ مىسال قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاكى ھازىرغىچە يەنىلا ئىزچىل تۇردە بىز ئۇچۇن بۇ تارىخ ئېقىنىنىڭ سىرتىدا قالماي ساقلىنىپ قالغان ئاقىۋەت ۋە تېپلارنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ.

ئىسلامنىڭ تارقىلىش تارىخىدا يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلار ئۆرەك ئىگىلىرى ۋەقەسىدىن ئىبارەت بۇ شەكىلدىن ئۇنىڭغا ياكى يېقىن ياكى يىراق

شەكىللەر ئارىسىغىچە بولغان ئەگىرى توقاي جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تارىخ مۆئمىنلەرنىڭ قۇتقۇزۇلماي قالمايدىغانلىقى، كۇففارلارنىڭ جازالانماي قالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ شەكىلدىن خالى بولالمىدى، ئۇنىڭدىكى مەخسەت بۇ چۇشەنچىنى مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش. (ئىسلام دەۋەتچىلىرى ئاللاھنىڭ يولىغا يۈزلىنىش جەريانىدا بۇ خىل ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولىدۇ)، ئۇلارغا ئۇلار بىلەن ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئىمان - ئېتىقادنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ پەقەت ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش!

ئۇلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى، ئاندىن كېيىن بىخىرامان هالدا بۇ دۇنيادىن ئايرىلىش! ئۇلارنىڭ بۇرچى ئاللاھنىڭ يولىنى تاللاپ، ئىمان - ئېتىقادنى هاياتلىقتىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ئىمان - ئېتىقاد بىلەن زىيانكەشلىك ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ئوي - پىكرى ۋە ئەمەللىرى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پەقەت ئاللاھ رازىلىقىنىلا كۆزلەش! ئاندىن كېيىن ھەممىنى ئاللاھقىلا تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرى ۋە دۈشمەنلىرى ئارىسىدا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىش، خۇددى ئاللاھ ئۆزىنىڭ دىنى ۋە ئىسلامنىڭ تارقىلىشىغا قانداق ھۆكۈم قىلىشنى ئىرادە قىلسا شۇنداق ھۆكۈم قىلغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارنى ئىسلام تارىخىغا تونۇشلۇق بولغان ئاشۇ ئاقىۋەتلەر ئىچىدىكى ھەر قانداق بىر خىل ئاقىۋەتكە يۈزلەندۈرۈش، ياكى ئۇلارنى ئاللاھ ئىرادە قىلغان (ھىكمىتىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدىغان)، باشقا ھەرقانداق بىرخىل ئاقىۋەتكە يۈزلەندۈرۈش.

ئۇلار ئاللاھنىڭ قۇللىرى، قانداق ۋاقىت، قانداق جايدا بولۇشتىن قەتئىي نەزەر، ئاللاھ قانداق ئىرادە قىلسا، ئۇلار شۇنداق ئەمەل قىلىدۇ، پەقەت ئۇلار ئەمەل قىلىدىكەن، ئاللاھ بەلگىلىگەن مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ! ئۇلار ئىسلامنىڭ تارقىلىشىدا بىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىتى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ خوجايىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ قۇللىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق!

ئالدى بىلەن ۋەزىيەتنىڭ قانچىلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ مۆئمىنلەر خاتىرجەم قەلبكە، ئالى تۇيغۇلارغا، ئەۋزەل دۇنيا قاراشقا ئىگە بولۇپ، بۇ دۇنيانىڭ بارلىق بۇيۇنتۇرۇقلىرى ۋە ئۇنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچلىرىدىن ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، قورقۇنچ ۋە ئەنسىزلىكتىن ئازات

بولدى.

ئىككىنچىدىن، ئۇ مۆئمىنلەر بۇ ئەرزىمەس دۇنيادا ياشاۋاتقان ۋاقىتتا، ئاللىقاچان ئاسمان ئەھلىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇ دۇنيادا، ئۇلار پەقەت ئاسان ھېساپ بېرىپ كاتتا نېئمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

بۇلارغا ھەمراھ بولىدىغىنى، يەنى ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئاللاھنىڭ رازىلىقى بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ تەقدىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تاللاپ چىقىلغان قۇراللار بولۇپ، ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنىڭ كۆرۈنۈشى بولدى، ئاللاھ ئۇلار ئارقىلىق بۇ زىمىندا ئۆزى ئىرادە قىلغان ھەممىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، قۇرئانچە تەربىيلەش بۇ بىر ئەۋلاد تاللانغان دەسلەپكى دەۋردىكى مۇسۇلمانلارنى بۇ تۇنۇشنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئۆز مەنپەئىتىنىڭ چىرمىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ باغلىنىشىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئاللاھنىڭ ئالدىدا قۇللۇق سالاھىيىتى بىلەن خىزمەت قىلىش، ھەرقانداق ۋەزىيەت، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھنىڭ يولىنى تاللاشتا ھەقىقى رازىمەنلىكىنى نامايەن قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەربىيلەش ئۇسۇلى بىلەن قۇرئاننىڭ يېتەكچىلىكى ئۆز ئارا ماس بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قەلبى ۋە نەزىرىنى جەننەتكە تۇتىشىشقا يېتەكلىدى، ئۇلارنىڭ تاللانغانلىقى ھەم مەسئۇلىيىتىنى ئۇستىگە ئېلىشتا سەۋرى قىلىشقا يېتەكلىدى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇلار ئۈچۈن دۇنيا - ئاخىرەتلىك داغدام يول ئېچىپ بەردى.

پەيغەمبىرىمىز ئەممار ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) مەككىدە قاتتىق قىيناش ۋە زىيانكەشلىككە دۇچار بولغان ۋاقىتتا، ئۇلارغا پەقەت: ياسىر ئائىلىسى، سەۋرى قىلىڭلار! سىلەر چۇقۇم جەننەتتە ئۇچىرىشىسىلەر (يەنى ئاللاھ سىلەرگە جەننەتنى ۋەدە قىلدى) دېگەن بىر جۈملە سۆزنىلا قىلدى.

خەببابنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: « بىز رەسۇلۇللاھقا دەرد ئېيتتۇق، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ كەئبىنىڭ سايىسىدا يەكتىكىنى بېشىغا قويۇپ ئارام ئېلىۋاتاتتى. بىز ئۇنىڭغا: بىز ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلغىن! ياكى بىز

ئۇچۇن دۇئا قىلغىن! دېدۇق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ئىلگىركى مۆئمىنلەر ئۇلار ئۈچۈن كولانغان كاتەكلەرگە تاشلىنىپ، ئاندىن كېيىن ھەرە بىلەن بېشىدىن تارتىپ ھەرىدەپ تېنىنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىلگەن، تۆمۈر تارغاقلار بىلەن تاكى گۆشلىرى ئۇستىخىنىدىن ئايرىلغىچە تارالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى دىنىدىن ۋاز كەچتۇرەلمىگەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ چوقۇم بىزگە نېئمەتلىرىنى زىيادە قىلىپ بېرىدۇ، دىنىنى ئۇستۇنلىككە ئىگە قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا بىر ئادەم ئۆزى يالغۇز ھالدا سەنئادىن ھەۋزىمەۋتكە تىنىچ-ئامان سەپەر قىلىدۇ. ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ، ھەتتا بۆرە قويغا قېتىپ قالسىمۇ قورقۇنچ ھىس قىلمايدۇ، لېكىن سىلەر ئالدىراپ كېلىۋاتىسىلەر! دەپ جاۋاپ بەردى.»

ھەر بىر ۋەقە، ھەر بىر خىل ئەھۋالنىڭ ئارقىسىدا، ئاللاھنىڭ مۇكەممەل قانۇنىيتى بار. كائىناتنىڭ لايىھىلىگۈچىسى، كائىناتتىكى بارلىق سىرلارنى بىلگۈچى، كائىناتتىكى بارلىق ئۆزگۈرۈش ۋە ئۇنىڭ باغلىنىشلىرىنى ماسلاشتۇرغۇچى بولغان زات، ئۆزىنىڭ ھېكمىتىدە ساقلانغان مۇكەممەل قانۇنىيەتلەرنى ئەڭ ئۇبدان بىلىدۇ، چۈنكى بۇ قانۇنىيەتلەر ئۆزىنىڭ ئۆزۈن تەرەققىيات جەريانىدا ھامان ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلايدۇ.

بەزى ۋاقىتتا، بىر نەچچە ئەسىر، بىر نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر ئۆتكەندىن كېيىن، مەلۇم ۋەقەنىڭ قانۇنىيتى ئاندىن كىشىلەر تەرىپىدىن ئېچىلىدۇ، لېكىن ۋەقە يۈز بەرگەن ئەينى ۋاقىتتا، كىشىلەر ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىكى ھېكمەتنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ. ھەتتا بەزىلەر «نىمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىشى، « پەرۋەردىگارىم! نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىش يۈز بېرىدۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. ئەمىلىيەتتە، بۇنداق سوراش بىلىمسىزلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، مۆئمىن بۇنىڭدىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى ئۇ باشلىنىشتىنلا ھەر بىر تەقدىر قىلىنغان ۋەقەنىڭ ئارقىسىدا، بىر خىل قانۇنىيەتنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ، دەرۋەقە، كۆكسى-قارنىنىڭ شەخسىيەتچىلىكتىن خالى ھالدا كەڭلىكى، زامان، ماكان، قىممەت ۋە ئۆلچەم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، باشلىنىشتىنلا مۆئمىنگە بۇ مەسىلىلەرنى ئويلىنىشنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى، پەقەت تەقدىر چاقىغا ئەگىشىپ خاتىرجەم ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ لازىملىقىنى ھىس قىلدۇرىدۇ.

قۇرئان ئاللاھنىڭ تاپشۇرمىلىرىنى ئۇستىگە ئالالايدىغان قەلبلەرنى ۋۇجۇتقا

كەلتۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. بۇ قەلبلەر قەيسەر، ھەممىنى بويسۇندۇرالايدىغان، پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرەلەيدىغان، شۇنىڭ بىلەن ھەممىنى تەقدىم قىلالايدىغان، ھەممىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، ھەمدە بۇ دۇنيانىڭ ھەرقانداق نەرسىسىنى قوغلاشمايدىغان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى پەقەتلا ئۇ دۇنيا، ئۇنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى پەقەتلا ئاللاھنىڭ رازىلىقى، بۇ قەلبلەر جاپا-مۇشەققەتلىك، ھەممە نەرسىسى تارتىۋېلىنغان ھاياتنى ئۆتكۈزۈشكە، ئازار-كۈلپەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشكە، تاكى شېھىد بولغىچە ھاياتىنى تەقدىم قىلىشقا تەييارلىق قىلغان، ئىسلامى دەۋەتنىڭ مۇۋەپپىقىيىتى، ئىسلامنىڭ ئۈستۈنلىكى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غەلبىسى، ياكى ئاللاھ ئىلگىركى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلارنى جازالىغاندەك زالىملارنى قاتتىق جازالاپ، ئۇلارنى ھالاك قىلغان تەقدىردىمۇ، كۆز ئالدىدىكى مۇكاپاتقا ئىنتىلمەسلىككە تەييارلىق قىلغان.

تاكى قۇرئان مۇشۇنداق قەلبلەرنى ۋۇجۇتقا چىقارغان ۋاقىتتا (بۇ قەلب ئىگىلىرى بۇ زېمىندىكى ھاياتىدا پەقەت تەقدىم قىلىشنى بىلىدۇ ئەمما ھەرقانداق نەرسە سورىمايدۇ، پەقەت ئۇ دۇنيانى كۈتىدۇ، ئۇ دۇنيانى ھەقىقەت بىلەن ساختىلىقتا ھۆكۈم قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىت دەپ تونۇيدۇ، تاكى قۇرئان مۇشۇنداق قەلبلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ھەقىقى قەسىمى ۋە زېمىنسىگە ئالغان مەسئۇلىيەتنى سىناپ تۇرىدۇ.) ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم ئاتا قىلىپ، ئۇلارغا تاپشۇرمىلارنى تاپشۇرىدۇ، لېكىن بۇ ياردەم ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز شەخسىيىتىگە خاس بولماستىن، بەلكى ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئىلاھى تۈرمۈش يولىنىڭ ھاۋالىسىنى ئورۇنلاپ، ئەمىللەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش، مۆئمىنىنىڭ بۇ دۇنيادا ئېھتىياجلىق بولغان مەلۇم خىل شەخسى مەنپەئىتىگە ئىگە بولۇش ئەھدىسى بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇمۇ مەلۇم خىل مۇكاپاتنىڭ ئۇنىڭغا بېرىلگەن بۇ دۇنيالىق مەنپەئەت بولۇشىنى قوغلاشمايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا، ئۇ ھەممە نەرسىنى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھقا تاپشۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىلىدىغان مۇكاپاتى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى.

ياردەم تىلغا ئېلىنغان، غەنىيمەتلەر تىلغا ئېلىنغان، مۆئمىنلەرنىڭ زېمىندا مۇشرىكلار ئۈستىدىن غەلبە قىلىشى ھەققىدىكى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسى مەدىنىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن

بارلىق ئىشلاردىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىش. بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى مۆئمىنلەرنىڭ پىلانىنىڭ سىرتىدا، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ئىنتىلىشلىرىنىڭ سىرتىدا يۈز بەردى. ياردەمنىڭ ئەسلى كېلىشى ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ، بۇ ھايات يولىنى ئىنسانلار تۇرمۇشىدا ئەمەلىي نامايان قىلىش، ئۇنى مەلۇم خىل ئالاھىدە شەكىلدە ئەمەللەشتۈرۈش، كىشىلەرنى ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا ئۇنى ئۆلگە قىلىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرگىزمۇ مۆئمىنلەر بەرداشلىق بەرگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەر، قۇربان بېرىشلەر ۋە ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ مۇكاپاتى بولماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ تەقدىرى ئىچىدىكى بىر ھالقا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مول قانۇنىيەتلەر بار. ئۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە پايدىلىنىشىمىزنى تەمىن ئېتىدۇ! پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام دەۋەتچىلىرى ھەر ۋاقىت بۇ نوقتا ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر قىلىشى لازىم، بۇ نوقتا ئۇلارنىڭ يول بەلگىلىرىنى قەتئىي ئېنىق كۆرۈۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماستىن نەتىجىگە قاراپ قەتئىي ئالغا ئىلگىرلىگەن كىشىلەرنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ تەقدىرى ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەسەتلەر بىلەن تولغان، قان پۈراپ تۇرغان يوللاردا ئالغا ئىلگىرلىگەن ۋاقىتتا، بۇ دۇنيادىكى غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتلەرگە، شۇنداقلا ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق ئارىسىدىكى ھۆكۈملەرگە ئېتىۋار قىلىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ ئۇلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دىنى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشىدا نەتىجە ۋۇجۇتقا چىقارماقچى بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئاللاھ ئۆز ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئازاپ ـ ئوقۇبەت ۋە قۇربان بېرىشلەرنىڭ مۇكاپاتى ئەمەس، ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس!

بۇ دۇنيا مۇكاپاتلاش سورۇنى ئەمەس، بەلكى ماھىيەتتە، ئۇ پەقەت ئاللاھ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم قۇللىرىنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىلاھى ھايات يولى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئۇلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەلۇم ۋەقەگە قارىتا ئىرادىسىنى ئورۇنلاش ئۆز تەقدىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ شەرەپلىك تاللاش، ئۇلارغا نىسپەتەن ئېيتقاندا ئاللىقاچان يېتەرلىك بولۇپ، بۇ تاللاش ئالدىدا بۇ دۇنيا ھاياتى ئەرزىمەس ھەم قىممىتى يوق كۆرۈنىدۇ، دۇنيادىكى بارلىق ئازاپ ـ ئوقۇبەت ۋە بالايى ـ ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسى غايىپ بولىدۇ.

بۇندىن باشقا يەنە بىر ھەقىقەت بولۇپ، ئۇرەك ئىگىلىرى ھەققىدىكى ۋەقەدە ئاللاھ قۇرئاندا بۇنىڭغا ئىنىق كۆرسەتمە بەردى:

**«......ئۇلار مۆئمىنلەرنى پەقەت غالىپ، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھغا ئىمان ئېيتقىنلىقى ئۈچۈنلا يامان كۆردى...»**

بۇ ھەقتىكى ئەھۋال ھەر زامان ھەر ماكاندىكى ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ ئويلىنىشىغا ئەرزىيدۇ.

ماھىيەتتە، مۆئمىنلەر بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش، ئىمان-ئېتىقاد كۆرىشى بولۇپ، ھەرگىزمۇ باشقىنى مەخسەت قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى پەقەت ئۇلارنىڭ ئىمانىغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا ئاچچىقى كېلىدۇ.

ئۇ سىياسى كۆرەش ئەمەس، ئىقتىسادى كۆرەشمۇ ئەمەس، ئىرقى كۆرەش ئېخىمۇ ئەمەس. ئەگەر ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بولغان بولسا، بۇ كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇش ئاسان بولاتتى، بۇ قىيىن مەسىلە ئاسان ھەل بولاتتى. لېكىن ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئېتىقاد قىلىش ياكى ئېتىقاد قىلماسلىق، ئىسلام ياكى جاھالەتپەرەسلىكتىن ئىبارەت بىر مەيدان ئېتىقاد كۆرىشىدىن ئىبارەت.

ئەينى ۋاقىتتا، مۇشرىكلارنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىدە رەسۇلۇللاھقا پۇل-مال، ھاكىمىيەت ۋە بارلىق ھوزۇر-ھالاۋەتكە پەقەت بىرلا نەرسىنى تېگىشىش تەكلىپىنى بەردى، ئۇ بولسىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئېتىقاد كۆرىشىدىن ۋاز كېچىشى ئىدى، ئەگەردە رەسۇلۇللاھ ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ ( ئەمىلىيەتتە بۇ مۇمكىن ئەمەس!) بۇ ئىشتا ئۇلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپى بويىچە قىلغان بولسا، رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ھەرگىز يۈز بەرمىگەن بولاتتى!

ئۇ ھەقىقەتەن ئىمان-ئېتىقاد جەھەتتىكى ئىش، ئىمان-ئېتىقاد جەھەتتىكى كۆرەش.... مۆئمىنلەر قانداق ماكان قانداق زاماندا بولىشىدىن قەتئى نەزەر ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىگە دۈچ كەلگەن ۋاقىتتا بۇ نوقتىغا قەتئى ئىشىنىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشىدىكى بىردىن بىر سەۋەب ئىمان-ئېتىقاد. ئۇلارنىڭ ھەممىگە قادىر، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھقا ئىشەنگەنلىكى، چىن قەلبىدىن بويسۇنغانلىقى، ئىتائەت قىلغانلىقى.

مۆئمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرى بۇ مەيدان كۆرەشتە بەلكىم غەيرى ئېتىقاد

بايرىقىنى تىكلىشى مۇمكىن، مەسىلەن: ئىقتىسادى بايراق، سىياسى بايراق ياكى ئىرق بايرىقى ئارقىلىق مۆئمىنلەرنىڭ ئېلىپ بارغان كۆرىشىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئىمان مەشئىلىنى ئۆچۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، ئۇنداقتا، مۆئمىنلەر يەنە ئالدانماسلىقى كېرەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىماسىغا قىلىنغان بۇ زىيانكەشلىكنىڭ ئالدىنى پىلانلانغان سۈيقەست ۋە ھىيلە-مىكىر ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىشى لازىم. كۆرەشنىڭ بايرىقىنى ئۆزگەرتىدىغان كىشىلەر پەقەت مۆئمىنلەرنى مۇۋەپپىقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان ھەقىقى قۇرالدىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولغان بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت ئۇسۇلىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئى نەزەر، ئۇرەك ئىگىلىرى ۋەقەسىدىكى مۆئمىنلەرنىڭ روھىنىڭ ئەركىن يۈكسىلىش شەكلىدە بولسۇن ياكى بىرىنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن روشەن غەلىبىگە ئېرىشىش شەكلىدە بولسۇن، ئىمان-ئېتىقاد ئوخشاشلا روھىنىڭ يۈكسىلىشىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە بىز ئەھلى سەلىپ قوشۇنى خىرىستىيان دۇنياسىنىڭ بىزنىڭ بايرىقىمىزنىڭ ئوبرازىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغان ئەمىلى مىساللارنى كۆرىۋاتىمىز.

ئۇلار بىزنى ئالداپ، بىزگە كۆرەشنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇنتۇلدۇرماقچى بولىدۇ، ئۇلار تارىخنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ باشلىنىشى دەۋالىدۇ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! ماھىيەتتە، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، خىرىستىيانلار مەدەنىيەت جەھەتتە ئىسلامنى ۋەيران قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىگەن ۋاقىتتا، كېيىن مۇستەملىكىچىلىكنىڭ باھانىسى بىلەن ئۇرۇش قوزغاپ ئۆزلىرىنىڭ ئەھلى سەلىپ قوشۇنى روھىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ياپماقچى بولىدۇ، ئۇ ئەھلى سەلىپنىڭ تاجاۋۇزى، ئوخشىمىغان ئىرقىقا تەۋە مۇسۇلمان قوماندانلىرى ( كورد مىللىتىدىن سالاھىددىن، مەملۇك مىللىتىدىن تۇران...لار) نىڭ قايتارما ھۇجۇمى ئاستىدا، ئىمان-ئېتىقادنىڭ مۇستەھكەم ئۇيۇل تېشىغا ئۇسۇپ تېرە-پىرەن بولدى. چۈنكى ئۇ ئاشۇ ئوخشىمىغان ئىرقىقا تەۋە كىشىلەرنىڭ مىللەتچىلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئىمان-ئېتىقادنى ئېسىدە چىڭ تۇتقانلىقىدىن، ئىمان-ئېتىقاد تۇغى ئاستىدا غەلىبىگە ئېرىشتى!

**«...ئۇلار مۆئمىنلەرنى پەقەت غالىپ، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھقا ئىمان**

ئېيتقانلىقلىرى ئۇچۇنلا يامان كۆردى...»

ئۇلۇغ ئاللاھ ھەقىقەتەن راست ئېيتتى. ئەمما ئۇ پەسكەش بۇزغۇنچىلار ۋە ئالدامچىلارنىڭ ھەممىسى يالغانچى نومۇسسىزلاردۇر!